# مۇقام پېشۋالىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇقام پېشۋالىرى

تۈزگۈچى: ئابدۇكېرىم راخمان

نەشرگە ئۇيۇشتۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



قەشقەر «مىللەتلەر باغچىسى» ناملىق سەنئەت
ئۆمىكىنىڭ سەنئەتچىلىرى 1937-يىلى



خوتەننىڭ مۇقامچى مەتتۇردى
ئاخۇن ئاكا



داڭلىق دولان مۇقامچىسى
ئاۋۇت مۇسا





# ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتىغا دائىر كىتابلار تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى

**تۆمۈر داۋامەت** (ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى)

**مىجىت ناسىر** (كاندىدات تەتقىقاتچى)

**مەھەممەتئىمىن يۇسۇپ** (تەتقىقاتچى)

**مەھەممەت ئىسمائىل** (ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى)

**ئابدۇرېھىم رەجەپ** (دوتسېنت)

**ئوبۇل ئىسلام** (ئالىي مۇھەررىر)

**جاڭ خۇڭچاۋ** (كاندىدات تەتقىقاتچى)

**قەييۇم تۇردى** (1-دەرىجىلىك يازغۇچى)

**ئىمىن تۇرسۇن** (ئالىي مۇھەررىر)

**شەرىپىدىن ئۆمەر** (پروفېسسور)

**مۇھەممەت زۇنۇن** (پروفېسسور)

**مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن** (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

**لىيۇبىڭ** (تەتقىقاتچى)

**مۇھەممەتئېلى زۇنۇن** (1-دەرىجىلىك دراماتورگ)

**مەتروزى تۇرسۇن** (1-دەرىجىلىك كومپوزىتور)

**جوجى** (تەتقىقاتچى)

# قسقچه مەزمۇنى

ئۇيغۇرلار قەدىمي، ئۇزاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسگە ئىگە بىر مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئەنە شۇ تارىخىي تۆھپىلىرىنىڭ يارقىن نەمۇنىسى — ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى بىباھا گۆھەر، شۇنداقلا ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەڭ يارقىن، ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ خاراكتېرلىك مىللىي خۇسۇسىيەتنى، مىللىي ئىستېتىك پسىخولوگىيىسىنى نامايەن قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇنى قەدىمدىن كېلىۋاتقان بىر كۈيلەرنىڭ ئەنئەنىۋي ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا راۋاج تاپقان بىر يۈرۈش ناخشا-مۇزىكىلار: شۇنداقلا قەدىمكى كۈسەن (كۇچا)، سولى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن)، قۇجۇ (تۇرپان)، ئۆتۈرغول (قۇمۇل) نەغمە-كۈيلىرى ۋە دولان ناخشا-مۇزىكىلىرىنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىدىن ھاسىل بولغان دېيىشكە بولىدۇ...

مۇقام ئاتالغۇسى ئۆزىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك مەنبەسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەلۇم سىستېمىغا سېلىنغان مۇزىكا مۇجەسسەمىنى بىلدۈرىدىغان خاس نام، ئون ئىككى مۇقامنىڭ بۇنداق تۈزۈلۈش نامىلىرى ئەل فارابى، ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا، ئەلىشىر نەۋائى، قىدىرخان يەركەندى، مەلىكە ئامانىسا ۋە تۇردى ئاخۇن ئاكا قاتارلىق مەشھۇر مۇزىكا ئۇستازلىرىمىزنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كۆپلىگەن مۇقامچىلارنىڭ قېزىشى، توپلىشى ۋە رەتلىشى بىلەن ھازىرقى ھالەتتە قېلىپلاشتۇرۇلغان. شۇڭا دۇنيا سەنئەت تارىخي

ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنى، راھەت ۋە جاپاسىنى، خۇشاللىق ۋە خاپىلىقىنى، ئارزۇ ۋە ئارمانلىرىنى ئىپادىلىگەن.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەلنەغمە سەنئىتى ئاساسىدا شەكىللىنىپ، بۈگۈنكىدەك كامالەتكە يېتىش جەريانىنى مۇنداق بىر قانچە باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن:

1-دەسلەپكى باسقۇچ — يەنى، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىردىن تاكى قاراخانىيلار دەۋرىگىچە بولغان يۈرۈشلەشكەن ئەلنەغمىچىلىك دەۋرى. بۇ دەۋردە تەڭرىتاغ، پامىر، كۇئېنلۇن، قارا قۇرۇم، ئالتۇنتاغ باغرىدىكى بوستانلىقلاردا ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتى گۈللەپ-ياشناشقا باشلىغان؛ كۇسەن (كۇچار)، سولى (قەشقەر)، دولان (يەكەن دەرياسى ۋادىسى)، ئۇدۇن (خوتەن)، رورەن (لوپنۇر) ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەلنەغمىچىلىك تەرەققىياتى تارىختا شۆھرەتكە ئىگە بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتى شۇ چاغلاردا غەربىي دىيار دائىرىسىدە نام چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سەنئىتىگىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. يازما مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا خوتەننىڭ «ئۇدۇن نەغمىسى» خەن ئوردىسىغا مەلۇم بولغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا جاڭ چيەن قۇمۇلنىڭ «باھادۇر» كۈيىنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان، لى يەننەن بۇ چوڭ كۈيدىن پايدىلىنىپ 28 نەغمە ئىشلىگەن.

مىلادى 568-يىلى تۈرك قاغانى مۇغانخاننىڭ قىزى ئاسىنا مەلىكە ياتلىق بولغان شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئىمپىراتورى يۈي ۋېنۋاڭ كۇسەنلىك مەشھۇر كۈيشۇناس سۇجۇپنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپلىگەن مۇزىكا-ئۇسسۇل ماھىرلىرىنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن سۇجۇپنىڭ «ئون ئىككى تېمپىراتسىيىلىك كۈي قانۇنى» سۈي-تاڭ مۇزىكىسىنىڭ ئۇلى بولۇپ قالغان. ھەتتا

ياپونىيىلىك ئالىم لىن چيەنشەن ئەپەندى ئېيتقاندەك، سۇجۇپىنىڭ «ئون ئىككى تېمپىراتسىيىلىك كۈي قانۇنى» جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىدا مىسلىسىز يېڭىلىق كەيپىياتى پەيدا قىلىپ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا ياپونىيە مۇزىكىلىرىغا تەدرىجىي تەسىر كۆرسەتكەن. سۇجۇپ بىلەن بىللە چاڭئەنگە كەلگەن كۇچارلىق مۇزىكانت بەي مىندا (ئارقاي ھاندا) مۇ ئاتاغلىق كۈيشۇناس بولۇپ، ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىتىشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئەينى زاماندا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەن ۋاڭ يەندى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۇچۇر بېرىشىچە، ئىدىقۇت ئوردىلىرىدا مەخسۇس ئوردا مۇزىكىلىرى بولغان. كېيىنچە، بۇ ئوردا مۇزىكىلىرى خەلق مەشرەپ مۇقاملىرىغا ئۆزگىرىپ، دەسلەپكى ئىدىقۇت مۇقاملىرى ۋە قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن يولداش ماۋزېدۇڭ سۈي-تاڭ مۇزىكا تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ: «سۈي سۇلالىسىنىڭ توققۇز نەغمىسىنىڭ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئون نەغمىسىنىڭ تولىسى غەربىي رايون نەغمىلىرى» ئە-دى، دېگەن (ماۋزېدۇڭ: «مۇزىكا خادىملىرى بىلەن سۆھبەت»).

دېمەك، ئاشۇ دەۋرلەردە گۈللەنگەن ئۇيغۇر ئەلنەغمىچىلىكى ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن ئالغان ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق مەنبەلەرنىڭ بىرى بولغان.

2- باسقۇچ — قاراخانىيلار دەۋرى. بۇ مەزگىل ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتلەردە زور تەرەققىي قىلغان بىر دەۋرى بولۇش بىلەن بىللە، مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە خېلى بۇرۇنلا داڭقى چىققان ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئەلنەغمىچىلىكى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن راۋاجلىنىپ، يېڭىچە ئىسلام روھى سىڭدۈرۈلگەن بىر قېتىملىق زور ئىسلاھاتقا دۇچ كەلدى. بۇ تارىخىي ئۇچرىشىشنىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى مۇقەررەر نەتىجىلىرى بۈيۈك ئالىم ۋە

مۇزىكشۇناس ئەبۇ نەسىر ئەل فارابىنىڭ « كىتابۇل مۇسىقۇل كەبىر » ، « كىتابۇل مۇسىقۇل سەغىر » قاتارلىق مۇزىكا نەزەرىيىسىگە ئائىت ئەسەرلىرىدە كامالەت تاپتى. ئىبنى سىنا (1037-980) مۇ فارابى مۇزىكا تەلىماتلىرى ئاساسىدا ئون ئىككى تېمپىراتسىيە (ئون ئىككى پەردە) ھەققىدە توختالدى. شۇنىڭ بىلەن پەرقلىق ئاۋازلار (لاد) قاتارلىق ئون ئىككى پەردە (مۇقام)گە ئايرىش، غەربىي دىيارنىڭ ئەينى زاماندىكى ئون ئىككى تېمپىراتسىيلىك نەغمە-كۈيلىرى-نى ئون ئىككى مۇقام بويىچە بۆلەككە ئايرىپ، ئۇنى پەرقلىق ناملار بىلەن ئاتاش روياپقا چىقتى. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار سىستېمىلاشقان نەغمە-كۈيلىرىنىڭ نامىنى ئەرەبچە « مۇقام » ئىبارىسى بىلەن ئاتىدى. تېخى نەغمە-كۈيلىرىنى يۇرۇشلەشتۇرۇشكە ئۈلگۈرمىگەن پارسلار، ھىندىلار ۋە ئەرەبلەر ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۈلگىسىدە فارابى ۋە ئىبنى سىنا قاتارلىقلارنىڭ مۇزىكا نەزەرىيىلىرى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ مۇزىكىلىق ئەسەرلىرىنى تۈزۈشكە كىرىشتى.

بۇ دەۋردە يەنە فارابى، ئىبنى سىنا مۇزىكا نەزەرىيىلىرى ئاساسىدا، مۇھەممەت ئىبنى مۇسا ئەل خارەزمى، ئەررازى، مۇھەممەت بىن مەسئۇد ئەش شىرازى (1310 — 1236)، سەيىددىن ئابدۇلمۆمىن ئەل ئورماۋى (ۋاپاتى 1294-يىل) قاتارلىق ئالىملارمۇ مۇزىكا ھەققىدە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان.

بۇ دەۋردە قاراخانىيلار زامانىسىدىكى شەرقىي قىسىم رايونىنىڭ بۇددا مەدەنىيىتى بىلەن غەربىي قىسىم رايونىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى ئۆزئارا قوشۇلۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك بىرلىككە كېلىپ، ئىسلامىيەتنى بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئەسلىدە بىر تۇتاش ئاتاپ كېلىۋاتقان كۇسەن مۇزىكىسى، سولى مۇزىكىسى، ئۇدۇن مۇزىكىسى، ئىدىقۇت مۇزىكىسى، ئىۋىرغول مۇزىكىسى قاتارلىق يۇرۇشلەشكەن نەغمە-كۈي نامىلىرىنىڭ ئورنىغا « مۇقام » ئاتالغۇسىنى قوللىنىش تەكرى تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ئومۇملاشتى، شۇنداقلا ئون ئىككى مۇقام تەركىبىدىكى بەزى مۇقاملارنىڭ ناملىرى ئەرەب-پارس تىللىرى بىلەن ئاتالدى.

ئەمما يەرلىك مۇقاملار، مەسلەن، دەۋر دولان مۇقامى ۋە قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا ئۇيغۇرچە ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلدى.

قىسقىسى، بۇ دەۋر قاراخانىيلارنىڭ گۈللەنگەن مەدەنىيەت خاسىيىتى بىلەن جانلانغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەرەققىياتىنىڭ 2- باسقۇچى — سىنكرىتلىشىش باسقۇچىنى گەۋدىلەندۇردى.

3- باسقۇچ — تۆمۈرىيلەر دەۋرى (ئەلىشىر نەۋائىي — 1441-1501 — دەۋرى). فارابى، ئىبنى سىنا باشلىغان ئىسلام روھى سىڭدۈرۈلگەن مۇقام ھادىسىسى ئۇلۇغبەگ زامانىسى (1394-1449) دىن كېيىن بىر بالداق يۇقىرى كۆتىرىلدى. بولۇپمۇ بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىي دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزى ھىراتقا يۆتكىلىپ، ھەر قايسى جايلاردىكى داڭلىق سەنئەتكارلار نەۋائىي ئەتراپىغا توپلاندى.

نەۋائىي بۇ دەۋردە ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى، ئىجادىيىتى ۋە تالانتىنى ئىنسانىنىڭ بەخت-سائادىتىگە، ئىلىم-پەن ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىغا بېغىشلىدى. بولۇپمۇ ئۇ مۇزىكا ساھەسىدە ئۇستازى ئابدۇراھمان جامى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق مۇزىكا ئۇستازلىرىنى، ئىقتىدارلىق سازەندىلەرنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالدى. ئۇ مۇزىكا نەزەرىيىسى ھەققىدە «مەھبۇبول قۇلۇپ»، «مەجالسۇن نەفايىس»، «خەمسەتول مۇتەھەييىرىن»، «ھالەتى پەھلىۋان مۇھەممەت» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن بىللە، بەزى مۇقاملارنى ئىجادىي راۋاجلاندۇردى ۋە مۇقامنىڭ بەزى تېكىستلىرىنى يېڭىلىدى. بۇ دەۋردە يەنە نەۋائىي بىلەن بىللە خوجا يۇسۇپ بۇرھانى (نەۋائىنىڭ مۇزىكا ئۇستازى)، بىنايى، مۇھەممەت ئىلى غېرىبى، مەۋلانا شەيخى، پەھلىۋان مۇھەممەت، خوجا ئابدۇللا قاتارلىق مەشھۇر مۇزىكشۇناسلار ھەمدە نەۋائىنىڭ شاگىرتلىرىدىن ھەسەن نەيچى، ئەھمەت غىجەكچى، كوچەك تەمبۇرچى، ھەسەن بارلىبانچى، مىرزا بايرام،

غىياسىدىن قاتارلىق مۇقامچىلار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن فارابى دەۋرىدە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى يەنىمۇ راۋاج تېپىپ، كلاسسىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولدى.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، «فارابى تېپى» ياكى «نەۋائى تېپى» دەپ خاراكتېرلەنگەن مۇقام تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرىقى باسقۇچلىرىدا مۇقاملارنىڭ نامى مۆجىزى ئاتاپ ئۆتكەندەك «راك»، «ئۇششاق»، «ئۆزھال»، «چۆل ئىراق»، «ئەجەم»، «ناۋا»، «ۋىسال»، «چاھار زەرپ»، «چارىگاھ»، «دوگاھ»، «پەنجىگاھ»، «مۇشاۋىرەك»، «بەيادەك»، «سىگاھ»، «بايات»، «ئىشرەت ئەنگىز» دىن ئىبارەت ئون ئالتە مۇقامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ناملار ھازىرقىدەك يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن، ھەر بىر قىسمى بىر قانچىلىغان نەغمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ تىپتىكى مۇزىكا مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى ئېيتىپ كەتسە بىر نەچچە مەرغۇلى بولغان بىر يەككە نەغمە مەنىسىدە تىلغا ئېلىنغان.

4-باسقۇچ — يەركەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى باسقۇچى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر كلاسسىك مۇقاملىرى چوڭ گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. بۇ باسقۇچ خۇددى ئۈچىبۇلۇڭنىڭ چوققىسىدەك، مۇقام تارىخىنىڭ يېڭى تەرەققىيات سەلتەنىتى بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بۇ تەرەققىيات تېپىغا يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2-سۇلتانى ئابدۇرەشىدخان (1510—1570) ئوردىسىدىكى قىدىرخان (1571 — ?) بىلەن مەلىكە ئامانىسا (1534—1568) ۋەكىللىك قىلدۇ. قىدىرخان ۋە مەلىكە ئامانىسا رىياسەتچىلىكىدىكى بۇ قېتىملىق مۇقام ئىسلاھاتى غايەت زور تارىخي ئەھمىيەتلىك تۆت جەھەتنى مۇھىم نۇقتا قىلدى:

بىرىنچى، ئۆزىدىن بۇرۇنقى باسقۇچلاردا شەكىللەنگەن بارلىق

ئەجەم، ھەر قايسى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېتنىك مەنبە ۋە مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتلەردىن پەرقلىق بولغان مۇقاملىرىنى بىر گەۋدە ئىچىدە «ئون ئىككى مۇقام» دەپ سىنكرېتلاشتۇرۇشقا خاتىمە بېرىلدى. يەنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى خەلقلەر مۇقاملىرىنىڭ ئانىسى ھېسابلانغان ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مىللىي خاسلىقى گەۋدىلەندۈرۈلدى.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر كلاسسىك مۇقاملىرىنىڭ دەسلەپكى بېخى بولغان كۈسەن، سولى، ئۇدۇن، ئىدىقۇت، ئىۋىرغۇل چوڭ نەغمىلىرىنىڭ مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇلدىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبلىك خۇسۇسىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىنىپ، مۇقام نامى بىلەن يورۇتۇلۇپ تۇرغان بىر قاتار ناخشىلىق ۋە ئۇسسۇللۇق مۇزىكا گۇرۇپپىلىرى ئۆز پەدىلىرى بويىچە چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپ - تىن ئىبارەت چوڭ ئۈچ قىسىملىق قىلىپ يورۇشلەشتۈرۈلدى. بۇ، مۇقام تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ تۈپلۈك كېڭەيتىش ۋە رەتلىنىش باسقۇچى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام خەزىنىسى بېيىدى ۋە تۇراقلىق سىستېمىغا ئىگە بولدى.

ئۈچىنچى، يېڭىدىن تەرتىپكە سېلىنىپ سىستېمىلاشتۇرۇلغان ۋە يورۇشلەشتۈرۈلگەن ئون ئىككى مۇقامغا تېكىست تاللاش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بولۇپمۇ مۇقامنىڭ كلاسسىكلىق خۇسۇسىيىتىنى شەرت قىلغان ھالدا ئەلشىر نەۋائىينى مەركەز قىلغان كلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىن، جۈملىدىن باشقا تۈركىي تىللىق خەلق كلاسسىك لىرىكىلىرىدىكى قىسمەن تەپەككۇر دۇردانىلىرىدىن ھەمدە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن تېكىست تاللاندى.

تۆتىنچى، بۇ دەۋردە قولغا كەلگەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ تارىخىي ئۇتۇقلىرى ئىچىدە، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە مۇقامنىڭ مۇزىكىلىق كۆپ ئېھتىياجىغا ماس ھالدا چالغۇ تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىشى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاشۇ دەۋرلەردە ئەل فارابى ئىجادىيىتى دەپ

خاراكتېرلەنگەن قالۇن، قىدىرخان ئىجادىيىتىگە خاس ھەشتتار قاتارلىق يېڭى چالغۇلار قوبۇز، غېجەك، ساتار، تەمبۇر، راۋاب، چاڭ، داپ، ناغرا، سۇناي، نەي، بالىمان قاتارلىق ئەنئەنىۋى چالغۇلار بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ ئون ئىككى مۇقام مۇزىكا ئوركېستىرىنى ھاسىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامغا تەڭكەش قىلىنىدىغان چالغۇلارمۇ مۇقام مىلودىيىسىگە خاس ھالدا قېلىپلاشتى.

يۇقىرىقىلار ئۇيغۇر مۇقاملىرى تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ زور تەرەققىيات بولۇش بىلەن بىللە، مۇقام چۈشەنچىسىدىكى يېڭى تارىخي كونكرېت ئۆزگىرىش ھېسابلىنىدۇ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئون ئىككى مۇقام گەرچە بەش ئەسىرلىك تارىخي مۇساپە ئىچىدە داۋاملىق راۋاجلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسي گەۋدىسى جەھەتتە يەنىلا سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدىكى تەرتىپكە سېلىنغان نۇسخىنى ئاساس قىلغان.

5- باسقۇچ ـــ مۇقامنىڭ يېڭى باھارى باشلانغان قىرىق يىلدىن ئارتۇق تارىخي مەزگىل ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىنغان دەۋر بۆلگۈچ مەزگىل بولدى. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتى مىسلىسىز چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقىمىزنىڭ پىسخىك خاسلىقىنىڭ مۇزىكىلىق جەۋھىرى بولغان ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، توپلاش، رەتلەش ۋە تولۇقلاش خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق چوڭ ئۇتۇقلار قولغا كەلدى. ئون ئىككى مۇقامنى تولۇقى بىلەن دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى يوقىلىش خەترىدىن ساقلاپ قالغان مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇرداخۇن ئاكا ۋەكىللىكىدىكى داڭلىق مۇقامچىلار ئورۇندىغان ئون ئىككى مۇقام 50- يىللارنىڭ بېشىدىلا سىمغا (پىلاستىنكا) كۆچۈرۈۋېلىندى. بۇ، خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان غايەت زور تارىخي

تۆھپە. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلدى. مۇقامنىڭ لېنتىغا ئېلىنغان نۇسخىسى ئاساسىدا ئون ئىككى مۇقام تۇنجى قېتىم نوتىغا ئېلىنىپ، كىتاب قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

مۇقامنى سەھنىلەشتۈرۈش، تەشۋىق قىلىش، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا يۈزلەندۈرۈش خىزمىتىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەندى. پۈتۈن دۇنيا مۇزىكا ساھەسىدىكىلەر بۇ ۋاقتى ئۇزاق، تۈزۈلمىسى گۈزەل، تەركىبىي باي، قىممىتى يۇقىرى، چوڭ ھەجىملىك مۇقام خەزىنىسىگە يېڭى قىزىقىش نەزەرى بىلەن قارىماقتا.

1991-يىلى ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش، توپلاش، قايتىدىن تولۇق يۈرۈشى بويىچە رەتلەپ چىقىش، لېنتىغا ئېلىش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغانلىقى، سەھنىلەشتۈرۈلگەن «چەببيات» مۇقامىنىڭ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «4-نۆۋەتلىك جۇڭخۇا ئاۋازى مۇزىكا كۆرىكى» دە ئالقىشلىنىپ، يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەنلىكى، ئەنگلىيىنىڭ پايتەختى لوندون شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارا ئەنئەنىۋى مۇزىكا بايرىمى» دا، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ياڭراق ساداسى بۈيۈك بىرىتانىيە ئارىلىنى قاپلىغانلىقى، شۇنداقلا ئون ئىككى مۇقام ساداسىنىڭ تەڭرى تاغلىرى ۋادىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ گېرمانىيە، شۋېتسارىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، ئىران، پاكىستان، ياپونىيە، مالايسىيا، سىنگاپور ۋە شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكى؛ «ئون ئىككى مۇقامنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە مۇقام يۇرتى يەكەندە مۇقامشۇناس مەلىكە ئامانىسانىڭ ھەيۋەتلىك مەرمەر ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ، تۈركۈم-تۈركۈم سايىھەتچىلەرنى جەلپ قىلغانلىقى؛ رايونىمىزنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە «مۇقام ئانسامبلى» ۋە «ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى» نىڭ قۇرۇلغانلىقى قايتا گۈللىنىش ھارپىسىدا تۇرۇۋاتقان

يېپەك يولىدا ئون ئىككى مۇقام ساداسىنىڭ مەڭگۈ ياڭرايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە!

※ ※ ※

«ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ» (لېنىن).

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى شەكىللىنىشتىن تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ ئۇزاق تارىخىي جەرىيانلاردا مۇقام ئۇيغۇر مەنىۋىلىكىنىڭ مۇزىكىلىق ئىنكاسى سۈپىتىدە خەلقىمىزنىڭ خۇشاللىق ۋە خاپىلىقلىرىغا ھەمراھ بولۇپ كەلدى.

ئون ئىككى مۇقام ئۆزىنىڭ مەزمۇن ماھىيىتى بىلەن ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىدۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئۈزۈلمەس دولقۇندەك مەۋج ئۇرۇپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا تارقىلىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلىشىدە خەلق ئارىسىدىكى ئەلنەغمىچى، مۇقامچىلارنىڭ تارىخىي تۆھپىسى دىققەتكە سازاۋەر. دەرۋەقە، تارىختا نەچچە يۈزلىگەن خەلق سەنئەتكارلىرى ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئون ئىككى مۇقامنىڭ تەرەققىياتىغا بېغىشلاپ، بۇ جەھەتتە ئۆچمەس خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى. ئۇلار خۇددى مۇقامشۇناس قېدىرخاندەك «ئۆلگىچە ئېيتسام مۇقامنى، مەن ئۆچۈن ماتەم ئەمەس» دېگەن پىداكارانە روھ بىلەن ئوتتەك قىزىق مۇھەببەت رىشتىسىنى مۇقامغا باغلاپ، ئەۋلادلار قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. ۋەھالەنكى، جاھالەتلىك ئۆتمۈش جەمئىيەتتە بۇ خەلقسۆيەر تۆھپىكارلارغا تارىختىن ئورۇن بېرىلمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، مۇقام ئۈچۈن جان پىدا قىلغان بەزى مۇقامچىلىرىمىز ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچ كەلدى، ئۇلارنىڭ نامى ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. بىز ئون ئىككى مۇقامنىڭ يېڭى باھارى يېتىپ كەلگەن بۈگۈنكى ئازاد زاماندا، مۇقامغا ئومۇمىيۈزلۈك ۋارىسلىق قىلىشتا، ئون ئىككى مۇقامدىن

ئىبارەت بۇ ھەيۋەتلىك ۋە شەۋكەتلىك بەدىئىي قەسىرنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلانغان مۇقامچىلىرىمىزنى ھەرگىز ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز زۆرۈر. بىز مۇشۇ مەقسەتتە «مۇقام پېشۋالىرى» ناملىق بۇ مونوگراپىيىلىك ئەسەرنى تۈزۈشكە مۇيەسسەر بولغانلىقىمىزدىن پەخىرلىنىمىز.

بۇ كىتاب تۈنجى قېتىم تۈزۈلگەچكە، ئاساسەن قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەمگەك سىڭدۈرگەن، خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ۱۱۴ نەپەر مۇقامچىنىڭ قىسقىچە تارىخى، ئىش-ئىزلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. شۇنىسى ئېنىقكى، كىتابتىن ئورۇن ئالغان بۇ مۇقامچىلار ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆتكەن مۇقامچىلىرىمىزنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

# 内容题要

维吾尔族是一个具有古老而悠久文化传统的民族，为中华民旅文化宝库作出了不朽的贡献。这一历史贡献的光辉典范，就是维吾尔″十二木卡姆″。

维吾尔古典音乐″十二木卡姆″是东方音乐文化的无介之宝，同时也是维吾尔民族文化的重要组成部分，充分而有力地表现了民族特色和民族心理。

虽然维吾尔″十二木卡姆″的归属问题，还没有可信的历史和科学的根据加以充分证明，但是对此可以这样说，它是在古来的曲曲的传统特证基出上发展的一整套歌曲音乐，另一点是它是古代的包龟兹，疏勒，于癫，高昌，伊洲乐和刀郎歌舞相互交织而形成的。

不管木卡姆名称本身形成的意义如何，表示一定体系的音乐精华的专有名称，十二木卡姆这种构成名称，在爱里·法拉比，爱布爱里·伊本森纳，爱里西尔·纳瓦依，柯德汗叶尔坎迪，阿曼尼莎皇后和士尔地阿洪等著名的木卡姆大师的主持下，经过许多木卡姆演奏者的挖掘，收集和整理，才定型化。因此，世界艺术史多么重视这一多层次，源泉，系统的艺术之宫，那么也应该同样重视为此而献出生命的木卡姆大师们，并对他们表示由哀的敬意。

维吾尔古典音乐十二木卡姆在一千多年的历史过程中，象塔里木河奔流不断的波涛一样，变成为气势雄伟的音乐体系，同时也记载了作出不朽贡献的木卡姆大师的辛勤劳动。″木卡姆先驱们″这本书即具有历史意义，也具有现实意义。

诚然，在维吾尔音乐史上值得纪念的木卡姆大师，还不限

于这本书中介绍的人物。这种状况要求我们要加强调查研究，全面地挖掘由于社会和自然灾害的原因而被忘却名字的木卡姆演奏者的历史贡献。

″木卡姆先驱们″的出版是维吾尔十二木卡姆研究很有意义的大事。我们想信，它必将对更加了解地开展木卡姆研究起到促进作用。

# كىرىش سۆز

«شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ ئاتىلىپ جاھاندا شۆھرەت قازانغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان چوڭ ھەجىمدىكى بۈيۈك بەدىئىي قامۇس.

ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئەڭگۈشتەرىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ئىجتىمائىي ھاياتىغا، پسىخولوگىيىسىگە سىڭىپ كىرىپ، ئىجتىمائىي ھاياتنى بېيىتىدىغان، مىللىي غۇرۇرىنى، ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان، سەنئەت ھۇزۇرىنى ئاشۇرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ كەلمەكتە.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ بىباھا مەدەنىي مىراسىمىزنى قۇتقۇزۇش، توپلاش-رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.

ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش نەتىجىسىدە يېقىندىن رەتلىنىپ تولۇقلانغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ لېنتىسى ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ يېقىندىن نەشر قىلىنغان ئون ئىككى كىتابى تارقىتىلغاندىن كېيىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى.

خەلق ئارىسىدا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش ۋە سەھنىلەشتۈرۈش قىزغىنلىقى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى.

جەمئىيىتىمىز ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە تونۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، ئۇيغۇر ئون ئىككى

مۇقامىغا دائىر ئون كىتابنى نەشرگە تەييارلىدى. بۇ كىتابلاردا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە يەرلىك مۇقاملارنىڭ شەكىللىنىش تارىخى، مۇقاملارنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە مىلودىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى بېيىتىش ۋە خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇشتا تۆھپە قوشقان مۇقامچىلار بىر قەدەر ئەتراپلىق، ئىلمىي ئاساستا تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، مۇقام ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىغا دائىر كىتابلارنىڭ ئاپتورلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئىزدىنىشلىرى ۋە تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىشلىرى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان بەزى كۆز قاراش ۋە يەكۈنلەرنى يۈزدە يۈز توغرا دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. تەتقىقات، ئىلمىي مۇھاكىمە جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك شانلىق مەدەنىيەت تارىخى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ، تولۇقلىنىپ كەلگەن. ئىشىنىمىزكى، مۇزىكا تارىخىمىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ نامايەندىسى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ جاھان مەدەنىيەت سەھنىسىدە پارلاق نۇر چاچىدۇ.

بۇ كىتابلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا قىلىندى.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى**

# تۈزگۈچىدىن

تارىم دەرياسىنىڭ مەڭگۈ ئۈزۈلمەس ئېقىندەك، قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى خەلق كۈيلىرىنىڭ مۇجەسسىمى ۋە ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى يىپەك يولى مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەردۇر. ئۇ ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ مۇزىكىلىق ئىنكاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ۋە شەرق دۇنياسىنىڭ سەنئەت ئالىمىدە ئۆزىگە خاس سىستېما ياراتقان مەڭگۈلۈك سېھرى كۈچكە ئىگە گۈزەل كۈيدۇر.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى يىپەك يولىنىڭ تارىخىغا ھەمراھ بولۇپ، ئىككى مىڭ يىلدىن ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى ھەمدە پەيدا بولۇش، گۈللىنىش، قوشۇلۇش، قېلىپلىشىش ۋە يۈرۈشلىشىش قاتارلىق بىر قاتار باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھەر بىر مۇقام نەغمە، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن چوڭ مۇزىكا سىستېمىسىغا ئايلاندى.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى يارقىن مىللىي خاسلىققا، روشەن مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىككە، سىستېمىلاشقان مۇزىكىلىق قۇرۇلمىغا، مول ئاھاڭدارلىققا، مۇرەككەپ ئۇدار-رېتىمچانلىققا ئىگە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مۇزىكا قامۇسى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەلنەغمىچىلىكىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدىكى تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ۋە مەدەنىيەت پىسخولوگىيىسىنىڭ مۇزىكىلىق ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ خەلقىمىزنىڭ

بۇ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەنبەلىك، سىستېمىلىق سەنئەت قەسىرىگە قانچىلىك دىققەت-ئېتىبارى بىلەن قارىسا، بۇ قەسىرنىڭ بەدىئىي كامالىتى ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان مۇقام پېشۋالىرىنىمۇ شۇنچىلىك ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ مىڭ يىللار مابەينىدە تارىم دەرياسىنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىنىدەك داۋاملىشىپ كېلىشى ۋە بۈگۈنكىدەك يۈرۈشلەشكەن ھەيۋەتلىك كۆي سىستېمىسىغا ئايلىنىشىدا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان مۇقام پېشۋالىرىنىڭ ئۇنتۇلماس ئەمگەكلىرىنى تونۇشتۇرۇش نىشانلانغان «مۇقام پېشۋالىرى» ناملىق بۇ مونوگراپىيىلىك ئەسەر شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم تارىخىي ھەم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

دەرۋەقە، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا تارىخىدا خاتىرىلەشكە تېگىشلىك مۇقام پېشۋالىرى بۇ ئەسەردە تونۇشتۇرۇلغان شەخسلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇ ھال بىزدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبىدىن نامى ئۇنتۇلغان تېپىك مۇقامچىلارنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرىنى ئەتراپلىق قېزىپ چىقىرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

«مۇقام پېشۋالىرى»نىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىدىكى ئەھمىيەتلىك زور ئىش، ئىشىنىمىزكى، ئۇ مۇقام تەتقىقاتىنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇسى.

## «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دىن

يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇزىكا ئىلمىنىڭ ئۇستازلىرى ھەر ئەسىر، ھەر شەھەردە يۈزلەپ، بەلكى مىڭلاپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئەھۋالاتىنى بايان قىلساق، بۇ قىسقا رىسالىگە سىغمايدۇ، شۇڭا مىڭدىن بىرى تاللاپ ئېلىندى، يەنى بىرەر ناخشا مۇقام ئىجاد قىلغان ياكى بىرەر چالغۇ ئەسۋابى ياسىغان ياكى بۇ ئىلىم توغرىسىدا بىرەر رىسالە يېزىپ داڭ چىقارغانلىرىلا قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى.

موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتوللا مۆجىزى

# مۇندەرىجە


فارابى ........................ 1

ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا ........................ 7

مەۋلانا لۇتفى ........................ 10

ئابدۇراھمان جامى ........................ 14

ئەلىشىر نەۋائى ........................ 17

مۇھەممەت پالۋان (كۈچتۈگكۈر) ........................ 24

سۇلتان سەئىدخان ........................ 29

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ........................ 34

قىدىرخان يەركەندى ........................ 38

مەلىكە ئامانىسا ........................ 43

ھۆۋەيدا ........................ 51

مەشرەپ ........................ 54

ئەيسا مىراپ ........................ 58

ھاجى ئاخۇن قالۇنچى ........................ 60

تۇردى شەيخ ........................ 62

مەھمۇت ھېكىمبەگ (ھەمرايى) ........................ 64

بەكرى موللا ........................ 66

ئىمىرھاجىم مىلك قوش ........................ 68

مولائاخۇن ساتار ........................ 70

ھۈسسىين خان (پەيزى) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ........................ 73

باقى راۋاب ........................ 76

سالاھىدىن بەگ ........................ 78

ئاخۇن قارىم ........................ 81

شاھ نىساخان ........................ 83
خاكى ھاجى ........................ 85
مۇھەممەت موللا (كارۇشاڭ ئاخۇنۇم) ........................ 87
توختىيار قالۇن ........................ 92
بەردى ئاخۇن ........................ 95
موللا مۇھەممەت خەلپەت ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ...... 97
دادا غوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ........................ 99
موللا ئابدۇللا (ئابلا دۇمباق) ........................ 101
مۆجىزى ........................ 103
تاش ئاخۇن (تاشۋاي) ........................ 107
ئىلى ئاخۇن ساتار ........................ 111
قۇربان كەكلىك ۋە ھەسەن كەكلىك ........................ 113
سابىت ھاجىم ........................ 118
روزى باشى ........................ 120
بۇلبۇل ئاخۇن ........................ 124
مۇھەممەت تۇردى ئاخۇن ........................ 126
ئىلاخۇن كۆككۆز ........................ 128
ھاشىم ھاجىم دارۋاز ........................ 131
زىۋىدىخان نەغمە ........................ 135
نىياز ھاجىم تەمبۇر ........................ 137
ئەمەت شاھ ھاجىم ........................ 140
كېرىم موللا ........................ 143
ھەسەن تەمبۇر ........................ 145
بارات تەمبۇر ........................ 147
جامى ئاكا ........................ 149
ئىسمائىل موللا ........................ 152
سىبىت نوچى ........................ 153
قاسىم ئەلنەغمە ........................ 158

سېيىت ساتارچى .......................... 167
ماموت زەيدىل .......................... 163
مۇھەممەت دولان .......................... 165
تۇرداخۇن ئاكا .......................... 166
شاھ ساۋۇت .......................... 171
ماگسۇر شەيخ .......................... 173
ئەمەت قالتىس .......................... 176
خەلچەبانۇ خانىم ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى .......................... 179
ئەمەت سۇناي .......................... 181
ئايۇپ راۋاب .......................... 185
مۇسا موغال .......................... 187
ئاۋۇت ئەلنەغمە ۋە داۋۇت راۋاب .......................... 188
تاھىر ئاخۇن ساتار .......................... 190
ھېلىخان بەگ .......................... 192
روزەك باشى .......................... 194
ئايىمخان ھاجى .......................... 197
شاھ تاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى .......................... 199
بايات مەخسۇم .......................... 201
كېرىم بەگ .......................... 202
مەتنىياز ئاخۇن .......................... 204
تۇردى ھاجى .......................... 205
روزى تەمبۇر .......................... 207
تۇردى ھامىر .......................... 212
ئاخۇنبەگ .......................... 214
نىساخان (جىلدىر) .......................... 217
ھېيت قادىر .......................... 219
ئابدۇكېرەمخان .......................... 223
ھۇسىين تەمبۇر .......................... 225

زوردۇن نۇسرەت .................... 227
خەيرىنساخان .................... 229
قاسىمجان قەمبىرى .................... 231
ئەمەت سېتنىياز .................... 235
تۆمۈر سۇناي .................... 237
راجى غوجامنىياز .................... 239
مۆيدىن خان ناغرىچى .................... 241
توختاشخان ئانا .................... 242
نۇراخۇن .................... 244
مەرۇپ ناسىرى .................... 246
سەمەت ئابدۇللا .................... 250
ئابلىز ھاجى .................... 254
ئابلاخان .................... 256
ئەمەتخان بارات .................... 258
سەيدۇللا ھەمدۇللا .................... 260
داۋۇتخان ساتارچى .................... 262
زىكرى ئەلپەتتا .................... 264
ئاقپاشا .................... 268
نەمەت بوسۇق (لەيلىخان) .................... 273
ئىسمائىل ئاخۇن .................... 276
ئىمىن ئەزىز (نەي) .................... 278
قەمبەر خانىم .................... 280
مىرئەھمەت سەھىد ھاجىم .................... 284
ئاۋۇت مۇسا .................... 290
مىجىت ساۋۇت .................... 292
مەھەممەت ئابدۇللا راۋاب .................... 294
يۈسۈپ خېلىل .................... 296
سەمەت سوپى .................... 298

ئايىمنىسا خانىم ........................... 300
ئىمرەمزى قۇربان ........................... 302
ئابلىزخان مامۇت ........................... 304
ئۆمەر قارىي ........................... 306
ئىلى ئىزىز ........................... 309
ئەسەت مۇختار ........................... 312
ئەمەت ئىسمائىل ........................... 316

# فارابى

(870-951)

ئۇتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇ نەسىر فارابى ھىجرىيىنىڭ تەخمىنەن 259-يىلى (مىلادى 870—871-يىللىرى) سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بالا ساغۇنغا قاراشلىق فاراب (ئوترار) شەھىرىنىڭ ۋاسىچ ھەربىي قەلئەسىدە دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيىنىڭ 339-يىلى (مىلادىنىڭ 950—951-يىللىرى) ماھى رەجەپ ئېيىدا (12-ئايدا) سۈرىيىنىڭ دەمەشىق شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ تەخمىنەن 80 يىل ئۆمۈر كۆرگەن.

فارابىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ نەسىر مۇھەممەت ئىبنى تارخان ئىبنى ئۇزلۇق فارابى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېتى مۇھەممەت فارابى دەپ ئاتىلىدۇ.

فارابى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى نەسەب جەھەتتىن توققۇز ئوغۇز — قارلۇق تۈركلىرى تۈركۈمىگە مەنسۇپ. مەلۇمكى، قارلۇقلار قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدىكى توققۇز ئوغۇز (توققۇز ئۇيغۇر، توققۇز غۇز دەپمۇ ئاتىلىدۇ)لارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، مەشھۇر قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغۇچى ئاساسلىق قەبىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

فارابىنىڭ جاھانغا مەشھۇر 160 پارچىدىن ئارتۇق مول ئىلمىي مىراسلىرى ئىچىدە، مۇزىكىشۇناسلىققا ئائىت تۆھپىلىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى

ئۆزىنىڭ ھىجرىيە 1271-يىلى (مىلادى 1854—1855-يىلى) يازغان «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە: «مۇزىكىنىڭ ئۇچىنچى پىرى ئالتايىنىڭ بالا ساغۇن دېگەن يېرىدە ئۆتكەن مەۋلانە شەيخ ئەبۇ نەسىر فارابىدۇر» ... ئۇ «جۇملىدىن مۇزىكا ئىلمىدىمۇ ناھايىتى يېتىلگەن. قالۇننى ئۆز قولى بىلەن ياساپ سىم تارتىپ چالغان ۋە سازەندە شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەندى. راك، ئۇششاق مۇقاملىرىنى ۋە ئۇششاقنىڭ مەرغۇللىرىنى ئىجاد قىلىپ ئالەمگە يايغان ھەم شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن. ھازىرمۇ ھەممە سازەندىلەرگە مەلۇم بولغان ئۆزھال مۇقامىنى ۋە ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۇچىنچى مەرغۇللىرىنى كەشىپ قىلغان» دېگەن.

«رىسالەئى مۇغەننىيۇن» (سازەندىلەر رىسالىسى) دېگەن كىتابىدا «مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرى ئىنسانىنىڭ روھىغا مەنىۋى ئوتنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا شېئىر (تېكىست) قوشۇلسا، ئۇ مۇڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ» دەپ ئېيتقان ۋە يەنە «يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان پەيزىنى مېنىڭ قالۇنۇمنىڭ سىملىرىدىن ئالغايسىزلار» ①دېگەن.

ئابدۇراھمان جامى «رىسالەن مۇسقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە فارابىنى مۇزىكىشۇناسلىقنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئالىم دەپ كۆرسەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئىنگلىز ئالىمى گ.فارمېرنىڭ «13-ئەسىرگىچە بولغان ئەرەب مۇزىكا تارىخى» ناملىق كىتابىدا ۋە «فارابىنىڭ غەربىي ياۋروپادىكى مۇزىكىغا ئائىت ئەسەرلەرگە تەسىرى» توغرىسىدىكى ماقالىلىرىدا؛ ئى. بېيخەرتنىڭ نېمىس تىلىدا چىققان «فارابى تەلىماتىدا مۇزىكا ئىلمى» ناملىق ئەسىرىدە؛ فرانسۇز شەرقشۇناسى ف. ئېرلەنجىنىڭ «ئەرەب مۇزىكىسى، ئۇنىڭ قانۇنىيىتى ۋە تارىخى» (بۇ ئەسەردە فارابىنىڭ «ئەل مۇسقى

---

① مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982-يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە 53-بەت.

ئەل كەبىر» ناملىق ئەسىرىنىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسمۇ بېرىلگەن؛ دېگەن ئەسىرىدە ھەممە پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى م.م. خەيرۇللايىۋنىڭ «فارابى» ناملىق ئەسەرلىرىدە فارابىنىڭ مۇزىكا ئىجادى ھەققىدە ئىنتايىن قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن.

فارابى ئۆز دەۋرىنىڭ ھەقىقەتەن مىسلىسىز ئۇلۇغ مۇزىكا نەزەرىيىچىسى ۋە كامالەتكە يەتكەن ئەڭ ئۇستا سازەندىسى ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە يېقىن شەرقتە ئىسلام-تۈرك مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يىرىك ئەربابى سۈپىتىدە جاھانغا تونۇلغان.

فارابىنىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرىدىن مەشھۇرلىرى «كىتاب ئەل مۇسقى كەبىر» (بۈيۈك مۇزىكا كىتابى)، «كالام فى-ئول مۇسقى» (مۇزىكا ھەققىدە سۆز)، «كىتاب فى ئىخسا ئەل ئىبىكا» (كۈيلەر تەسنىفى ھەققىدە كىتاب)، «كىتاب فى. نەقرا مۇزافە ئىلال ئىبىكا» (رېتىمگە قوشۇمچە قىلىنىدىغان سىلجىشلار ھەققىدە كىتاب) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ «كىتاب فى ئىخسا ئول ئۇلوم» ناملىق ئەسىرىدىمۇ مۇزىكىغا دائىر مەخسۇس بابلار بار.

فارابىنىڭ «كىتاب ئەل مۇسقى كەبىر» ناملىق كىتابى مۇزىكا نەزەرىيىسى ساھەسىدە ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ مۇندەرىجىسى ھەققىدە فارابى تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «بىرىنچى قىسمىدا، مۇزىكا ئۇسۇلىنى تېپىشقا قوللانما بولغۇچى مەسىلىلەر ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ مەخسۇس پىكرىمنى باشقىلارنىڭ يولىورۇقلىرىغا ئارىلاشتۇرماستىن بايان قىلدىم. ئىككىنچى قىسمىدا، مەشھۇر نەزەرىيىچىلەرنىڭ مۇزىكا ھەققىدىكى پىكىر-مۇلاھىزىلىرىنى ئېيتىپ ئۆتۈپ، بۇ ھەقتە ئوچۇق بولمىغان نەرسىلەرنى زىكرى ئەتتىم ۋە ئۇلارنىڭ پىكىر-مۇلاھىزىلىرىنى دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ، مۇزىكا بابىدىكى دەرىجە ھېسلىرىنى

ئېنقلىدىم ھەمدە خاتالىقلارنى تۈزەتتىم » ①. قىسقىسى، ئاكادېمىك غوپۇرووۋ بىلەن قاسىمجانوۋنىڭ كۆرسەتكىنىدەك: « ئەل فارابى ئۆز ئالدىغا مۇزىكىنى ئۇنىڭ پۈتۈن مەسىلىلىرى بويىچە تەلتۆكۈس تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسىنى قويغان ۋە بۇنى ئورۇنداپ، مۇزىكىنى تارىختا تۇنجى قېتىم بىر سىستېمىغا سالغان » ②.

فارابى بۇ دەۋردە يەنە مۇزىكا ئورۇنداش سەنئىتى ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئېگىلەش، كەشىپ قىلىش جەھەتلەردىمۇ كاتتا شۆھرەت قازانغان. « زەينەتۇل مەجالى » ناملىق ئەسەردە سەيپۇل دەۋلە ۋەزىرى ساھىب ئاباد بېغدا بولغان زىياپەتتە فارابىنىڭ سازەندىچىلىك ماھارىتى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە ھېكايە قىلىنىدۇ: « ...شۇندا ئۇ (فارابى) يېنىدىن بىر چالغۇ ئەسۋابىنى ئېلىپتۇ. بۇ ئەسۋابنى فارابى ئۆزى كەشىپ ئەتكەن بولۇپ، كۆرۈنۈشى كىچىك قاپاقا ئوخشاپ كېتەرىكەن ۋە < گىپچەك > دەپ ئاتىلارىكەن. فارابى ئۇشبۇ چالغۇدا كۈينىڭ بىرىنچى قىسمىنى چالغاندا، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن خۇرسەن بولۇشۇپتۇ ۋە خۇشاللىقتىن كۈلۈشۈپتۇ. كۈينىڭ ئىككىنچى قىسمى ئاڭلىغۇچىلارنى يىغلىتىپتۇ. ئۇلار كۆز-ياشلىرىنى مۆلدۈردەك تۆكۈپتۇ. ئۈچىنچى قىسمى چېلىنغاندا بولسا، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ھاياجانغا چۈشۈپتۇ، كېيىن بىھوش بولۇپ ئۇخلاپ قېلىشىپتۇ. » ③ فارابىنىڭ ئۆز ھاياتىدا كۆپلىگەن مۇزىكا ئاھاڭلىرى ئىجاد قىلغانلىقى مەلۇم. فىلىپ ھىتتىنىڭ كۆرسىتىشىچە: ئۇنىڭ بەزى مۇزىكىلىق ئاھاڭلىرىنى مەۋلەۋىي (تەسەۋۋۇپ) ئېقىمىدىكىلەر ئارىسىدىن ھېلىمۇ تېپىش

① « ئۆزبېك تىياتىرى »، 1975-يىل، ئۆزبېكىستان « پەن نەشرىياتى » نىڭ ئۆزبېكچە نەشرى، 208-بەت.

② ب. غوپۇرووۋ، ئا. قاسىمجانوۋ: « مەدەنىيەت تارىخىدا ئەل فارابى »، 121-بەت.

③ « ئۆزبېك تىياتىرى »، تاشكەنت « پەن نەشرىياتى »، 1975-يىل نەشرى، 207-بەت.

مۇمكىن①. ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئىسلام-تا ك مۇزىكىسىدىكى توققۇز كۈينى كۆپەيتىپ ئون يەتتىگە يەتكۈزگەنلىكى مەلۇم②. تارىخي مەنبەلەردە ئۇنىڭ قالۇن، گىجەك (غىجەك)، ئۇد چالغۇلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ ياسىغانلىقى بىردەك قەيت قىلىنغان.

فارابىنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ مۇزىكا ئۇستازى بولۇپ يېتىلىشىدە مۇنداق بىر قانچە ئامىل ئاساس بولغان:

بىرىنچى، فارابى ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي مۇزىكىچىلىقىنىڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئۇتۇقلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرغان. بىزگە مەلۇمكى، ئەل فارابىدىن ئىلگىرى كۇچا، قۇمۇل رايونلىرىدا «ماقادور» مۇقامى بولغان. بۇ مۇقامنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىردە غەربىي دىيارنى ساياھەت قىلغان جاڭ چيەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە تونۇشتۇرغان. ئەنە شۇ دەۋردىلا كۇچا، قۇمۇل، سولى ۋە ئۇدۇن نەغمىلىرى ۋە ئۇنىڭ راۋاجى سۈپىتىدە سۈي سۇلالىسى ۋاقتىدىكى كۇچالىق مەشھۇر مۇزىكا ماھىرى سۇجۇب، ئاقارى ماندا قاتارلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئون ئىككى تېمپېراتسىيىلىك كۈيشۇناسلىق قانۇنى دۇنياغا مەشھۇر بولغان. فارابى ئەنە شۇ ئەجدادلىرىنىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى مىللىي ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى ئىسلامىيەت روھى بىلەن سۇغۇرۇپ يېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن فارابى ياشىغان دەۋلەرگە كەلگەندە تەمبۇر، راۋاب، كۇس ناغرا، قوبۇز، تەبىل، زىر، نەي، چاغانە، سۇناي، كارناي، ئارغونۇن، گىجەك، ئۇد، قالون قاتارلىق تارلىق، سوقما ۋە پۈۋلىمە چالغۇ ئەسۋابلىرى كەڭ تارقىلىپ، «راست»، «خوسرەۋىي»، «بودا» (بادە)، «ئۇششاق»، «زىرەفكەندە»، «بوسىلىك»، «ئىسپھان»، «ناۋا»، «بەستە»، «تارانە» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كۈيلەر

---

①② ، ئا. مەتتىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىل نەشرى، 289-، 290-بەت.

ئىجاد قىلىنىپ، ئون ئىككى مۇقام تېخىمۇ تاكامۇللىششقا قاراپ يۈزلەنگەن①. مانا بۇنداق شارائىتلار فارابىنىڭ مۇزىكىلىق ھېسسىياتى ۋە مۇزىكىلىق تەپەككۇرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىككىنچى، فارابى 30 ياشتىن ھالقىغاندا، ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ باغدادقا كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ باغدادتا پۈتۈن ئوتتۇرا شەرق مۇزىكىلىرىنىڭ يارقىن ئۇتۇقلىرى بىلەن ھەمدە قەدىمكى گرېك پەيلاسوپلىرىنىڭ ۋە ئەل كىندىنىڭ (850 — 800) مۇزىكىلىق كۆز قاراشلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مۇزىكا تەپەككۇرى تېخىمۇ قاناتلانغان.

ئۈچىنچى، فارابىنىڭ ئاساسلىق ئەمگىكى بولغان پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ ئېھتىياجى ئۇنىڭ مۇزىكىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەقەززا قىلغان. ئەينى زاماندا (ئوتتۇرا ئەسىردە) مۇزىكا ئىلمى تەبىئەت ئىلمىنىڭ، بولۇپمۇ ماتېماتىكا ۋە فىزىكىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارالغاچقا، ئالىم ۋە پەيلاسوپ بولۇش ئۈچۈن، مۇزىكا تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىش زۆرۈر شەرت ھېسابلىناتتى. ئەنە شۇ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شەرت-شارائىت ۋە ئېھتىياجلار فارابىنىڭ ئۆز دەۋرىدە مىسلىسىز ئۇلۇغ مۇزىكىشۇناس بولۇپ يېتىلىشىگە سەۋەب بولغان ئاساسلىق ئامىللاردۇر.

① ن. موللايوۋ: «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى»، 94-بەت.

# ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا

(980-1037)

ئەل فارابىنىڭ شاگىرتى ئېنسىكلوپېدىك ئالىم — ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا مىلادى 980-يىلى بۇرۇنقى سامانىلار سۇلالىسى (مىلادى 875 — 999-يىللىرى) نىڭ پايتەختى بۇخارانىڭ يېنىدىكى بىر قىشلاقتا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇللا ئەسلى بەلخلىق بولۇپ، بۇخاراغا كېلىپ ياشىغانىدى. ئۇ دۆلەتمەن ۋە مەدەنىيەتلىك كىشى بولۇپ، سامانىلار خانلىقىنىڭ كىچىك ئەمەلدارلىرىدىن ئىدى. مىلادى 999-يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى سامانىلار سۇلالىسىنى ئۆزگە قاراتقاندىن كېيىن، ئىبنى سىنا بۇخارا، ئورگەنچ قاتارلىق جايلاردا ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىنچە ئىراندىكى ئىسپاھان، ھەمەدان قاتارلىق جايلاردا تىبابەتچىلىك، فىزىكا، ماتېماتىكا ۋە پەلسەپە پەنلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «ئەلقانۇن»، «كىتابۇلشىفا» (شىپالىق كىتابى)، «دانىشنامە»، «رىسالەفى ئەل موسىقى غەيرمۇفى ئەل شىفا» (مۇزىكا توغرىسىدا «شىفا» دا بېرىلگەندىن باشقا رىسالە) قاتارلىق ئەسەرلىرى پۈتۈن شەرق ئەللىرى تىبابەتچىلىكى ۋە مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئاساسىنى ئورنىتىش بىلەن بىللە، دۇنيا تىبابەتچىلىكى ۋە مۇزىكىچىلىقىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئىبنى سىنا مىلادى 1037-يىلى ھەمەداندا ۋاپات بولغان.

ئىبنى سىنانىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى تۆھپىسى مۇقاملارنىڭ

« ئىسلام شەرق تىپى » ، يەنى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تارىخىي تىپىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئىبنى سىنانىڭ مۇزىكىغا دائىر مۇلاھىزىلىرى « كىتابۇلشىفا » ئەسىرىگە ئالاھىدە بىر قىسىم قىلىپ كىرگۈزۈلگەن، ئۇنى جۇرجانى پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭ « دانىشنامە » ناملىق ئەسىرىگە قوشۇپ ئېلان قىلغان. ئىبنى سىنا يەنە مۇزىكا ھەققىدە « كىتابۇننىجاد » ناملىق ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەر 1931-يىلى ئەرەب ئالىمى مەھمۇدئەل خەۋفىنىڭ ئىبنى سىنانىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسى ھەققىدە يازغان مەشھۇر كىتابى ئىچىدە نېمىس تىلىدا ئېلان قىلىنغان.

فارابىنىڭ شاگىرتى، بۇخارادا غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ تۈرك مەدەنىيىتىدىن بىۋاستە ئوزۇقلانغان مۇتەپەككۇر ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئون ئىككى مۆچەل قارىشى، سۇجۇپ ۋەكىللىكىدىكى ئون ئىككى ئېمپىراتسىيىلىك كۈي قانۇنى، بابىلون-سومېر مەدەنىيىتىدىكى ئون ئىككى بۇرجلۇق مۇقەددەس قارىشى ئەنئەنىلىرى ۋە ئىلگىرىكى شەرق ناخشا-مۇزىكىلىرىدىكى ئون ئىككى تۈركۈملۈك كۈي ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا ئون ئىككى تۈركۈملۈك (مۇقاملىق) كۈي شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۈيشۇناسلىقىدىكى مۇزىكىلىق ئاكۇستىكا، ئىنتېرۋال، رېتىم مەسىلىلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر چۈشەنچىلەرنى بەرگەن. ئىبنى سىنا ئوتتۇرىغا قويغان ئون ئىككى كۈي شەكلى مۇنداق:

1. رەھاۋى
2. ھۇسەينى
3. راست
4. ھىجاز
5. ئابزچەشمە
6. بۇزرۇك
7. ئىراق
8. ئىسپاھان
9. ناۋا
10. ئۇششاق
11. زەنگۇلە
12. سەلىقە

لېكىن بۇ ناملار ئەينى ۋاقىتتا يۇرۇشلەشكەن كۈيلەر سېكلىنى ئاڭلاتماستىن، كۈيلەرنىڭ ئاكوستىكىلىق ئورۇنلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

ئىبنى سىنانىڭ ئەنە شۇ مۇزىكا نەزەرىيىسى ئاساسىدا ئەزەربەيجاندا ياشىغان مۇزىكىشۇناس سەيفىددىن ئابدۇلمۇئمىن ئىبنى يۇسۇف ئەل-ئۇرماۋى (مىلادى 1216 — 1294-يىللار) «كىتاب ئەل-ئەدۋار» (دائىرىلەر توغرىسىدا كىتاب) دېگەن ئەسىرىدە كۈيلەرنىڭ ئون ئىككى دائىرە بويىچە شەكىللىنىش قائىدىلىرىنى بايان قىلىپ، «مۇقام» دېگەن ئاتالغۇنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان.

دېمەك، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئەل فارابىغا ئوخشاش، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» ھەمدە شەرق خەلقلىرى مۇقاملىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تەرەققىياتى ۋە سىستېمىلىشىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئالىمدۇر.



# مەۋلانا لۇتفى

(1366-1465)

نەۋائىنىڭ ئۇستازى، مەشھۇر شائىر، مۇزىكشۇناس مەۋلانا لۇتفىنىڭ تارىخىي شەخسىيىتى ھەققىدە ھازىرغىچە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئۇنىڭ شاگىرتى ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، لۇتفى ھېرات يېنىدىكى بىر يېزىدا تۇغۇلۇپ، 99يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، شۇ جايدا ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم. 19-ئەسىردە ئۆتكەن تارىخچى ۋە مۇزىكشۇناس موللائىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى ئۆزىنىڭ «تەۋارىخىي مۇسقىييۇن» ناملىق ئەسىرىدە: «بۇ ئەزىز مۇشۇ موغۇلىستاندىن ①ئىدى. ئۇ ئالىملىقتا ھەزرىتى ئەبۇ نەسىر فارابىدەك، ھېكىملىقتا ھەزرىتى ئىبنى سىنادەك، شائىرلىقتا ھەزرىتى ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائىدەك، نەغمىچىلىكتە قىدىرخاندەك ئىدى. بۇ ئەزىز بىلمەيدىغان ئىلىم يوق ئىدى. زامانىنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا 500دىن ئارتۇق ئالىم ۋە قارىي تەربىيىلىنىپ چىقتى. 200چە كىشى مۇزىكا ئىلمىدە كامالەت تېپىپ ماھارەت كۆرسەتتى. ئۇ 20دىن ئارتۇق كىتاب

---

① موغۇلىستان — ئەسلىدە شەرقتە قاراشەھەر، غەربتە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە شەھىرىنىڭ غەربى، شىمالدا كۆكچى دېڭىز (بالقاش كۆلى)، جەنۇبتا قاراقۇرۇمغىچە بولغان ھەم شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ (ماڭلاي سويە) قاتارلىق رايونلار تارىختا «موغۇلىستان» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ موڭغۇللار (چاغاتاي ئەۋلادلىرى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايون دېگەنلىك بولىدۇ.

يازدى » (1) دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۇ ئەسلى موغۇلىستانلىق (شىنجاڭلىق) بولۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ھىراتقا بارغان بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك، لۇتفى ھىجرىيە 878-يىلى (مىلادى 1465-يىلى) 99 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ھىجرىيە 779-يىلى (مىلادى 1366-يىلى) تۇغۇلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

لۇتفىنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن « گۈل ۋە نەۋرۇز » ناملىق مەشھۇر لىرىك داستانى (1411-يىلى يېزىلغان، 120 باب، 2400 مىسرا) ۋە 280 غەزەل، ئىككى قەسىدە، ئون سەككىز قىتئەدىن تەركىب تاپقان « دىۋان لۇتفى » ناملىق شېئىر توپلىمى بار. يەنە ئۇنىڭ 15-ئەسىردىكى تارىخچى شەرىپىددىن ئەلى يەزىدىنىڭ « زەپەر نامە » ناملىق ئەسىرىنى پارسچىدىن تۈركچىگە (ئۇيغۇرچە) تەرجىمە قىلغانلىقى مەلۇم. يەكەن ھۆكۈمدارى تاجى مۇھەممەت بەگنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا لۇتفىنىڭ يەنە « مەئنول ھەقايىق » (« ھەقىقەتلەر شەرھى ») ناملىق يەنە بىر داستانى بولۇپ، 1892-يىلى « دەخلۇلجان ئەبىۋا بولجاھان » دېگەن نام بىلەن نەسىرگە ئايلاندۇرۇلۇپ شەرھلەپ چىقىلغان. لېكىن بۇ داستان زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلمىگەن. ئۇنىڭ يەنە « لۇتفى تۇيۇقلىرى » ناملىق بىر توپلىمى بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى ھازىر ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

لۇتفى شېئىرلىرى يالغۇز ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن پۈتكۈل ئىسلام-تۈرك مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرىدىلا « شېئىرىيەت پادىشاھى » دەپ نام ئالغان. تارىخچى خاندەمىر

(1) مۆجىزى: « تەۋارىخي مۇسىقىيۇن » . مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982-يىل، 64-بەت.

16-ئەسىردە يازغان «مەكارىمۇل ئەخلاق» ناملىق ئەسىردە «ئۆزىنىڭ سەنئەتكارلىقى، گۈزەل ئەسەرلىرى بىلەن دۇنيادا بىردىنبىر سانالغان لۇتفى ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تۈركىي تىلدا بىرەر كىشى ئۇنىڭدىن ياخشىراق شېئىر ئېيتالمىغان» دەپ لۇتفىغا يۈكسەك باها بەرگەن.

لۇتفى ئۆز زامانىسىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى، مەشھۇر سۆز سەنئەتكارى ئىدى. ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئېيتىشىچە، تۈركىگويلۇقتا ئۇنىڭ شۆھرىتى ئىراققا قەدەر كەڭ يېيىلغان بولۇپ، پارسگويلۇقتا ئۇ ئەينى دەۋرنىڭ ئۇلۇغ پارس شائىرلىرىغا تەڭلىشەلەيدىغان سۆز ئۇستىسى ئىدى. لۇتفى ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئىستېداتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەلشىر نەۋائىغا ھەققەتەن زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭلاشقا نەۋائىي ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفايىس» (نەپىس كىشىلەر مەجلىسى) ناملىق ئەسىردە لۇتفىنى 2-مەجلىسكە كىرگۈزۈپ، «مەلىكۇل كەلام» (سۆز پادىشاھى) دەپ ئاتىغانىدى. نەۋائىنىڭ يەنە ئۇنى سەككاكى بىلەن بىرگە قوشۇپ «ئۇيغۇر ئىبارىتىنىڭ قوسھاسىدىن ۋە تۈرك ئەلفازىنىڭ بولغاسىدىن مەۋلانە سەككاكى ۋە مەۋلانە لۇتفى رەھمەتۇللا كىم ھەر بىرىنىڭ شېرىن ئەبياتى ئىشتەھارى تۈركىستاندا بىغايەت ۋە بىرىنىڭ لەتىف غەزەلىياتى ئىنتىشارى ئىراق ۋە خوراساندا بىنەھايەتۇر...» (ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ ئۇستىلىرىدىن، تۈرك تىلىنىڭ ماھىرلىرىدىن ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن مەۋلانە سەككاكى ۋە مەۋلانە لۇتفىدۇركى، ھەر بىرىنىڭ تاتلىق شېئىرلىرىنىڭ شۆھرىتى تۈركىستاندا چەكسىز شۆھرەت قازاندى ۋە ھەر بىرىنىڭ يېقىملىق گۈزەل غەزەللىرى ئىراق ۋە خوراساندا ئۈزۈلمەي تارقالماقتا...» دەپ تەرىپلىشمۇ لۇتفىنىڭ نەۋائىغا بەرگەن تەسىرىنىڭ ئىنتايىن چوڭلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ.

نەۋائىي ئۆزىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» ناملىق ئەسىردە ئۇستازى لۇتفىنى ئۇلۇغ پارس شائىرلىرىدىن سەئدى

ۋە ھاپىز شىرازىلار بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ تىلغا ئالغان.

لۇتفىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدىكى كۆپلىگەن ماتېرىياللاردا ئۇ يالغۇز تولغان شائىر بولۇپلا قالماستىن، ئەتراپلىق يېتىلگەن ئالىم ۋە مۇزىكشۇناس ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتلىرىدىن باشقا مۇسىقى ساھەسىدىكى ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە كونكرېت مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. شۇنداق بولسىمۇ نەۋائىينىڭ لۇتفى توغرىسىدىكى سۆيەتلىرىدە، ئەك مۇھىمى مۆجىزىنىڭ « تارىخىي رەشىدى »، « تەۋارىخىي رەۋزەتۇسسەفا »، « تەۋارىخىي ئەجەم »، « تەۋارىخىي تەبىرى »، « تەۋارىخىي ھۆكۆما »، « تەۋارىخىي ئەرەب » قاتارلىق ئۇز دەۋرىنىڭ نوپۇسلۇق يىرىك ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىپ يازغان « تەۋارىخىي مۇسىقىيون » رىسالىسىدىكى بايانلىرىدا لۇتفىنىڭ مەشھۇر مۇزىكشۇناس ئىكەنلىكىنى، مۇزىكا ئىلمىدە 200چە شاگىرت تەربىيىلىگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ « پەنجىگاھ » مۇقامىدىكى شېئىر تېكىستلىرى يۇقىرىقى پىكىرنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

لۇتفى زامانىسىدا ھېرات بىر مەزگىل شائىر ۋە مۇزىكشۇناسلار توپلانغان مەكتەپكە ئايلانغان. بۇ مەكتەپتە پوئېزىيە بىلەن مۇزىكا بىر-بىرىگە زىچ باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا جەم بولغان ئاشۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق شائىرلىرى مۇزىكا ئىلمى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ « ئون ئىككى مۇقام »نىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۈچمەس تۆھپە قوشقان. ئەنە شۇ ئالىملارنىڭ بېشىدا ئۇستاز لۇتفىمۇ بار ئىدى. لۇتفى ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرگەن ئەلشىر نەۋائىينىڭ پۈتكۈل سەنئەت ساھەسىدە ئەنە شۇنداق ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قازىنىشىدا (جۈملىدىن مۇزىكشۇناسلىقتا) لۇتفىنىڭ ئۇستاز بولغانلىقى ھەممىگە ئايان. شۇڭلاشقا ئون ئىككى مۇقامنىڭ 15-ئەسىردىكى تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقان ئاتاقلىق مۇزىكا ئالىملىرى قاتارىدا مەۋلانە لۇتفىنىمۇ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

# ئابدۇراھمان جامى

(1414 — 1492)

مەشھۇر تاجىك ئالىمى، پەيلاسوپى، يازغۇچىسى مەۋلانا نۇرىددىن ئابدۇراھمان جامى مىلادى 1414-يىلى ئەسلى چاغاتاي خانلىقى تەۋەلىكىدىكى ھىرات شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ خوراسان دۆلىتىنىڭ 1-پادىشاھى سۇلتان ئەبۇ سەيىدمىرزا (مىلادى 1451-يىلى تەختكە چىقىپ، مىلادى 1468-يىلى ئۆلتۈرۈلگەن) ۋە خوراسانىنىڭ 3-پادىشاھى ھۇسەيىن بايقارا (مىلادى 1470-يىلى تەختكە چىقىپ، مىلادى 1505-يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان) ئوردىسىدا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگەن. جامى ئۆز ئۆمرىدە «يۇسۇپ ۋە زىلەيخا»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» قاتارلىق مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا داڭق چىقارغان.

ئۇ ئېتنىك كېلىپ چىقىش جەھەتتىن، گەرچە تاجىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ 15-ئەسىردىكى تىل-ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيىلىگەن. مۇتەپەككۇر ئالىم، شائىر ئەلىشىر نەۋائىغا ئۇستاز بولغان. شۇڭا نەۋائىي ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدە جامىنى: «ھۆرمەتلىك ئۇستازىم» دەپ تىلغا ئالىدۇ. بولۇپمۇ مۇزىكا ساھەسىدە جامىنىڭ نەۋائىغا كۆرسەتكەن تەسىرى چوڭقۇر بولۇپ، جامى بىلەن ناۋائىي ئوتتۇرىسىدىكى كەسپىي دوستلۇق ئەينى

دەۋر مۇزىكا تارىخىدا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان.

جامى ياشىغان دەۋلەردە ھېرات شەھىرى شەرق مۇزىكىچىلىقىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغانىدى. شۇ مەزگىللەردە ھۇسەيىن بايقارانىڭ سارىيىدا مەخسۇس «مۇزىكىچىلار ئۆيى» قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىران، ئەرەب، تۇرك، موغۇل، چىن ماچىن، ئالتاي قاتارلىق رايونلاردىن كەلگەن مۇزىكانتلار، مۇقامشۇناسلار، ناخشىچىلار توپلانغان. بۇ مۇزىكا مۇئەسسەسىگە مەۋلانە ئابدۇراھمان جامى، ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائى ۋە سېيىت ئەھمەت ناغرىچى قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان.

مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخىي مۇسقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە «بۇ ئەزىزنىڭ خىسلەت-پەزىلەتلىرى خىلمۇخىل كىتابلاردا تەرىپلەنگەن. ئۇنىڭ قانچىلىك قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۇ ئەمىرنىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىدەك ئالىمغا ھەممە ئىلىم ۋە ئەمەللەر بويىچە ئۇستاز بولغان. نەۋائىدەك زاتنىڭ ئۇنى ئۇستازىم، پىرىم دېگەنلىكى ئۇنىڭ سۈپەت ۋە تەرىپى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.» ... «بۇ ئەزىز ھەممە ئىلىمدە ھەزرىتى فارابىدەك ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ شائىر ھەم ئالىم بولغىنىدىن مەپتۇنلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. تەمبۇر، ساتار، قالۇن قاتارلىق بارلىق سازنى ئۆز قولى بىلەن چالاتتى. ئۇ ئەجەم دېگەن بىر مۇقامنى ھەم ئۇنىڭ ئىككى مەرغۇلىنى ئىجاد قىلدى. نۇرغۇن شاگىرتلارنى مۇزىكا ئىلمىگە مۇكەممەل قىلىپ چىقاردى. بۇ پەن ھەققىدە «رىسالەئى دەۋۋار» (دەۋر قىلغۇچى رىسالىسى) ناملىق بىر كىتاب يازدى. ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىمۇ بۇ پەننى ھەزرىتى جامىدىن ئۆگەنىدى» ① دەپ يازىدۇ. بۇ مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، جامىنىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى جەھەتلەردە يېتىشكەن

① مۆجىزى: «تەۋارىخىي مۇسقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 55-بەت.

مۇقامشۇناس ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. لېكىن جامى ئىجاد قىلدى دېيىلگەن ئەجەم مۇقامى ۋە ئۇنىڭ ئىككى مەرغۇلى ھەققىدە باشقا ھېچقانداق تېكىستالوگىيىلىك مەنبە بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئەجەم مۇقامىنىڭ نامى جامى ياشىغان دەۋرلەردىن بۇرۇنقى تارىخىي مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغاچقا، مۆجىزىنىڭ بۇ مەلۇماتىنى ئىلمىي جەھەتتىن جەزملەشتۈرۈش قىيىن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ مەلۇماتلار رىۋايەتلىك تارىخىي ھۆججەت سۈپىتىدە پايدىلىنىپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئابدۇراھمان جامى مۇزىكا ئىلمى ھەققىدە «رىسالەئى مۇسقى» (مۇزىكا ھەققىدە رىسالە) ناملىق بىر ئەسەر يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 15-ئەسىرلەردە شەكىللەنگەن ئون ئىككى مۇقام: سىستېمىسىغا كىرگەن كۈيلەردىن راست، ئۇششاق، ناۋا، بوسىلىك، ئىسپىھان، زېرەفكەندە (ياكى كۈچەك)، بۇزرۇك، زەنگۇلە، رەھاۋى، ھۈسەينى، ھىجاز، ئىراق قاتارلىقناملىرىنى تىلغا ئالىدۇ① ھەمدە بۇ ناملارنى كۈيلەرنىڭ ئاكوستىكىلىق ئورۇنلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىدۇ. دەرۋەقە، جامى تىلغا ئالغان بۇ كۈي ناملىرى بىلەن يۇرۇشلەشكەن ۋە سىستېمىلاشقان ھازىرقى ئون ئىككى مۇقامنىڭ ناملىرىدا ئوخشاشلىق بولسىمۇ، لېكىن مۇزىكا ئاكوستىكىسى جەھەتتە بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەنبە بىرلىكى بارلىقى ئېنىق.

---

① «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992-يىل، 49-، 50-بەتلەر.

# ئەلىشىر نەۋائىي

ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات-سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن ئاڭلىق هالدا بارلىق هاياتىنى سەرپ قىلغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر ۋە مۇقامشۇناس نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي مىلادى 1441-يىلى 9-فېۋرالدا هېرات① شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. 15-ئەسىردە نەۋائىي بىلەن زاماندا ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى مىرزا ھەيدەر قەشقەرىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتابىدا: نەۋائىي «ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسىنى كىچىككىنە باخشى دەپ ئاتىشاتتى، ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى»② دەيدۇ.

بۇ مەلۇماتنى ئا. ن. سېمنوۋ، ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان، ئىززەت سۇلتانوۋ قاتارلىقلارمۇ تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي 12 — 13 ياشلىرىدىلا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان، ئوبۇلقاسىم بابۇر شاھ ئۇنى تەربىيىسىگە ئالغان ۋە 15 يېشىدىن باشلاپ ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىللە بابۇرشاھنىڭ سارىيىدا خىزمەت قىلغان.

نەۋائىي باللىق دەۋرىدىلا ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ شائىرلىرىدىن

① هېرات-هازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىدىكى قەدىمكى شەھەر.

② ئەسلى نۇسخىسىدا نەۋائىي «ئەسلى بەيئەز بەخشىيانى ئۇيغۇر ئەست. پەدەرى ئۇرا كىچىككىنە بەخشى، مىگوفتەنە مەردى بۇد ئەلئەرىم» دەپ يېزىلغان.

بىرى بولغان ئۇيغۇر شائىرى مەۋلانا لۇتفى (مىلادى 1465 ـ 1366) نى ئۆزىگە ئۇستاز قىلغان.

15 ـ 16 يېشىدىلا شائىر بولۇپ تونۇلغان ئەلشىرنى بابۇر شاھ تاھايىتى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا مىلادى 1456 ـ يىلى بابۇر شاھ مەشھەتكە كۆچكەندە، نەۋائى ۋە ئۇنىڭ ساۋاقدىشى ھۈسەيىن بايقارا نىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ. 1457 ـ يىلى بابۇر ئۆلگەندىن كېيىن، ھۈسەيىن بايقارا تەخت ئىگىلەش نىيىتىدە مەرۋىگە كېتىدۇ. نەۋائى مەشھەدتە قېلىپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ مەنتىقە، پەلسەپە، ماتېماتىكا پەنلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ ھەمدە فىردەۋسى، نىزامى، خىسراۋدېھلىۋى، ئاتايى، لۇتفى قاتارلىق مەشھۇر شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئىجادىيەتكە قىزغىن بېرىلىپ، تۈركىي ھەم پارس تىللىرىدا نۇرغۇن شېئىرلارنى يازىدۇ. ئۇ ھەر ئىككى تىلدا گۈزەل شېئىرلارنى يازغىنى ئۈچۈن «زۇل لىسا نەين» (ئىككى تىللىق شائىر) دېگەن نام بىلەن ئەل ئىچىدە شۆھرەت قازىنىدۇ.

نەۋائى 18 ـ 19 ياشلىرىدا ئالىم ۋە شائىر سەئىدىدىن قەشقەرىنىڭ شاگىرتى ئابدۇراھمان جامى (1492 ـ 1414) بىلەن تونۇشىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتىدۇ. ئابدۇراھمان جامى ئۆز زامانىسىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى ۋە مەشھۇر سەنئەتكارى بولۇپ، نۇرغۇن سەنئەتكار ۋە شائىرلارنىڭ ئۇستازى ئىدى. ئۇ ناۋائىنىڭ بەدىئىي تالانتىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەم شاگىرت، ھەم دوست، ھەم پەرزەنت قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چوڭقۇر دوستلۇق بىر ئۆمۈر بىر ـ بىرىنىڭ ئىجادىيىتىگە ھەمدەم بولۇپ، نۇرغۇن تارىخىي خاتىرىلەرنى قالدۇرغان.

1459 ـ يىلى ئەبۇسەئىد (سۇلتان ئەبۇ سەئىد بىننى مۇھەممەت بىننى مىرانشاھ بىننى تۆمۈر) خوراساننىڭ پادىشاھى بولۇپ تەختكە چىققاندىن كېيىن، نەۋائى مەشھەدتىن ھىراتقا

قايتىپ كېلىپ ئەبۇ سەئىد سارىيىغا خىزمەتكە كىرىدۇ. لېكىن ئەبۇ سەئىد ئۇچىغا چىققان زالىم پادىشاھ بولغاچقا، ئۇنىڭغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى پات-پات بولۇپ تۇراتتى. نەۋائى خەلقنىڭ زالىم ئەبۇ سەئىدكە قارشى نارازىلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللايتتى ۋە ئۇلارغا چوڭقۇر ھېسسىداشلىق قىلاتتى. شۇ سەۋەپتىن، نەۋائى ئەبۇ سەئىد باشچىلىقىدىكى ھاكىمىيەت بېشىدىكى جاھىل كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ ئوردىدىن ھەمدە پايتەخت ھېراتتىنمۇ ھەيدىلىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بۇ كەسكىن زىددىيەتلەر ئىچىدە باشتىن كەچۈرگەن ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىجتىمائىي بىلىم بېرىدۇ. بۇ بىلىم ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى چوڭقۇر ئىجتىمائىي ۋە يۈكسەك بەدىئىي ئەھمىيەتكە ئىگە تېما ۋە مەزمۇن بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىنى ئاساسەن شۇ چاغلاردا ئۇيغۇر يېزىق تىلىنى ئاساس قىلغان «چاغاتاي تىلى» دا يازغان. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە شېئىرىيەتنىڭ خىلمۇخىل شەكىل ۋە ژانىرلىرىنى جارى قىلىپ ھەمدە ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاجايىپ پارلاق ئۈلگىلەرنى ياراتقان، 15-ئەسىر ئۇيغۇر-تۈركىي خەلقلىرىنىڭ لىرىك پوئېزىيىسىنى يۈكسەك چوققىغا كۆتۈرگەن.

نەۋائىنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى» (مەئنىلەر خەزىنىسى) دەپ ئاتالغان تۆت توپلامدىن تۈزۈلگەن «چاردىۋان» ى بىلەن بەش بۈيۈك داستاندىن تەركىب تاپقان «خەمسە» سى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ يىرىك نەمۇنىلەردۇر.

نەۋائى «خەزائىنۇل مەئانى» دەپ نام قويغان «چاردىۋان» 44803 مىسرالىق 3130 لىرىك شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ «غەرايىبۇسسىغەر» (باللىق غارايىباتلىرى)، «نەۋادىرۇششەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى)، «بەدايىئۇلۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى)، «فەۋائىدۇل كىبەر» (قېرىلىق پايدىلىرى)-دىن ئىبارەت تۆت توپلامدىن تۈزۈلگەن.

« خەمسە » 1483 - يىلىدىن 1485 - يىلغىچە ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، « ھەيرەتۇل ئەبرار » (ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى)، « پەرھاد - شىرىن »، « لەيلى - مەجنۇن »، « سەبئەئى سەييارە » (يەتتە سەييارە)، « سەددى ئىسكەندەرى » قاتارلىق 52مىڭ مىسرادىن ئىبارەت بەش مۇستەقىل داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

نەۋائى ئەسەرلىرى تېماتىك مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن خىلمۇخىل بولۇشتىن تاشقىرى، ھەجىم جەھەتتىكى چوڭلۇقى، تۈر ۋە ژانىر جەھەتتىكى كۆپ خىللىقى بىلەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ تىل - ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ۋە باشقا ئىلىملارغا ئائىت « مەجالىسۇن نەفائىس » (گۈزەللەر مەجلىسى)، « مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن » (ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە)، « مەنتىقۇتتەيىر » (قۇشلار تىلى) قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

نەۋائى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، تەڭداشسىز شائىر بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر مۇقامشۇناسى ئىدى.

نەۋائى پوئېزىيە بىلەن مۇزىكا بىر - بىرى بىلەن زىچ باغلىق بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە، دەپ چۈشىنەتتى. ئۇ « ياخشى شائىر بولۇش ئۈچۈن مۇزىكا ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش كېرەك » دەپ قارايتتى.

نەۋائىنىڭ شەرق مۇزىكىسى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان بۈيۈك تۆھپىسى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا مەركەزلىشىدۇ:

ئۇلۇغبەگ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزى سەمەرقەنتتىن ھېراتقا يۆتكەلدى. نەۋائى بۇ دەۋردە ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى، ئىجادى ۋە تالانتىنى ئىنسانىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۆرەشكە، ئىلىم - پەن ۋە سەنئەت تەرەققىياتىغا بېغىشلىدى.

بۇ دەۋردە نەۋائى بۈيۈك مۇزىكا ئۇستازلىرىنى، ئىستىداتلىق سازەندىلەرنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالدى. نەتىجىدە ئەل فارابى دەۋرىدە شەكىللەنگەن « ئون ئىككى مۇقام » يەنىمۇ راۋاج تاپتى.

مۇقام مۇزىكىسى ساھەسىدە، بولۇپمۇ نەۋائى بىلەن ئابدۇراھمان جامى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە دوستلۇق كاتتا ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. جامىنىڭ نەۋائى تەشەببۇسى ۋە ياردىمى بىلەن يازغان « رىسالەئى مۇسىقى » (مۇزىكا ھەققىدە رىسالە) ناملىق ئەسىرىدە « ئون ئىككى مۇقام » توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئەينى ۋاقىتتا زەينەبىدىن ئەل ھۇسەينى دېگەن ئالىم « قانۇنى ئىلمى ۋە ئامالى مۇسىقى » ناملىق مۇزىكا دەرسلىكى يېزىپ، ئۇنى نەۋائىغا بېغىشلىغان. نەۋائىنىڭ تەشكىلاتچىلىقى ئاستىدا، ھېرات بىر مەزگىل مۇقامشۇناسلارنىڭ پائالىيەت مەكتىپگە ئايلانغان. تارىخچى ھاپىزى ئەبرۇ بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: « گۈزەل ۋە شوخ ئاۋازلىق ھاپىزلار ۋە سازەندىلەر ئىنتايىن نەپىس ساز چېلىپ، ئىران، ئەرەب، تۈرك، موغۇل، قەشقەرىيە، ئالتاي كۈيلىرىنى ناھايىتى شېرىن ۋە تەسىرلىك ئىجرا ئېتەتتى » ①.

نەۋائى مۇقام مۇزىكىلىرى ساھەسىدە تەشكىلاتچى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە مۇزىكا ئالىمى ۋە داڭلىق سازەندە ئىدى. « تەۋارىخى مۇسىقىيۇن » (مۆجىزى) دا: مۇزىكىنىڭ « سەككىزىنچى پىرى ھەزرىتى ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائىدۇر. بۇ ئەزىزنىڭ ھەممە پەزىل-شاراپەتلىرى ئۆزى يازغان شېئىر كىتابلىرىدىن ئايان بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ < كۇللىيات، چاردىۋان >لىرىدىن، < خەمسە >سىدىن ھەم بۇلاردىن باشقا، ئىلگىرى-كېيىن، ئاز-كۆپ

---

① « ئۆزبېك تىياترى »، تاشكەنت. ئۆزبېكىستان « پەن نەشرىياتى »، 1975-يىل نەشرى، 232-بەت.

بولۇپ پۈتكەن 36پارچە كىتابىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭ خىسلەت ۋە ئىشق مۇھەببىتىدىن خەۋەردار بولدۇم. ئۇ مۇشۇنداق قىممەتلىك ئىلىملارنىڭ ئۈستىگە، يەنە ئۆزىنىڭ پىر-ئۇستازى بولغان ھەزرىتى جامىدىن مۇزىكا ئىلمىنى ياخشى ئۆگەندى. ھەر كېچىسى ساتار ياكى تەمبۇر چېلىپ، ئۆزى يازغان غەزەللەر بىلەن ھەمد ئېيتىپ بىھۇش بولۇپ كېتەتتى. ئۇ ناۋا دېگەن بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ ئالەمگە تارقاتتى» ① دەپ يازىدۇ.

نەۋائىنىڭ «مەجالسۇن نەفايس» ناملىق ئەسىرى مۇزىكا نەزەرىيىسى ۋە ئەينى دەۋردىكى مۇزىكىشۇناسلارنىڭ پائالىيىتىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەينى دەۋردە مۇقام ۋە مۇزىكا بىلەن شۇغۇللانغان شائىرلارنىڭ رويخىتىنى كۆرسەتكەن ھەمدە ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئۇستازى جامى، خوجا يۈسۈپ بۇرھان، تاغىسى مۇھەممەت ئېلى غېرىبى قاتارلىق شۇ زامانىنىڭ مەشھۇر سەنئەتكارلىرىنى ئەسلەپ ئۆتكەن②. ئۇ «مەھبۇبۇل قولۇپ» ئەسىرىنىڭ 2-بابى «مۇغەننى» (ناخشىچى) قىسمىدا مۇزىكا ۋە قوشاقنىڭ ئىمونىتسىئال تەسىرى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنى ناھايىتى يۇقىرى باھالايدۇ ھەمدە شۇ زامانىنىڭ مۇقام مۇزىكىلىرىدىن نەي، غىجەك، تەمبۇر، چاڭ، ئۇد، راۋاب، قوبۇز، قالۇن، چاغانە قاتارلىق مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ پەزىلەتلىرىنى تەرىپلەيدۇ. «خەمسە تۇل موتەھەييىرىن» ناملىق ئەسىرىمۇ مۇزىكا نەزەرىيىسىگە بېغىشلانغان.

قىسقىسى، ئەلىشىر نەۋائى ھەم نەزەرىيە، ھەم ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئون ئىككى مۇقامنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە تاكامۇللىشىشى ئۈچۈن ئۈچمەس تۆھپە قوشقان داڭلىق مۇقامشۇناستۇر. ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ نۇرغۇن نەغمىلىرى

① مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسقىيۇن». مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982-يىل نەشرى،55-، 56-بەتلەر.

② نەۋائى: «تاللانغان ئەسەرلەر». III جىلد. 1948-يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 13-، 112-بەتلەرگە قاراڭ.

(تەخمىنەن 50پىرسەنتتىن ئارتۇق تېكىستلەر)گە نەۋائىي غەزەللىرى دەستىلەنگەن. ئېھتىمال، نەۋائىي دەۋرىدە مۇقامغا تېكىست قىلىنغان نەۋائىي غەزەللىرى تېخىمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. بۇمۇ مۇقامنى كلاسسىك خاراكتېرگە ئىگە قىلغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە مەلىكە ئامانىسا، قىدىرخان قاتارلىق مەشھۇر مۇقامشۇناسلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تولۇق رەتلىنىپ، چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىم ئۆزئارا يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن چوڭ تىپتىكى مۇزىكىغا ئايلىنىپ، ئون ئىككى مۇقام مەدەنىيىتى تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە دەۋرى باشلانغان دەپ قارالسا، ئۇنداقتا نەۋائىي يېتەكلىگەن ھېراتتىكى مۇقامشۇناسلىق پائالىيىتى ۋە نەۋائىينىڭ بۇ ساھەدىكى تۆھپىسىنى مۇقام تارىخىدىكى يەنە بىر گۈللىنىش دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ.



# مۇھەممەت پالۋان (كۆچتۈگگۈر)

مۇھەممەت پالۋاننىڭ تارىخىي شەخسىيىتى ھەققىدە ھازىرچە ئىشەنچلىك تارىخىي مەنبەگە ئىگە ئەمەسمىز. زەھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر ① نىڭ «بابۇرنامە» ناملىق مەشھۇر تارىخىي ئەسىرىدە ئېيتىلىشىچە، سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا (ھۈسەيىن بايقارا) نىڭ بەگلىرىدىن، «مۇھەممەت بۇرۇندۇق بارلاس — چاكۇ بارلاس نەسلىدىندۇر. مۇھەممەت بۇرۇندۇق ئىبنى ئەلى ئىبنى بۇرۇندۇق ئىبنى جەھانشاھ ئىبنى چاكۇ بارلاستۇر. بابۇر مىرزىنىڭ قېشىدا بەگ ئىدى... ئۆزلىرى خوراسانغا، سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا قېشىغا باردى. مىرزىمۇ ئۇلارغا ياخشى ئېتىبار بەردى. مۇھەممەت بۇرۇندۇق ئىنتايىن بىلىملىك، ئىنتايىن سەردار كىشىدۇر. ئۇ، قۇشقا مەھلىيا ئىدى.» ②، «مۇزىكا ئىجادچىلىرىدىن باشقىلىرىغا ئوخشىمايدىغان بىرى پالۋان مۇھەممەت بۇ سەئىد ئىدى. پالۋانلىقتا ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى، شېئىر يازاتتى. كۆي-ناخشىلارمۇ ئىجاد قىلاتتى. چارىگاھتىن ياخشى بىر ناخشىسى

---

① بابۇر (1483-1530) ئاقساق تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئاتىسى ئۆمەر شەيخ مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەبۇ سەيىد مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى سۇلتان مۇھەممەت مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى ئاقساق تۆمۈردۇر. بابۇر ئانا تەرەپتىن يەركەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان ۋە «تارىخى رەشىدى» نىڭ يازغۇچىسى مىرزا ھەيدەر بىلەن بىر نەۋرە بولىدۇ. بابۇر تارىختىكى مەشھۇر «ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسى» نىڭ قۇرغۇچىسىدۇر.

② بابۇر: «بابۇرنامە». مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 317-، 343-، 344-بەتلەر.

بار ، خۇش سۆھبەت ئادەم ئىدى. پالۋانلىق بىلەن مۇنچە خىسلەتلەرنى بىر يەرگە جەم قىلماق ئاجايىپ بىر ئىش.» ①

«بابۇرنامە» دىكى بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، پالۋان مۇھەممەتنىڭ ئەلشىر نەۋائى بىلەن زاماندىش ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ بىر قەبىلە (بارلاس) دىن ئىكەنلىكى، ھىراتتا ياشىغانلىقى، ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھۇزۇرىدا بەگ بولغانلىقى، ھۈسەيىن بايقارا ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بەدىئۇز زامان مىرزا بىلەن مۇزەپپەر ھۈسەيىن مىرزا ھىرات تەختىگە ئولتۇرغان زامانلاردىمۇ ئۇلارنىڭ ئېتىبارلىق پېشقەدەم بەگلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

پالۋان مۇھەممەتنىڭ شەخسىيىتى ھەققىدە موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى «تەۋارىخي مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە بىرقەدەر كەڭ ۋە تولۇق مەلۇمات بېرىدۇ. مۇزىكىنىڭ «ئون تۆتىنچى پىرى ھەزرىتى پەھلىۋان مۇھەممەت كۆچتۈگگۈردۇر. خۇدا يىتائالا ئۆز ئۇستىلىكى ۋە كارامىتى بىلەن بۇ كىشىگە شۇنداق بىر قابىلىيەت ئاتا قىلغان ئىدىكى، ئۇ ھەم ئۇلۇغ ئۆلىما، ھەم ئەڭ كاتتا ئەۋلىيا، ھەم زەربەردەست پەھلىۋان ئىدى. مىڭ يىللار ئۆتۈپ ئۇنىڭدەك پەھلىۋان چىقمىغان. ئۇ ھەم شائىر، ھەم نەغمىچى، ھەم زور باي ئىدى. شۇنىڭغا مۇۋاپىق ئۇنىڭدەك خۇش خۇلق، خۇش سۆز ئادەم يوق ئىدى. ئۇ يۇقىرىدا ئىسمى ئېيتىلغان ئۇلۇغ ئۇستازلار باراۋىرىدە مۇزىكا ئىلمى ھەققىدە ئەسەرلەر يازدى، پائالىيەتلەر ئېلىپ باردى. تۇرلۇك-تۇرلۇك ناخشا، تېكىست، ئاھاڭلار ئىجاد قىلدى. ئۇ ئىشلىگەن مۇقام كۈيلىرىنىڭ بىرى چاھار زەرب بولۇپ، ھەممە ئۇستازلارنىڭ كۈيلىرىدىن ياخشى ھەم يېقىملىق بولغان ۋە تېزلا داڭ چىقارغانىدى. مەشھۇر ئىجادىي مۇقاملىرىنىڭ

① بابۇر: «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 317-، 343-، 344-بەتلەر.

بىرى، چاھار زەرب، بىرى چارىگاھ مۇقامى ئىدى... شۇڭا خوراسان مەملىكىتىدە، ئىراق، سەمەرقەند ۋە يەركەن خەلقى ئىچىدە ئۇنى بىلمەيدىغان نەغمىچى يوق. يەنە بىرى، دوگاھ مۇقامى بولۇپ،... بۇ بابۇر سۇلتان نامىغا باغلىنىپ تولىمۇ تەسىرلىك ھەم مۇۋاپىق مۇقام بولغان. يەنە پەنجىگاھ مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەزرىتى مەۋلانە كاتىبىنىڭ ① بىر شېئىرىنى سالغان ئىدىكى، ئۇنى ئاڭلىغان كىشى ھۇزۇرلىناتتى...»، «بۇ ئەزىز بۇلاردىن باشقا، يەنە بىھېساب غەزەل، مۇقام، ئاھاڭلار ئىجاد قىلدى. مەشھۇرلىرى مۇشاۋرەك، بايادەك ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان چاھار زەرب، دۇگاھ، سىگاھ، چارىگاھ، پەنجىگاھلار بولۇپ، غەرب ۋە شەرق ئوتتۇرىسىدا مەشھۇردۇر...»، «بۇ ئەزىزنىڭ ئۇلۇغلىقىنى شۇ يەردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائى ھەزرەتلىرىدەك ئالىيجاناب زات بىلەن قىرىق يىل ھەمسۆھبەت، دوست بولۇپ ئۆتتى. ئەگەر بۇ كىشىنىڭ تەبىئىتىدە زەررىچە ئەيىب بولسا ئىدى، نەۋائى ئۇنى دوستلۇققا قوبۇل قىلمىغان بولاتتى. ئەكسىچە، نەۋائى: < مەن پەھلىۋان مۇھەممەت كۆچتۈڭگۈر بىلەن قىرىق يىل ھەمسۆھبەت بولدۇم، بۇ جەريانىدا كۆڭلۈم مالال بولغۇدەك ھېچقانداق ئىش ئۆتۈلمىدى، بەلكى دوستلۇق مۇھەببىتىمىز كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ باردى > دەپ يازغان... بۇ ئەزىز شېئىرى مۇئەممما (مەنىسى يوشۇرۇن شېئىر) ئىلمىدە دەۋرىنىڭ يېگانىسى، زامانىنىڭ نادىرى ئىدى. بۇ پەن توغرىسىدا ئۇ نۇرغۇن كىتابلار يازدى. شۇ زامانىدىكى شائىرلارنىڭ يۈزدىن بىرىدە مۇنداق قابىلىيەت يوق ئىدى. شائىرلار ھەرقانداق شېئىر يازسا پەھلىۋانغا كۆرسىتىپ ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلاتتى...»، «مىڭ-مىڭلىغان كىشىلەر بۇ ئەزىزنىڭ قولىدا قۇرئان ياد ئالدى، شەرىئەت ئىلمىنى

① مەۋلانا كاتىبى-مىلادى 15-ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئىران شائىرى، ھىجرىيە 839-يىل (مىلادى 1435-يىلى) ئاستراباتتا ۋاپات بولغان.

ئۆگىنىپ ئالىم بولدى. ئۇ ھەربىي ئىلمدە سۇلتان ھۇسەيىن باھادىرخاننىڭ پۈتۈن قوشۇنىغا ئۇستاز ئىدى. ئۇ، شائىرلارنىڭمۇ ئۇستازى ئىدى. مۇزىكا ئىلمىدىمۇ ھەرخىل مۇقاملارنى ۋە مىڭلىغان شاگىرتلارنى يادىكار قىلدى... پەھلىۋان بىر كۈنى تۇيۇقسىزدىن بىھوش بولۇپ يىقىلغىنىچە ئالەمدىن كەتتى. پادىشاھدىن گادايغىچە پۈتۈن خوراسان خەلقى ھازىدار بولۇپ، گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك بىر ئەھۋال يۈز بەردى. ئۆزى ھايات ۋاقتىدا راسلاپ قويغان ۋە ھەر كېچىسى كىرىپ ئىستىقامەت قىلىپ كەلگەن نىمەتى ئاباتتىكى يەرلىكىگە ھىجرىيە 899-يىلى (مىلادى 1443-1444-يىلى) دەپنە قىلىندى.① »

مۆجىزىنىڭ يۇقىرىقى بايانىدىن ئىككى نۇقتا دىققەتكە سازاۋەركى، بىرى، پەھلىۋان مۇھەممەت ھەققىدە مۆجىزە سۆرەتلىگەندەك، ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر شائىرى ۋە تەڭداشسىز مۇقامشۇناسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا تىلغا ئالغان ئۇن يەتتە نەپەر مۇزىكا «پىرى» نىڭ ئىچىدە ئەڭ تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغىنى ۋە كۆپ سەھىپە ئاجرىتىلغىنى مۇزىكىنىڭ «ئون تۆتىنچى پىرى» سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان ئەنە شۇ پالۋان مۇھەممەتتۇر.

دەرۋەقە، بۇ زاتنىڭ مۆجىزى تىلغا ئالغان شېئىر-دىۋانلىرى ۋە مۇزىكا ئىجادىيەتلىرى يازما ھالدا دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئەمما شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، مۆجىزى بۇ قىممەتلىك ئەسىرىنى يېزىشتىن ئاۋۋال پالۋان مۇھەممەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغان ياكى پالۋان مۇھەممەتكە بېغىشلانغان تارىخىي ئەسەرلەرنى تولۇق ئوقۇپ چىققان. بۇ پىكرىمىزنى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» غا يازغان مۆجىزىنىڭ كىرىش سۆزىدىكى تۆۋەندىكى قۇرلار ئىسپاتلاپ بېرىدۇ: بۇ ئالىي

① مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن». مىللەتلەر نەشرىياتى. 1982-يىل نەشرى، 59-، 63-بەتلەر.

ئەمىرنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىپ تارىخ تەزكىرىلەرنى يىغىپ، «تارىخى رەشىدى»، «تەۋارىخى تەبىرى»، «تەۋارىخى رەۋزە تۇسسەفا»، «تەۋارىخى هۆكۇما»، «تەۋارىخى ئەجەم»، «تەۋارىخى ئەرەب» لەردىن ئاساس تاللىدىم ھەم زور ئالىم، مۇزىكا ئۇستازلىرىدىن فىساغوروس، فارابى، پەھلىۋان مۇھەممەت كۆچتۆگگۈر، ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائى پىرىمىنىڭ بۇ پەن ھەققىدە يازغان كىتاب ۋە رىساللىرىدىن پايدىلاندىم» ①.

شۇڭا مۆجىزىنىڭ پالۋان مۇھەممەت توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئىشەنچلىك (گەرچە بەزى مۇبالىغىلەر بولسىمۇ) دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن مۆجىزى بۇ زاتنىڭ ۋاپات بولغان يىلى ھەققىدە يېڭىلىشقان. «بابۇرنامە» دە پالۋان مۇھەممەت سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ۋاپات بولغان دەۋرلەردە (مىلادى 1505-يىللىرى) تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. مۆجىزىمۇ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ پالۋان مۇھەممەتكە بېغىشلىغان «ھالەتى پەھلىۋان مۇھەممەت» ئەسىرىدىن مىسال قىلىپ، «نەۋائى پەھلىۋان مۇھەممەت بىلەن قىرىق يىل ھەمسۆھبەتتە بولغان» لىقىنى يازغان. بۇ پاكىتلار ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن بولۇپ، پەھلىۋان مۇھەممەتنىڭ نەۋائىدىن كېيىن ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم.

دېمەك، پالۋان مۇھەممەت دوستى ئەلىشىر نەۋائى بىلەن بىللە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان بۈيۈك مۇقامشۇناستۇر.

---

① مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981-يىل نەشرى، 50-بەت.

# سۇلتان سەئىدخان

(1484-1533)

سۇلتان سەئىدخان مەشھۇر يەركەن خانلىقىنىڭ (مىلادى 1514-1679-يىللار) قۇرغۇچىسى، ئاتاقلىق شائىر، ھەربىي ئالىم، داڭلىق مۇزىكانت ۋە مۇقامشۇناس.

سەئىدخانىنىڭ قاچان، قەيەردە تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە ماتېرىياللاردا ھەرخىل مەلۇمات بېرىلگەن. ھاجى ئەھمەتنىڭ «دېڭىز ئۈنچىلىرى» ناملىق كىتابىدا سەئىدخان 1495-يىلى تۇغۇلغان دېيىلسە، ئابدۇرېھىم سابىق تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»دا مىلادى 1466-يىلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەركىزى ئاقسۇدا تۇغۇلدى، دېيىلىدۇ؛ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «غەربىي رايون مەدەنىيىتىدىكى مەشھۇر زاتلار» (خەنزۇچە) دېگەن كىتابتا 1485-يىلى تۇغۇلغان دېيىلسە، ۋ.غوپۇر، ئە.ھۇسەيىن تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى»دا 1484-يىلى تۇغۇلغان، دېيىلىدۇ. بىزنىڭچە 1484-يىلى تۇغۇلدى، دېگەن مەلۇمات بىر قەدەر ئىشەنچلىك. چۈنكى كۆپلىگەن مەنبەلەردە يەركەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان يىلى مىلادى 1514-يىلى بولۇپ، سۇلتان سەئىدخان 30 يېشىدا خانلىق تەختىگە چىققانلىقى، 20 يىل خانلىق تەختىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، 1533-يىلى تىبەتنى بويسۇندۇرۇپ يەكەنگە قايتىش سەپىرىدە ئالىي ئېگىزلىكتە ئىس ئېلىپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى يولدا ۋاپات بولغانلىقى ئېيتىلىدۇ.

سەئىدخاننىڭ دادىسى سۇلتان ئەھمەتخان نەسەپ جەھەتتىن چاغاتاي ئەۋلادىدىن مۇسۇلمان ئىدى. ئۇ ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن مۇغۇلستان خانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئوقۇمۇشلۇق ھەربىي سەركەردە ئىدى. سەئىدخاننىڭ چوڭ دادىسى يۇنۇسخان بۈيۈك ئالىم، ئاسترونوم مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ياردىمى بىلەن مەشھۇر ئالىم مەۋلانا ئەلى يەزدىگە شاگىرت بولغان، ئۇنىڭدا 12 يىل ئوقۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك ئالىمى بولۇپ يېتىشكەن. سەئىدخاننىڭ دادىسى ئەھمەتخان يونۇسخاندىن بىۋاستە تەربىيە ئالغان ۋە ئوغلى سەئىدخاننى كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ئىلىم-مەرىپەت سۆيى بىلەن يۇغۇرغان. سەئىدخان يەنە بىر نەۋرە تۇغقىنى، ھەربىي ئالىم ۋە شائىر ئوبۇلقاسىم بابۇر بىلەن بىر مەزگىل ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرىنى ناھايىتى پۇختا ئۆگەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، 20ياش ۋاقتلىرىدىلا ئۆز دەۋرىنىڭ ئىقتىدارلىق ئالىمى بولۇپ تونۇلغان.

سەئىدخاننىڭ بىۋاستە تەربىيسى ئاستىدا يېتىشكەن تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەر كوراگان «تارىخى رەشىدى» (زەيلى) ناملىق ئەسىرىدە سەئىدخاننى مۇنداق تەرىپلىگەن: «سەئىدخان كۆچلۈك مەرىپەتپەرۋەر مەدەنىيەت ئاشناسى ئىدى... ئۇنىڭ دەۋرىدە قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ھاۋاسى نۇرلاندى، سەئىدخان ئېسىل، نىجاتكار ۋە ئالىيجاناب كىشى ئىدى، تەكەللۇپنى ياخشى كۆرمەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا، جەسۇر ۋە جەڭگىۋار بولۇپ، سىپاگەرچىلىكتە قوماندان ئىدى.»، «سەئىدخان خەتتاتلىق، شېئىرىيەت، ھەلچىلىك، تامغىچىلىق، زەرگەرلىك، نەققاشچىلىق، مىمارچىلىق، سازچىلىق، ئوق ئۆتمەس تۆمۈر كىيىم ياساش، ئوق، قىلىچ، نەيزە ياساش، مىنال ئاتىرىش قاتارلىق ھۈنەر-سەنئەتلەردە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىقتىدارلىق كاملى ئىدى. سەنئەتنى قىزغىن سۆيەتتى. ئۇد، ساتار، تەمبۇر، چاھارتار (تۆت تار) غىجەكلەرنى

ياخشى چالاتتى. تۈركچە، پارسچە بەھۇزۇر شېئىر يازالايتتى. قىسقىسى، ئۇ ھەم ئەلەم، ھەم قەلەم ساھەسىنىڭ ئۇستىداتلىق ماھىرى ئىدى.»

سۇلتان سەئىدخان يۇقىرىقىدەك سۈپەتلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ناھايىتى تېز شۆھرەت تاپقان ۋە كۆپ ھىمايىگە ئىگە بولغان. ئۇ «يەركەن خانلىقى»نىڭ خانى سۈپىتىدە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىللىرىدە، ئالدى بىلەن پارچىلىنىپ كەتكەن فېئودال بۆلۈنمە بەگلىكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان «يەركەن خانلىقى» دائىرىسىدە (سەئىدخان دەۋرىدە شەرقتە قۇمۇلدىن غەربتە بەدەخشانغىچە بولغان رايونلارنىڭ ھەممىسى «يەركەن خانلىقى»غا قارايتتى) بىر قەدەر مۇقىم سىياسىي ۋەزىيەت تۇرغۇزغان. ھەرخىل ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىسلاھاتلىرىنى ئېلىپ بارغان. بولۇپمۇ ئۇ مەرىپەتنى قىزغىن سۆيگەچكە، ئۆز دەۋرىنىڭ بىلىم ئەھلىلىرىنى ئالاھىدە ئەتىۋارلىغان. ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە باشقا پەنلەر بويىچە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن سەئىدخان دەۋرىدە قەشقەر ۋە يەركەن قايتىدىن جانلىنىپ، يەنە بىر قېتىم مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان.

سەئىدخان گەرچە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى توپلاش، رەتلەش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈشتەك دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي ئەھمىيەتلىك خىزمەتكە ئۆزى بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلمىغان بولسىمۇ، كۆڭلىگە ئاشۇنداق بىر يۈكسەك مۇددىئانى پۈكۈپ، بۇ ئىش ئۈچۈن ياخشى شەرت-شارائىت ھازىرلاشقا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئەينى چاغدا ئۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە قۇرۇلغان مەشھۇر «ساجىيە مەدرىسى» ئاساسىدا قايتا تىكلىگەن قەشقەر «خانلىق مەدرىسى» ۋە يەركەندە قۇرغان «خانلىق مەدرىسى»لىرى ھەمدە يەركەندىكى ئوردا كۆل بويىغا قۇرغان «دىۋانخانا» (خانلىق كۇتۇپخانا) شۇ ۋاقىتلاردا سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدىلا

ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە مەشھۇر بىلىم يۇرتلىرى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى ئىدى. بۇ ئىلىم يۇرتلىرىدا ئەرەب تىلى، پارس تىلى، ئوردە تىلى، ھېساب، تارىخ، مېدىتسىنا، ئاسترونومىيە، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەر قاتارلىق ئىلىملاردىن تاشقىرى ئەدەبىيات، مۇسىقى (مۇزىكاشۇناسلىق) قاتارلىق پەنلەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ھەر قايسى جايلاردىكى مەشھۇر ئالىملار ئۇيۇشقانىدى. سەئىدخان دەۋرىدىكى قەشقەر ۋە يەركەننىڭ بۇنداق گۈللەنگەن ۋەزىيىتىنى خۇددى ئەلىشىر نەۋائى دەۋرىدىكى ھېراتنىڭ ۋەزىيىتىگە ئوخشىتىش مۇمكىن.

سەئىدخان يۇقىرىدا كۆرسىتىلگىنىمىزدەك تالانتلىق شائىر، مەشھۇر مۇسەننىپ ھەم موغەننىي (مۇزىكانت ھەم مۇقامچى) بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىجادىيەتلىرى دەۋرىمىزگە تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەن. پەقەت «تارىخى رەشىدى»دە ئۇنىڭ بىر قانچە پارچە شېئىرلىرى ئۆرنەك قىلىنغان:

قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈلى رەئناسى بار،
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.
ھۇر بىرلە جەننەتۇل-مەئۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن،
يارنىڭ كويىدا يۈزمىڭ جەننەتۇل مەئۋاسى بار.
لەئلىدىن خەتتى بودۇر ھەر دەم تىرىكلىككە نىشان،
خۇش نىشاندۇركى ئىكى قاشىدىن تۇغراسى بار.
بىر سۈجۈك سۆز بىرلا ئۆلگەن جىسمىم بەردىڭ ھەيات،
لەئلى جان بەخشىڭدە گوياكىم مەسىھ ئەنفاسى بار.
يۈزى ئۆزرە كاكۇلۇ زۇلفىن پەرىشان كۆرگىلى،
ئى سەئىد ئاشۇفتە كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار.

سەئىدخاننىڭ بۇ شېئىرنى مۇقام ئاھاڭىغا سېلىپ ئېيتقانلىقى مەلۇم. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، سەئىدخان قۇرغان

«يەركەن خانلىقى» دەۋرى «قاراخانىيلار خانلىقى» دەۋرىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بۇ دەۋردە تىل جەھەتتە ئەرەب ۋە پارسلاشتۇرۇشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەنئەنىۋى ساپلىقى كۆرۈنەرلىك بۇزۇلۇشقا ئۇچراپ، شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىياتى ۋە مۇزىكا تىلىدا ئەكس ئەتكەن. بۇنداق ھالەتنى سەئىدخان دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ ئەپسۇسلىنارلىق تەرىپى دېيىش مۇمكىن.



# سۇلتان ئابدۇرەشىدخان

( 1510-1570 )

« يەركەن خانلىقى » ( « سەئىدىيە خانلىقى » ) دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان مەرىپەتپەرۋەر دۆلەت ئەربابى، تالانتلىق ھەربىي سەركەردە، شائىر ۋە مەشھۇر مۇقام ئۇستازى ئابدۇرەشىدخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ھىجرىيە 915-يىلى (مىلادى 1509-1510-يىللىرى) پەرغانىدە تۇغۇلۇپ، ھىجرىيە 971-يىلى (مىلادى 1569-1570-يىللىرى) يەركەندە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ جەسىتى يەركەندىكى خانلار قەبرىستانلىقى « ئالتۇنلۇقۇم » غا دەپنە قىلىنغان.

مىلادى 1533-يىلى سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان « يەركەن خانلىقى » نىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خانى بولۇپ، دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشقا باشلايدۇ. ئابدۇرەشىدخان بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن تارتىپلا ئىلىم-پەننىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى بويىچە ئەتراپلىق بىلىم ھاسىل قىلىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ خەلقپەرۋەر دۆلەت ئەربابى، مەشھۇر سىياسىيون، شائىر، سازەندە ۋە ئۇستا خەتتات بولۇپ يېتىشىدۇ. ئۇ دادىسى بىلەن بىللە كۆپ قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتنىشىپ، ھەربىي ئىلمىنىمۇ پۇختا ئۆگىنىدۇ. ئۇ دادىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ، جۈملىدىن ئەينى دەۋردىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە كىچىكىدىن تارتىپلا ئىلىم-پەننى

قەدىرلەيدىغان، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان خەلقپەرۋەر بىر كىشى بولۇپ يېتىلدى. ئۇ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئۈنۈملۈك چارە-تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، خەلق ئارىسىدىكى تالانت ئىگىلىرىنى، قابىلىيەتلىك ئالىم، ئەدىبلەرنى، مۇزىكانت ۋە مۇقامشۇناسلارنى، ھۈنەرۋەنلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، مەدەنىيەتنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلدى.

موللا مىرسالىھ قەشقەرىنىڭ «چىڭگىزنامە» ناملىق ئەسىرىدە: «ئابدۇرەشىدخان تىرەندازلىق (مەرگەنلىك) ۋە چابوكسۇۋار (چەۋەنداز) لىقتا ئۇلۇغ خان (سۇلتان سەئىدخاننى دېمەكچى .ئا) دىن ئېشىپ كەتتى. ئابدۇرەشىدخان پادىشاھ زادەئى دىلاۋەر ۋە مەردانە خۇش مەنزەر ۋەنكوسە يىگىرمە ئۈچ يېشىدا تەختخانىغە ئولتۇردى. شېئىر فارسى ۋە تۈركىنى خوپ ئېيتۇر ئىدىلەر. خۇش سەۋاد ئىدى. ھەر نەچچە بى ئىملا خەت بولسە، خوپ يادا ئالغاندەك ئوقۇر ئىردى.» ① دەپ بايان قىلىندۇ.

گۈللەنگەن سەئىدىيە دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي ئۇتۇقلىرى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ئەڭ پارلاق مەدەنىيەت دەۋرى ئېچىلىپ، ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى، مۇقامچىلىقى دەۋر بۆلگۈچ ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىدۇ.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم تۆھپىسى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە بېيىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ ئەينى دەۋردە ئۆزى باش بولۇپ خانلىق ئوردىسى يېنىدا مۇزىكا مۇئەسسەسى (ئورگىنى)، قۇرۇپ، ئۇنىڭغا مەشھۇر مۇقام ئۇستازى، شائىر قىدىرخان بىلەن

① «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 105-بەت.

خوتۇنى مەلىكە ئامانىسانى باش يېتەكچى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. بۇ مۇزىكا مەكتىپى ئەتراپىغا خانلىق تەۋەسىدىكى ئاتاقلىق مۇزىكىچىلار، مۇقامچىلار جەم بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە ئىراق، ئىران، تەبرىز، خارەزىم، سەمەرقەند، ئەنجان، ئىستامبۇل، كەشمىر، بەلخ، شىراز قاتارلىق يىراق شەھەرلەردىن مۇزىكا ئۆگىنىشكە كەلگەن كۆپلىگەن شاگىرتلار جەم بولىدۇ.① شۇنىڭ بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى — ئون ئىككى مۇقامنى توپلاش، ئۆگىنىش، رەتلەش دولقۇنى ئەۋج ئېلىپ، ئون ئىككى مۇقامنى ئىلمىي ۋە سىستېمىلىق ھالدا يۇرۇشلەشتۈرۈش ئىشى رويابقا چىقىدۇ. بۇنى مۇقام تارىخىدىكى ئىككىنچى چوڭ گۈللىنىش باسقۇچى دېيىشكە بولىدۇ.

دېمەك، ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ئەۋج ئېلىپ، يېڭىلىق تەرەپدارلىرى مۇئەتەسسىپ روھانىيلار ۋە سوپى-ئىشانلارنىڭ سۇيىقەست ۋە زىيانكەشلىكلىرىگە ئارقا-ئارقىدىن ئۇچراۋاتقان بىر تارىخىي شارائىتتا، ئابدۇرەشىدخان مىسلىسىز جۈرئەت ۋە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، «ئون ئىككى مۇقام»نى رەتلەشكە يېتەكچىلىك قىلىپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇردى. شۇڭا بۇ تارىخىي تۆھپە قىدىرخان ۋە مەلىكە ئامانىسا بىلەن بىللە سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغىمۇ مەنسۇپ، ئەلۋەتتە.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمنىيە» ناملىق ئەسىرىدە ئېيتىلىشىچە: «ئابدۇرەشىدخان موللا، فازىل (شائىر) بولۇپ، فارىس ۋە تۈركىي نەزمىنى ياخشى ئېيتۇر ئىدى. ئىلمىي مۇسىقىدا گوياكى فىساغوروس سانى (ئىككىنچى فىساغوروس) ئىدىلەر.» «تارىخى رەشىدى» (زەيلى)دە ھەم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ سۈپەتلىرىنى تەرىپلەپ: «ئۇ مۇزىكا ئىلمىنى پۇختا بىلەتتى. بەلكى مۇزىكا

① مۆجىزنىڭ «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىنىڭ 58-بېتىگە قاراڭ، مىللەتلەر ناشرىياتى، 1982-يىل نەشرى.

ئىلمىنىڭ مۇسەننىپىسى ئىدى. ئۇ چاھارتار (تۆت تار)، دۇتار، قالۇن، تەمبۇر، راۋاب، ئۇد، غىجەكلەرنى ياخشى چالاتتى. ئابدۇرەشىدخان ساز چالغاندا ھەر قانداق بى مازاق (زەۋقى يوق) كىشىلەرگىمۇ تەسىر قىلاتتى ۋە تەسىرلىك ھالەت پەيدا قىلاتتى. ئابدۇرەشىدخان خۇش نەۋىس (خەتتات) ئىدى، پارسى ۋە تۈركىي شېئىرلارنى ئىجاد قىلىشتا كامىل شائىر ئىدى.» ① دەپ بايان قىلغان. موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە مۇقامشۇناس مەلىكە ئاماننىسانى تەرىپلەپ، ئۇنىڭ «ئىشرەت ئەنگىز» ناملىق بىر مۇقام ئىجاد قىلغانلىقىنى ھەمدە بۇ مۇقام ئەينى دەۋردە ئابدۇرەشىدخان نامىغا باغلىنىپ ئەل ئىچىگە يېيىلغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. مەيلى قانداق بولمىسۇن، بۇ بايان بىزگە «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنىڭ ئىجاد قىلىنىپ تارقىلىشىدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ بىر ئۇلۇش ئەمگىكى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان «رەشىدى» دېگەن نام بىلەن تۈركىي ۋە پارس تىلىدا مۇھەببەت، ۋاپا، ئۈمىدۋارلىق، ساداقەت تۇيغۇلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلارنى ياراتقان. ئۇنىڭ «دىۋان رەشىدى»، «غەزەلىياتى رەشىدى»، «سىلاتىننامە» قاتارلىق دىۋانلىرى بولغان، ئەپسۇسكى ئۇلار دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

قىسقىسى، ئابدۇرەشىدخان ئىنساب-ئادالەتنى، خەلقپەرۋەرلىكنى، ئىلىم-مەرىپەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ زامانىدا ئەدلۇ-ئادالەت، ئەخلاق-پەزىلەت، مەرىپەت ۋە سەنئەت ئۆز زامانىسىغا لايىق ھالدا نۇر چېچىپ، سەئىدىيە ئاسمىنىدا پارلىغانىدى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېخىمۇ نۇرلانغانىدى.

---

① «تارىخى رەشىدى» (زەيلى) ماي باسما نۇسخا. 74-بەت.

# قىدىرخان يەركەندى

يۈسۈپ قىدىرخان 16 - ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر مۇقامشۇناس ۋە ئاتاقلىق شائىر بولۇپ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان سارىيىدا باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. شۇنداقلا خانلىق ئوردىسىدا قۇرۇلغان مۇزىكا ئورگىنىنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ، مەلىكە ئامانىسا ۋە ئاياز بەگ قوشچى قاتارلىق ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر مۇزىكانت ۋە شائىرلىرىغا ئۇستاز بولغان.

قىدىرخان يەركەندىنىڭ تارىخي شەخسىيىتى ھەققىدە ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق. پەقەت موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى ئۆزىنىڭ «تەۋارىخي مۇسقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە قىدىرخان ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ پەننىڭ ئون ئۈچىنچى پىرى قىدىرخان يەركەندىدۇر. بۇ پەندە بۇ ئەزىزدەك ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئاز. بۇ ئەزىز كۆپرەك ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائى ھەزرەتلىرىنىڭ غەزەللىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى. ئالەم ئۆتتۇر ئۇنىڭدەك خۇش ئاۋاز ئادەم بولمىغان دېيىشكە بولىدۇ. ئىراقتىن، ئىراندىن، تەبرىزدىن، خارەزىم، سەمەرقەند، ئەنجان، ئىسلامبول، كەشمىر، بەلخ، شىراز قاتارلىق شەھەرلەردىن مۇزىكا ئۆگىنىشكە كەلگەن شاگىرتلىرى بار ئىدى. راۋابنى ۋە ھەشتتار (سەككىز تارلىق بىر خىل چالغۇ) نى بۇ ئەزىز كەشىپ قىلدى. ئۇ يەنە شائىر ئىدى، < دىۋان قىدىرى > ناملىق كىتابى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىلمى ھەققىدىكى رىسالىلىرىدە چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. جەندە-كۆلا

كېيىپ يۈرەتتى. داڭلىق سۇلتان ئابدۇرەشىدخان غىزادىمۇ، يېتىپ-قوپۇشتىمۇ قىدىرخاندىن ئاجرىمايتتى. قىدىرخان < ۋىسال > نامىلىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتتى. ئۇ ئابدۇرەشىدخان پادىشاھدىن ئىككى يىل كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى» ① دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

مۆجزىنىڭ بۇ بايانىدىن قارىغاندا، قىدىرخاننىڭ مىلادى 1572-يىللىرى يەركەندە ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

قىدىرخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە تازا گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرى — سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدا ياشىغان. ئابدۇرەشىدخان ئىلىم-مەرىپەتنى قىزغىن سۆيىدىغان تەرەققىيپەرۋەر، خەلقپەرۋەر خان بولغاچقا، قىدىرخانغا ئوخشاش تالانت ئىگىلىرىنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى. شۇڭا ئۇ قىدىرخاننى ئەزىزلەپ ئۇنى كېچە-كۈندۈز يېنىدىن ئاجراتمىغان.

قىدىرخان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرى بويىچە ۋەزىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە گۈللەپ-ياشنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ ئوردا بىلەن خەلق ئارىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، خەلقنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرىنى ۋاقتىدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا پايدىلىق مەسلىھەت ۋە تەكلىپلەرنى بېرىپ تۇراتتى.

قىدىرخاننىڭ تارىختىكى ئەڭ زور تۆھپىسى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى توپلاش، رەتلەش، سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتلەرگە مەركەزلىشىدۇ.

دەرۋەقە، قىدىرخان ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق مۇزىكانتى ۋە

---

① مۆجزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن». مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982-يىل نەشرى، 58-، 59-بەتلەر.

مۇقام ئۇستازى بولغاچقا، مۇزىكا ئىلمىدە ئۇنىڭدەك ئەتراپلىق يېتىلگەن ئۇستاز ئاز ئىدى. شۇڭا مۆجىزى ئۆزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە قىدىرخانغا ناھايىتى يۇكسەك ئورۇن بەرگەن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، قىدىرخان باشچىلىقىدىكى يەركەن خانلىق ئوردىسىدا قۇرۇلغان مۇقام ئۆگىنىش مەكتىپىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ۋە ئەمەلىي نەتىجىسى نەۋائى دەۋرىدىكى ھېراتنىڭ مۇزىكا قىزغىنلىقىدىن ئېشىپ كەتكەن. چۈنكى، ئۇنىڭ مۇزىكا ئىلمى جەھەتتىكى نام-شۆھرىتى 14-ئەسىردە سەئىدىيە سۇلتانلىقى تەۋەسىدىن ھالقىپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا ئوتتۇرا شەرق رايونلىرىغىچە يېيىلغان.

قىدىرخان ئۆز ئىجادىي پائالىيىتى جەريانىدا مەۋلانە خۇلقى، ئاياز بەگ قوشچى، نەفىسى (مەلىكە ئامانىسا)، مىرزا مىرەك چالىش قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر شائىر ۋە مۇزىكانتلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، يەركەن خانلىقى مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا مۇزىكا ئىلمى ھەققىدە بىر قانچە رىسالە ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغانلىقى مەلۇم. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن مەلىكە ئامانىسا قاتارلىق شاگىرتلىرى بىلەن بىللە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مۇزىكا بايلىقى بولغان ئون ئىككى مۇقامنى چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن چوڭ مۇزىكا گەۋدىسى سۈپىتىدە يۈرۈشلەشتۈرۈپ رەتلەپ چىقتى ھەم ئۇنىڭ تېكىستلىرىنى بېگىلىدى. شۇنداق قىلىپ، نەۋائى شېئىرلىرىنىڭ ئاساسلىق ئورۇندا مۇقام تېكىستلىرىگە تاللىنىشى قىدىرخان دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مۆجىزىنىڭ قىدىرخان ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ «دىۋان قىدىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم. لېكىن بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسى ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق. پەقەت «دىۋان قىدىرى» توپلىمىنى تۈزۈشكە دائىر ئاپتور يازغان

« مۇقەددىمە » 1985 - يىلى يەركەن خەلقى ئارىسىدىن تېپىلدى.

« مۇقەددىمە » دەپ ئاتالغان بۇ بىر پارچە ئەسەر 28 بەت (بىر بېتى يوقالغان) بولۇپ، پاتلانغان خوتەن قەغىزىگە پارسچە يېزىلغان. بۇ قول يازما نامەلۇم بىر كاتىپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخا بولۇپ، ئۇنىڭ قاچان يېزىلغانلىقى توغرىسىدىمۇ بىر نەرسە يېزىپ قالدۇرۇلمىغان.

بۇ « مۇقەددىمە »دە بايان قىلىنىشىچە، شائىر قىدىرخان ئۆزىنىڭ ياشلىق كۆنلىرىدىن تارتىپ تۈرلۈك بەزمە-ئولتۇرۇشلاردا مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ نۇرغۇن شېئىرلارنى تۈزگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى قولدىن-قولغا ئۆتۈپ خەلق ئارىسىغا تارىلىپ كەتكەن. ئۇ ھەمسۆھبەت بولۇپ كەلگەن سۇلتان مۇھەممەت قاتارلىق ئۆلپەتداشلىرىنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئىلتىماسى بىلەن ئۆز شېئىرلىرىنى توپلاشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، خەلق ئارىسىدا تارىلىپ يۈرگەن غەزەللىرى 2000 پارچىدىن ئارتۇق ئىكەن.

« مۇقەددىمە »دىن مەلۇم بولۇشىچە، « دىۋان قىدىرى » توققۇز پارچە شېئىرلار توپلىمىدىن تۈزۈلگەن چوڭ ھەجىملىك دىۋان ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇ توپلامغا شائىرنىڭ مۇقامغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدىغان كۆپلىگەن شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەنلىكىنى قىدىرخان نامىدا خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن تۆۋەندىكى پارچىلار ئىسپاتلايدۇ:

مۇقام جەھاندا تاڭنىڭ سەباسى،
جەھانغە جانكى قالۇن سەداسى.
ھېچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل نەۋاسى،
ئالەمدە يوقكى بۇنىڭ بەھاسى.

يەنە بىر شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ھەشتتارىمىز قىلسا خەندان دىيارىمىنىڭ گۈلستانىدا ،
قۇزغۇن ئۆلۈپ، بۇلبۇل كۈلەر نەغمە مەشرەپ داستانىدا .
ئۇن ئىككى چوڭ تولۇن ئايدەك دىل رىشتەگە مەشئەل ياقار ،
ئۇنىڭ ئەمەس، بۇنىڭ ئەمەس ــ دىلكەشتەلەر بوستانىدا .

يۇقىرىقى شېئىرلار خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى تارقىلىش جەريانىدا ، گەرچە 14-ئەسىردىكى شېئىرىي تىل ئۇسلۇبىنى يوقاتقان بولسىمۇ ، ئەمما قىدىرخان ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ دەپ قارالغان ھەشتتار (سەككىز تارلىق چالغۇ) ناملىق چالغۇ ئەسۋابىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى بۇ شېئىرلارنىڭ قىدىرخان ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ .

دەرۋەقە ، مەرھۇمنىڭ مۇزىكا ئىلمى ھەققىدىكى ئەسەرلىرى ۋە شېئىرىي دىۋانلىرى ھازىرغىچە تولۇقى بىلەن قولىمىزدا بولمىسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئۇن ئىككى مۇقامنى رەتلەپ ، سىستېمىلاشتۇرۇپ دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىدەك بۈيۈك تۆھپىسى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىن پەخىرلىك ئورۇن تۇتۇشقا مۇناسىپ.

# مەلىكە ئامانىسا

(1534-1568)

يەركەن سەئىدىيە دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر قېتىم گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان يەركەندە كۆپلىگەن ئالىملار، شائىرلار، مۇزىكىشۇناسلار، تارىخچىلار، تېۋىپلار مەيدانغا كەلگەن. مانا شۇلار ئىچىدە يۈكسەك تالانت ۋە قابىلىيىتى بىلەن باشقىلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرى مەشھۇر مۇقامشۇناس، شائىرە مەلىكە ئامانىسادۇر.

ئامانىسانىڭ تارىخىي شەخسىيىتى ھەققىدە تارىخچى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» ناملىق رىسالىسىدىكى مەلۇماتتىن باشقا ئىشەنچلىك تارىخىي مەنبەگە ئىگە ئەمەسمىز.

«تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن»دا مەلىكە ئامانىسا ھەققىدە مۇنداق يېزىلغان: «...ئون يەتتىنچى پىرى مەلىكەئى ئامانىسا خېنىم ئىدى. بۇ خېنىم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خانىشى ئىدى. ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى بولۇپ، «دىۋان نەفسى» (نەفسى شېئىرلىرى توپلىمى) ناملىق شېرىن بىر كىتابنى يازغانىدى. خەتتاتلىقتا ئۈستۈن ماھارەتكە ئىگە ئىدى. مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەيدا بولغانىدى. سۇلتاننىڭ بۇ مەلىكىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ۋەقەسى مۇنداق بولغانىدى: سۇلتان ئۆز ۋەزىرى — ئەمىر ۋە

لەشكەرلىرى بىلەن پايتەختتى يەركەندىن ئاتلىنىپ چىقىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندى ۋە نەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولدى. سۇلتانىنىڭ كېچىلىرى دېھقانچە ساددا كىيىملارنى كىيىپ قونۇچى مۇساپىر سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە غېرىبانە قونىدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلەرگە زۇلۇم-سەتەم قىلغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بىر كۈنى سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەھرىمى بىلەن بىر خارابە ئۆيگە قونۇچى سۈپىتىدە كىردى. بۇ ئۆي مەھمۇت ئاتلىق بىر ئوتۇنچىنىڭ ئۆيى ئىدى، بۇ مەلىكە بولسا شۇ مەھمۇتنىڭ قىزى ئىدى.» ①

مۆجىزى تارىخچى ۋە مۇزىكا ئالىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز دەۋرىدە مەلۇم بولغان كۆپلىگەن تارىخىي كىتابلار ۋە مۇزىكا ھەققىدىكى نۇرغۇن رىسالىلەرگە ئاساسلىنىپ «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» ناملىق بۇ ئەسىرىنى يازغان. شۇنداق بولغاچقا، مەلىكە ئامانىسا خېنىم توغرىسىدىكى بايانلار، شۇنداقلا ئۇنىڭ يۇرتى توغرىسىدا بىشارەت بېرىلگەن بىر قانچە نۇقتا ئاپتورنىڭ قىياسى بولماستىن، بەلكى ئۆزى ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىشەنچلىك مەلۇماتلار ئىكەنلىكى ئېنىق.

مەزكۇر رىسالىدە، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ شىكار قىلىش ئۈچۈن پايتەخت يەركەن شەھىرىدىن چىقىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان ئەتراپىغا بارغانلىقى ۋە شۇ يەردە ئامانىسا خېنىم بىلەن ئۇچراشقانلىقى ئېنىق بايان قىلىنغان. مۆجىزى ئېيتقان «تارىم دەرياسى»، «تەكلىماكان ئەتراپى» دېگەن ئىككى ئۇقۇمنىڭ بۈنگىدىن تۆت ئەسىر بۇرۇنقى (يەركەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى) جۇغراپىيىلىك ئورنى بىلەن ھازىرقى زاماندىكى

---

① مۆجىزى: «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن». مىللەتلەر نەشرىياتى. 1982-يىل نەشرى، 65-بەت.

ئۇقۇم مەنىسى ئۆزگەرگەن جۇغراپىيىلىك ئورنى ئوخشاش ئەمەس. بۇرۇنقى تەتقىقاتلاردا بۇ نۇقتىغا سەل قارالغانلىقتىن، «ئامانىسا خېنىم مەكىت ناھىيىسىنىڭ تىزناپ دەرياسى بويىدىكى قۇمۇش مەھەللە دېگەن يېزىدا تۇغۇلغان، توققۇز يېشىدا ئائىلىسى بىلەن تەكلىماكان بۇرجىكىدىكى قازانكۆل جاڭگىلىغا كۆچۈپ كەتكەن» دېگەنگە ئوخشاش ئامانىسا خېنىم دەۋرىدىكى تارىخىي ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان يەكۈن ئالغا سۈرۈلگەن. چۈنكى ھازىرقى ۋاقىتتا «تارىم دەرياسى» بىر قانچە دەريا ئېقىنلىرى ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسى تەۋەلىكىدە قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان غول ئېقىننىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر مۆجىزى كۆرسەتكەن «تارىم دەرياسى» - نى ھازىرقى زاماندىكى «تارىم دەرياسى» نىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسىگە تەڭ دېيىلسە، ئۇ چاغدا ئامانىسا خېنىمنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ئاقسۇ تەۋەسىدە بولۇپ چىقىدۇ. شۇڭا بۇ مۇجىمەللىكنى ھازىرقى يەكەن دەرياسىنىڭ ئەسلىدىكى نامى ۋە تۆت ئەسىر بۇرۇنقى بۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك.

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، «يەكەن دەرياسى» دېگەن ئاتالغۇ يېقىنقى ۋاقىتلاردىكى جۇغراپىيىلىك نام بولۇپ، تېخى ئۆتكەن ئەسىردىمۇ يەكەن دەرياسىنىڭ نامى تارىم دەرياسىنىڭ نامى بىلەن قوشۇپ ئاتالغان. يەكەن دەرياسى تارىم دەرياسىنىڭ باش قىسمى ۋە ئەڭ ئاساسلىق غولىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بۇ دەريانىڭ نامى «ئوسمە تارىم»، «تارام دەرياسى» دەپ ئاتالغان. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ بۇ دەريانىڭ نامىنى «ئوسمە تارىم» دەپ تىلغا ئالغان. ھازىرقى يەكەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان ئارال يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى «تارام بويى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

«تارام» — دەريا تارمىقى ياكى تارماق دەريا دېگەن مەنىدە بولۇپ، «تارام» بىلەن «تارىم» تامامەن ئوخشاش

مەنىدىكى سۆز ھېسابلىنىدۇ. بۇ پاكىتلار «يەكەن دەرياسى» دېگەن نامنىڭ تارىختا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، مۆجىزى تىلغا ئالغان «تارىم دەرياسى» دەل يەكەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىن ئېقىپ، شەرقىي شىمال تەرەپكە سوزۇلۇپ كەتكەن «ئۇسمە تارىم»نى كۆرسەتىدىغانلىقى ئېنىق.

بۇنىڭدىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرىكى «تەكلىماكان ئەتراپى» دېيىلگەن جايلار ئۇسمە تارىم (ھازىرقى يەكەن دەرياسى) نىڭ غەربىي قىسمى بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەرلەر ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. بۇ جايلار بۇنىڭدىن بىر-ئىككى ئەسىر بۇرۇن قويۇق توغراقلىق، چاتقاللىق بىلەن قاپلانغان جاڭگاللىقلار بولۇپ، ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلار ۋە ياۋا قۇشلارنىڭ ماكانى ئىدى. يەكەن شەھىرىگە يېقىن بولغان بۇ جايلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئادەملەر تەرىپىدىن باغۇ-بوستانلىققا ئايلاندۇرۇلۇپ، باغتوغراق، تۆۋەن باغتوغراق، گۈزەر توغراق، يالغۇز توغراق، چېدىر توغراق، قاراڭغۇ توغراق، توغراقلىق ھويلا، توغراقمازار، جاڭگال، جاڭگالئېرىق، ئازغانباغ، ئاقتىكەن، شوخلۇق، چىغلىق، چىغرىق، چىغۋان، چىغلىق ھويلا، چىڭگىلىك دەپ ئاتىلىدىغان كەنت-مەھەللەرنى بەرپا قىلغان. ھازىرمۇ بۇ جايلاردا ھەرخىل تەبىئىي چاتقاللىقلارنى، قۇمۇشلۇق كۆللەرنى، تۇرلۇك ئېپتىدائىي ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

يەركەن سەئىدىيە خانلىق دەۋرىدە مەكىت مارالبېشىغا تەۋە بىر كىچىك يېزا بولۇپ، «قۇمۇش مەھەللە» دېگەن كەنت تېخى مۇشۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بارلىققا كەلگەن.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئامانىسا خېنىمنىڭ ئوردىغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا نەۋائى، فۇزۇلى قاتارلىق شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى، ئۆزىگە «نەفىسى» دەپ تەخەللۇس قويۇپ شېئىر يازغانلىقى، مۇزىكا ۋە خەتتاتلىقتا كامىل بولغانلىقى... تەبىئىيكى، مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇھىتقا باغلىق. ئامانىسا خېنىمنى ئەنە شۇنداق ئىقتىدار ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈرگەن

ئىجتىمائىي مۇھىت ئەينى زاماندىكى ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان يەكەن شەھىرىدىن ئىبارەت.

دېمەك، ھەم تەبىئىي، ھەم ئىجتىمائىي مۇھىت جەھەتتىن بىردەكلىككە ئىگە بولغان بۇ پاكىتلارنى مۆجىزى ئوتتۇرىغا قويغان تارىخىي قاتلاملار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، ئامانىسا خېنىم 1534-يىلى تارىم دەرياسى (ھازىرقى يەكەن دەرياسى)نىڭ غەربىي قىسمى بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەكەن شەھىرىگە يېقىن يېزا-كەنتلەرنىڭ بىرىدە مەھمۇت ئىسىملىك ئوقۇمۇشلۇق بىر مۇزىكانت ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ. مەھمۇت ئاكا ئۆز دەۋرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇزىكانتى ۋە مۇقامشۇناسى بولۇپ، مۇقام ئۇستازى قىدىرخان بىلەن ھەمنەپەس بۇرادەر ئىدى.

بۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاش يەركەندىمۇ تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ نەخشبەندى ۋەكىللىكىدىكى «ئەھلى دۇنيا» چىلىقنى تەرغىب قىلىدىغان ئىلغار ئىدىئولوگىيە ئېقىمى بىلەن ئەھرارى ۋەكىللىكىدىكى «تەركىدۇنيا» چىلىقنى تەرغىب قىلىدىغان مۇتەئەسسىپ ئىدىئولوگىيە ئېقىمى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش داۋام قىلىۋاتاتتى. ئەنە شۇ كەسكىن كۈرەش ئىچىدە تەركىدۇنياچىلار بىر مەزگىل ئەۋىدەپ، سەئىدىيە دەۋرىدە گۈللىنىشكە باشلىغان مۇقام مەدەنىيىتىنى «دەھرىلىك» دەپ ئەيىبلەپ، مۇقامنى تەركىدۇنياچىلارنىڭ يىغا-زارى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورالغا ئايلاندۇرماقچى بولدى ۋە بۇ ئارقىلىق خەلقنى جاھالەتتە قالدۇرۇپ، كەچكىچە خانىقادا «ئۇماچ بەندىسى» بولۇپ ئۆتۈشكە يېتەكلىدى.

ئون ئىككى مۇقامنى خەلقىمىزنىڭ گۈزەل ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ سىمۋولى دەپ بىلىدىغان قىدىرخان، مەھمۇت ئاكا قاتارلىق مۇقامشۇناسلىرىمىز ئۇلار بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن تەركىدۇنياچى ئېزىتقۇلار ھەممە يەردە جەرە سېلىپ

«ئەھلى دۇنيا» چىلار ئۈستىدىن پىتنە-پاسات تارقاتتى. شۇ قاتاردا مەھمۇت ئاكىنىمۇ كەمسىتىپ «ئوتتۇنچى» (سەھرالىق تومپاي دېگەن مەنىدە) دەپ چەتكە قاقتى. «مەھمۇت ئوتتۇنچى» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ بولسا كېرەك. مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، پىتنە-پاساتچى سوپى-ئىشانلارنىڭ قۇسۇمەتلىرىدىن جاق تويغان مەھمۇت ئاكا توققۇز ياشلىق ئارزۇلۇق قىزى ئامانىسانى ئېلىپ، يەركەن شەھىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جاڭگاللىق خىلۋەت ماكانغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

ئامانىسا سەككىز ياشقا كىرگەندە ئانىسىدىن يېتىم قالىدۇ. مەھمۇت ئاكا بۇ يالغۇز پەرزەنتىنى ناھايىتى ئارزۇلاپ تەربىيىلەيدۇ. كىچىك ۋاقتىدىلا ئۇنى بىر دىنىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ. ئامانىسا كۈندۈزلىرى مەكتەپتە خەت ساۋاتىنى چىقارسا، كەچلىرى ئاتىسىدىن ساتار چېلىشنى، مۇقام ئېيتىشنى ئۆگىنىدۇ. مەھمۇت ئاكا ئەسلىدە ئوقۇمۇشلۇق، مەرىپەتپەرۋەر مۇزىكانت بولغاچقا، ئۇلار شەھەردىن چەترەك جايغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن ئامانىساغا ئۆزى بىۋاستە ئۇستاز بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇزىكا ۋە مۇقامدىن ساۋاق بەرگەن، نەۋائى، فۇزۇلى، بابۇر قاتارلىق شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگەتكەن. بۇ جەرياندا ئۇلار مۇقامشۇناس قىدىر خان بىلەن داۋاملىق باردى-كەلدى قىلىپ تۇرغان ۋە مۇقام ھەققىدە بىرلىكتە مۇتالىئە قىلىشقان. بۇ خىل ئىجتىمائىي مۇھىت ئامانىسانىڭ ياش قەلبىدە مۇزىكىغا ۋە مۇقامغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتۇپ، 13-14 ياش مەزگىللىرىدە ساتارنى ماھىرلىق بىلەن چالالايدىغان ۋە بىر قانچە مۇقامنى تولۇق ئوقۇيالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ بۇنداق ئۆزگىچە تالانتى تېخى ئاشكارىلانمىغان پەيتتە، ئۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر سۇلتانى ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەزەرىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ تەكلىپى ۋە تەشەببۇسى بىلەن ئوردىغا كىرىپ ئابدۇ-

رەشىدخاننىڭ خانىشى بولغان.

مەلىكە ئامانىسا خېنىم سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا خانىش بولۇپ، ئوردىدا 20 يىل ھايات كەچۈرگەن. بۇ جەرياندا سەئىدىيە خانلىقى ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن ناھايىتى چوڭ گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن. مەلىكە ئامانىسا خېنىم ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى قىدىرخانلارنىڭ تەشەببۇسى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا، ئالدى بىلەن خانلىق تەۋەلىكىدىكى مەشھۇر مۇزىكانتلار، مۇقامچىلار، شائىرلار ئوردىغا تەكلىپ قىلىنغان. ئوردىغا توپلانغانلار ئىچىدە مەلىكە ئامانىسانىڭ دادىسى مەھمۇت ئاكىمۇ بار ئىدى. ئامانىسا خېنىم قىدىرخان باشچىلىقىدىكى بۇ مۇقامچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ مۇزىكا ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى بىلىم ۋە ماھارىتىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ، ئەل ئىچىدىن ئالغان مۇزىكىلىق ئوزۇق بويىچە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۇيغۇر مۇقامچىلىق تارىخىدىكى كامالەتكە يەتكەن مۇقامشۇناس بولۇپ يېتىلگەن. مۆجىزىنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا: «...خۇدا يىتائالا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلغان ئىدىكى، تەرىپلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ <دىۋان نەفسى>نى يازدى، خوتۇن-قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا <ئەخلاقى جەمىلە> (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق بىر كىتابنى يازدى، <شورۇھۇلقۇلۇپ> (قەلبلەر شەرھى) ناملىق بىر رىسالە يازدى. شائىرلىق، نەغمىچىلىك ۋە خەتتاتلىق توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاب ئاز. <ئىشرەت ئەنگىز> (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجاد قىلغانىدى.» ① ئەپسۇسكى، بۇ قىممەتلىك مىراسلار كېيىنكى مەزگىلدە ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇكېرىمخان ئافاق خوجا تەرەپدارى خوجا ئىساق ۋەلى تەرەپىدىن

① مۆجىزى: «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن». مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982-يىل نەشرى، 67-بەت.

ئۆلتۈرۈلۈپ، تەركىدۇنياچى تەسەۋۋۇپچىلار ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقى دەۋرىدە يوقىلىپ، دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن.

مەلىكە ئامانىسانىڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تارىخىدىكى ئۆنتۈلماس زور تۆھپىسى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ:

بىرىنچى، فارابى دەۋرىدىن سەئىدىيە دەۋرىگىچە داۋام قىلغان ۋە كەڭ تېررىتورىيىگە يېيىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ غەيرىي ئېلىشاڭغۇلۇق ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مۇزىكىلىق ئاھاڭ خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە رەتكە سېلىشقا، سىستېمىلاشتۇرۇشقا كاتتا ئەجىر سىڭدۈردى ۋە بۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇردى.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدىكى چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپتىن ئىبارەت مۇقام تەركىبلىرىنى ھەر قايسى مۇقاملىق كۈي شەكلى بويىچە بىر پۈتۈن مۇقام قامۇسى قىلىپ يۈرۈشلەشتۈر-دى ۋە قېلىپلاشتۇردى.

ئۈچىنچى، مۇقام مۇزىكىلىرىنى نوقۇل دىنىي مۇناجاتلار ۋە بەزى چۈشىنىكسىز چاكىنا تېكىستلاردىن ئازاد قىلىپ، ئۆز دەۋرىدە مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىلەن تېكىستلەشتۈردى.

دېمەك، ئۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك تالانتى ۋە ئەقلىي-قابىلىيىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسىدىن تارتىپ تېكىستلىرىغىچە تولۇقلاپ رەتلەپ ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ زامانىمىزغا قەدەر ساقلىنىپ كېلىشىدە زور خىزمەت كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇقام ھەغدالىرى ئۇنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسىگە سىمۋول قىلىپ، يۇرتى يەركەن شەھىرىدە مەلىكە ئامانىسانىڭ ھەيۋەتلىك ۋە مەڭگۈلۈك مەرمەر ھەيكىلىنى تۇرغۇزدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك مۇقامشۇناسى ۋە شائىرەسى مەلىكە ئامانىسا تەخمىنەن 1568-يىلى 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولدى.

# ھۆۋەيدا

خوجا نەزەر غايىب نەزەر ئوغلى ھۆۋەيدا 18-ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شائىر ياشىغان دەۋردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغان. شائىرنىڭ ئەسلى ئىسمى خوجا نەزەر بولۇپ، «ھۆۋەيدا» — ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى.

ھۆۋەيدانىڭ تارىخىي شەخسىيىتى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلار بار. ئۇنىڭ دادىسى غايىب نەزەر ئەسلى ئوشلۇق (ھازىرقى قىرغىزىستان تەۋەلىكىدىكى ئوش شەھىرى) بولۇپ، ئۇزۇن يىل قەشقەردە ياشىغان ۋە ئاپاق خوجىغا مۇرىت بولغان. كېيىن ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئوشقا قايتىپ، ئۇ يەردىن ئەنجان ۋە چىمىيانغا بارغان ھەمدە چىمىياندا چوڭ خانىقا سالدۇرۇپ تەسەۋۋۇپچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ھۆۋەيدانىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «دىۋانى ھۆۋەيدا» ناملىق توپلىمىنىڭ 155-ۋارىقىدا بايان قىلىنىشىچە، ئۇنىڭغا «خوجانەزەر» دېگەن ئىسمىنىڭ قويۇلۇشىغا تەرىقەتچى ۋە تەرىقەتچى ئاپاق خوجىنىڭ «نەزەر تاشلىغانلىقى» سەۋەب بولغانىكەن. بۇنىڭدىن ھۆۋەيدانىڭ قەشقەردە تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە ئۆسكەنلىكى، كېيىنچە ئائىلىسى بىلەن ئوشقا كېتىپ 1780-، 1781-يىللاردا چىمىياندا ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ھۆۋەيدانىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بىر قىسمى — قېرىنداشلىرى، نەۋرە-چەۋرىلىرى ئاساسەن يەكەن، قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كۆپلىگەن شائىر-تەرجىمانلار ۋە مۇقامشۇناسلار يېتىشىپ

چىققان. مەسىلەن، يەكەندە ياشاپ ئۆتكەن شائىر ھەم مۇقامچى سىدىق ساتار، شائىر ھەم تەرجىمان سالاھىدىن ساقىب، ئەزىزىدىن (ۋىسالى) قاتارلىقلار ھۇۋەيدانىڭ نەۋرە-چەۋرىلىرىدۇر.

ھۇۋەيدا قەشقەر ۋە يەكەن مەدرىسلىرىدە بىلىم تەھسىل قىلغان، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى ۋە ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ ئۆگەنگەن. ھۇۋەيدا ئىجادىيىتىدە بولۇپمۇ نەۋائىنىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇ ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئىسلام-تۈرك مەدەنىيىتىدىكى تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ «پىرى» ھېسابلانغان مۇتەپەككۇر، ئالىم مەۋلانا جالالىدىن رۇمى (13-ئەسىر) گە يۈكسەك ئەقىدە باغلاپ، دۇنيا قاراش جەھەتتىن تەسەۋۋۇپچى بولۇپ يېتىشكەن. گەرچە ھۇۋەيدانىڭ ئىجتىمائىي قارىشىدا مۇرەككەپ زىددىيەتلىك ئامىللار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھايات يولى ۋە ئىجتىمائىي قارىشى ئەينى دەۋردە شىنجاڭدا بىر مەزگىل يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى تەركىدۇنياچىلىقنى تەرغىب قىلىدىغان ئاتالمىش «سوپىلار گۇرۇھى» نىڭ تۇتقان يولىدىن پەرقلىنەتتى. بۇنداق پەرقنى ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. ھۇۋەيدانىڭ شېئىرلىرىدا تەركىدۇنياچىلىق، رېئال ھاياتتىن ۋاز كېچىش، تائەت-ئىبادەت بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، بۇ دۇنيانى تاشلاپ قويۇش تەكىتلەنمەيدۇ، بەلكى ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم، ۋاپاسىزلىقلاردىن زارلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزلىنىدۇ. بۇ، شائىر ئېڭىدا فېئوداللىق جەمئىيەتكە، چېكىدىن ئاشقان دىنىي خۇراپاتلىققا، ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇيغۇلارنى يېتىشتۈرىدۇ.

ھۇۋەيدانىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ھەرخىل نۇسخىلاردا «دىۋان» دېگەن نام بىلەن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلدى. شىنجاڭدا ھۇۋەيدا ئەسەرلىرىنىڭ قولدا كۆچۈرۈلگەن ساپ ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىلىرى كۆپ. بۇ نۇسخىلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر تولۇق دەپ ھېسابلانغىنى شائىرنىڭ چەۋرىسى ھاجى سالاھىدىن (ساقىب) ۋە مىرزا ھاكىم

ئىبىن مىرزا ئۇمىد كۆچۈرگەن «كىتابى ھۇۋەيدا» ناملىق نۇسخىدۇر. بۇ نۇسخا 1909-يىلى تاشكەنتتە چاپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 351 غەزەل، 28 رۇبائىي، 41 تۆتلىك ئۈچ مۇخەممەس، بىر مۇسەددەس، بىر مۇسەممەن، بىر مۇستەھزات، ئۈچ مەسنىۋى ھەمدە «راھەتى دىل» ناملىق لىرىك دىداكتىك داستانى كىرگۈزۈلگەن. مەزكۇر توپلامنىڭ تولۇق نۇسخىسى ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلانماقتا.

ھۇۋەيدا مۇتەپەككۇر شائىر بولۇش بىلەن بىرلىكتە، يەنە ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق بەستىكارى (مۇزىكانتى) بولغانلىقى مەلۇم. ئۇ قەشقەر، يەكەندە تۇرغان مەزگىللىرىدە ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە رەتلىنىپ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى ئۆگەنگەن ۋە كۆپ مۇقام ئاھاڭلىرىغا ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنى دەستىلىگەن. ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن مۇقام تېكىستلىرى ئىچىدە نەۋائى ۋە مەشرەپنىڭ شېئىرلىرىدىن قالسىلا ھەممىدىن كۆپ بولغىنى ھۇۋەيدانىڭ شېئىرلىرى بولۇپ، 202 مىسرانى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇشاۋرەك، پەنجىگاھ، ئەجەم، ئۇششاق قاتارلىق مۇقاملارنىڭ باشلىنىش مۇزىكىلىرىغا ھۇۋەيدا شېئىرلىرى دەستىلەنگەن. شۇ دەۋرلەردە قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق رايونلاردا بىر قەدەر كەڭ ئەۋج ئالغان «خانىقا مۇقاملىرى» نىڭ تېكىستلىرى ئىچىدىمۇ ھۇۋەيدانىڭ شېئىرلىرى خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھۇۋەيدا ھەققىدە خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردىمۇ ئۇنىڭ مۇزىكىدىن خەۋەردار (ساتار چالىدىغانلىقى مەلۇم) ئۇستا مۇقامچى ئىكەنلىكى ھېكايە قىلىنىپ كەلمەكتە (ئەپسۇسكى، بۇ ھەقتە يازما مەنبەلەر ساقلانمىغان). يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ھۇۋەيدا قەشقەر، يەكەن، ئوش ۋە چىيان شەھەرلىرىدە مەكتەپ ئېچىپ ئەدەبىيات، تىل، دىنىي پەلسەپە (تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى) ۋە مۇزىكا (مۇسىقى) ئىلىملىرىدىن دەرس بېرىپ كۆپلىگەن شاگىرت يېتىشتۈرگەنلىكى مەلۇم. بۇ ئەھۋالمۇ ئۇنىڭ مۇزىكا ئىلمىدىن خەۋەردار ئوقۇمۇشلۇق زات ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

# مەشرەپ

(1611 — 1757)

كۈچلۈك ئىسيانكارلىق روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان ئاممباب، ئوبرازلىق لىرىكىلارنىڭ ئىجادچىسى ۋە مۇقام كۈيچىسى مەشرەپ ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا ئۈچ ئەسىردىن بۇيان چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولۇپ كەلگەن بۈيۈك شائىردۇر.

ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى بابارەھىم بولۇپ، مەشرەپ ئۇنىڭ ھەم تەخەللۇسى، ھەم خەلق تەرىپىدىن بېرىلگەن لەقىمى.

بابارەھىم مەشرەپ 1657-يىلى ئەنجاندىكى بىر كەمبەغەل بوزچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بەش-ئالتە ياش مەزگىلىدە ئائىلىسى بىلەن بىللە نەمەنگان شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن. 15 يېشىدا دادىسى ئۇنى داڭلىق ئىشانلاردىن بىرى بولغان موللا بازار ئاخۇننىڭ تەربىيىسىگە بېرىدۇ. بابارەھىم بۇ ئىشاننىڭ ھۇزۇرىدا 20 يىل تۇرۇپ پارس تىلى، ئەرەب تىلى ۋە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىدۇ. شۇنداقلا تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى جالالىدىن رۇمى (مىلادى 1207-يىلى بەلختە تۇغۇلۇپ، 1273-يىلى كونيادا ۋاپات بولغان)نىڭ «مەسنەۋى»، «رىۋانۇكەبىر»، «مەكتۇبات» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، شېئىرىيەتكە ھەۋەس باغلايدۇ. بابارەھىم باللىق مەزگىلىدىلا شوخ، ئاقكۆڭۈل، زېھنى ئۆتكۈر، خۇش چاقچاق، سەنئەتخۇمار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ مىجەزى سوپىلىق بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئۇ گەرچە ئىشاننىڭ مۇرىتى

بولسىمۇ، سوپىلارنىڭ ئاچكۆزلىكى، تاماخورلۇقى ۋە ساختىپەزلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدۇ. سوپىلىقنى پاش قىلىدىغان ئۆتكۈر ھەجۋىي شېئىرلارنى توقۇيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئىشانلارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغايدۇ. نەتىجىدە قاتتىق جازالىنىپ، بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. 1687-يىلى قەشقەرگە كېلىپ ئافاق خوجا ھۇزۇرىدا ئون يىل خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ يەردىمۇ ئېغىر خورلۇققا دۇچ كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى «ئۇلۇغ ئەۋلىيا» دەۋالغان ئافاق خوجىنىڭ ھەققانىيەتسىزلىكىنى ۋە ساختىپەزلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئىشان-سوپىلىقتىن ئىخلاسى قايتىدۇ. ئۇ خانىقادىن چىقىپ يوقسۇز پۇقرالار ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن سىرداش دوست بولىدۇ، ئۆزى ياشاپ تۇرغان جاھالەتلىك زاماننى قارىلايدىغان، ئالدامچى سوپى-ئىشانلارنى پاش قىلىدىغان چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇنغا ئىگە ئۆتكۈر ھەجۋىي شېئىرلارنى يېزىپ، ئىنسانىي ئەركىنلىكنى، كىشىلىك مۇھەببەتنى ۋە مەنىۋى ئازادلىقنى كۈيلەيدۇ، ئۇنىڭ بۇ ئىسيانكارلىق روھى مۇتەئەسسىپ ھۆكۈمران ئافاق خوجىنىڭ «غەزىپى»نى قوزغاپ، «خەلقنى دەھرىلىككە باشلىدى» دېگەن «گۇناھ» بىلەن ئەيىبلىنىپ ئېغىر جازاغا تارتىلىدۇ ۋە «ئافاق خوجا ھۇزۇرى»دىن قوغلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەشرەپنىڭ سەرسانلىق-سەرگەردانلىق ھاياتى باشلىنىدۇ، ھەتتا جەندە -كۇلا كىيىپ يۇرت ئارىلاپ قەلەندەرچىلىكمۇ قىلىدۇ. ئۇ قەشقەردىن چىقىپ يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپان، ئىلى قاتارلىق شەھەرلەردە، ئاندىن خوجەند، تاشكەنت، بۇخارالاردا سەرسان بولۇپ ياشاپ، ئاخىر بەلخ شەھىرىگە بارىدۇ. ئۇ قەيەرگە بارسا، شۇ يەردىكى پۇقرالار ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ ھەم ئۆتكۈر تىللىق، ئەركىن پىكىرلىك شائىر، ھەم خۇش ئاۋاز مۇقامچى بولغاچقا، كىشىلەر مەشرەپنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. لېكىن بۇ خەلقپەرۋەر ئىسيانكار شائىر بۇ جاھالەتلىك قاراڭغۇ جاھاننىڭ ھېچ يېرىگە سىغمىدى.

يەنە شۇ بۇرۇنقى «گۇناھى» بىلەن ئەيىبلىنىپ، بەلخ ھاكىمى ماخمۇتجان قاتاغاننىڭ ھۆكۈمى بىلەن 1711-يىلى بەلختە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدۇ. بۇ ئۇتلۇق جاھانكەشتى شائىرنىڭ كىشلەرنى ھۇرلۇككە ئۈندەيدىغان ئىلغار پىكرلىك ئىسيانكار شېئىرلىرى بىلەن كىشلەر قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان كۈي-مۇقاملىرى ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقلىرىنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كەتتى.

مەشرەپ ئۆز ھاياتىدا ناھايىتى نۇرغۇن شېئىرلارنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كەتكەن. بۇ شېئىرلارنىڭ بىر قىسمى نامەلۇم كاتىب تەرىپىدىن توپلىنىپ «دىۋان مەشرەپ» نامى بىلەن قول يازما ھالىتىدە تارقالغان ۋە 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تاش مەتبەئەدە نەشر قىلىنغان. مەشرەپ ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى قول يازما توپلىمى خوتەندىن تېپىلغان بولۇپ، ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا.

قەشقەر، يەكەن، خوتەن رايونلىرىدا ئاغزاكى تارقىلىپ يۈرگەن مەشرەپنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەردە، ئۇنىڭ داڭلىق مۇقامچى ۋە ماھىر سازەندە ئىكەنلىكى، سەرسان بولۇپ يۇرت كېزىپ يۈرگەن مەزگىللىرىدىمۇ ئۆزىگە ساتارنى ھەمراھ قىلىپ، شېئىرلىرىنى مۇقامغا سېلىپ يۈرگەنلىكى مەلۇم. ئۇنىڭ ئاپاق خوجا تەرىپىدىن «دەھرى» دەپ ئەيىبلىنىپ ئوردىدىن قوغلىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى «ساتارنىڭ تارىغا جان رىشتىسىدىن تار ئېشىپ» كېچە-كۈندۈز مۇقام چېلىپ مەنىۋى ئەركىنلىك يولىدا كۈرەش قىلغانلىقى بولسا كېرەك.

مەشرەپنىڭ ھەقىقەتەن تالانتلىق مۇقامچى ئىكەنلىكى ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى تولۇق ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ تارقىلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا زور تۆھپە قوشقانلىقى «مۇقام تېكىستلىرى»دىكى ئىراق مۇقامىنىڭ تەزىسگە دەستلەنگەن تۆۋەندىكى شېئىرى ئارقىلىق مەلۇم بولىدۇ:

ساتارىم تارىغا جان رىشتىسىدىن تار ئېشىپ سالسام،
ئۇنىڭكى نالىسىدىن بىۋاپانىڭ كۆڭلىنى ئالسام.
مۇقام چالىپ مۇقام ئىچرە مۇقامنى دىلغا جا قىلسام،
مۇھەببەت كويىغا سالسا ئانىڭ ئالدىدا مەن چالسام.
مۇقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۇسەينى يۇ ئەجەم دەرلەر،
بۇلاردىن يۇقارىكىم پەردەئى باياتىنى چالسام.
بەيادى ھەقتە ئالا يادىدا چالسام بايادىكىم،
كۆڭۈلنىڭ بىناۋا بولغانىنى بىلسەم ناۋا چالسام.
مېنىڭكى ھالىمنى گەر ئىشق ئەھلى بىلسە زار يىغلايدۇ،
ئەگەر دەردى غېمىڭدىن زەررەئى بونيادلار قىلسام.
كەل ئەي مەشرەپ قەدەھ سۇنغىل بولايىن مەستومۇستەغرەق،
بىر قولغا كاسەئى تەمبۇر، بىرىگە جامنى ئالسام.

بۇ شېئىر شائىرنىڭ مۇقامغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنىڭ ئىنىكاسى. ئۇن ئىككى مۇقامنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن تېكىستلىرى ئىچىدە مەشرەپنىڭ شېئىرلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 228 مىسرانى تەشكىل قىلىدۇ. مەشرەپ غەزەللىرىنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئىجاد قىلىنغانلىقى ۋە ئۆزى ناخشا قىلىپ ئوقۇپ ئەل ئىچىگە تارقاتقانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

مەشرەپ شائىر ھەم مۇقامچى بولۇپلا قالماستىن، يەنە داڭلىق ساماچى (ئۇسسۇلچى) ئىكەنلىكى بىلەن خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولغان. مەشرەپ دەۋرىدە ساما ئۇسسۇلى خانىقا ئىچىدىن بۆسۈپ چىقىپ كەڭ ئومۇملاشقان ئاممىۋى ئۇسسۇلغا ئايلانغان. ئەپسۇسكى، پۈتۈن ھاياتى سەرسانلىق ۋە سەرگەردانلىق ئىچىدە ئۆتكەن بۇ ھۆر پىكىرلىك شائىرنىڭ سەنئەت پائالىيەتلىرى ھەققىدە تولۇق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. لېكىن ئۇيغۇر-ئۆزبېك خەلقلىرى بۇ تالانتلىق سەنئەتكارنى ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

# ئەيسا مىراپ

ئەيسا مىراپ تەخمىنەن بۇنىڭدىن 300 يىللار ئىلگىرى (18-ئەسىرنىڭ باشلىرى) ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ، دولان مۇقامچىسى، مۇزىكانتى ۋە خەلق فولكلور ئىجادىيەتچىسى بولۇپ، يەكەن دەريا ۋادىسىدىكى قەدىمكى دولان يۇرتىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. كېيىن ئۇ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئۆتۈپ، ھازىرقى ئاۋات بازىرىدىن ئىبارەت ئادەم يوق چۆللۈككە بېرىپ، شورلۇقتا سۇ باشلاپ بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغان. كىشىلەر ئۇنىڭ چۆللۈككە سۇ باشلاپ كەلگەنلىكىگە قاراپ ئۇنى «ئەيسا مىراپ» دەپ ئاتاشقان. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يارىكەل مۇھەممەت سوپى دېگەن كىشى بىردائە دولان قىل غىجەكنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئەيسا مىراپقا قوشنا بولغان. ئەيسا مىراپ بىلەن يارىكەل مۇھەممەت سوپى كۈندۈزلىرى ئەمگەك قىلسا، ئاخشاملىرى نەغمە بىلەن ئائىلە مەشرىپى قىلىپ يۈرگەندە، بۇ ئىككىسىنىڭ نامى يۇرت-يۇرتلارغا داڭ كەتكەن. بۇنى ئاڭلاپ بىر قىسىم يەرسىز ئاھالىلەر ۋە بىر قىسىم مۇقام خۇشتارلىرى ئەسلىدىكى جايلىرىنى تاشلاپ، ئەيسا مىراپنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، يەر تۇتۇپ ئولتۇراقلاشقان.

ئەيسا مىراپ يارىكەل مۇھەممەت سوپى بىلەن بىرلىكتە قالۇن، غىجەك ۋە دولان راۋابلىرىنى تەڭكەش قىلىش ئاساسىدا دولان باياۋانلىرىنى رەتلەپ، دولان مۇقاملىرىنى تېخىمۇ پۇختا سىستېمىلاشتۇرغانىنىڭ سىرتىدا «دۇتار باياۋان» ناملىق بىر مۇقامنى رەتلەپ قېلىپلاشتۇرغان. دولان مەشرىپىنىڭ سەنەم،

سىرىلمىلىرىغا يېڭى مەزمۇنلارنى سىڭدۈرگەن. دولان مەشرەپ ئويۇنلىرىدىن «ئىككى خوتۇنلۇق قىلىش»، «سامسا يېقىش»، «جۇۋازغا قوشۇش»، «سۇرەتكە تارتىش»، «ئۇسسۇل ئوينىتىش»، «ناخشا ئوقۇتۇش»، «يەتتە هالال، يەتتە هارام جانىۋارنى دورىتىش» قاتارلىق ئويۇنلىرىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، مەشرەپتە ئومۇملاشتۇرغان. يەنە «غاز ئويۇنى»، «بوۋاي ئويۇنى»، «قەمبەرخاننىڭ سازى مەن»، «مۇناجات»، «دۇتار باياۋان»، «ئەيلەڭ نادامەت»، «هەي ئاللا» قاتارلىق خەلق ناخشا-ئويۇنلىرىنى رەتلەپ، مۇكەممەللەشتۇرۇپ، خەلق ئارىسىغا تارقاتقان.

ئەيسا مىراپ ئاۋات تەۋەلىكىدىكى مۇقامچىلار ۋە ئەلنەغمىچىلەرنىڭ بىرىگە مەلۇم بولغان دەسلەپكى پېشۋاسى بولۇپ، ئاۋات يېزىسىنىڭ پۈتۈن دولان يۇرتلىرى بويىچە دولان مەشرەپ مۇقاملىرىنىڭ مەركىزىي ماكانى بولۇپ قېلىشىدا ناهايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

ئەيسا مىراپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى ئەۋلاد بولۇپ ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن مامۇت قالۇن دېگەن بىر مۇقامچى يېتىشىپ چىقىپ، دولان مۇقاملىرىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزگەن. مامۇت قالۇن دەۋرىدە ئاۋاتنىڭ خەلق سەنئىتى جەھەتتىكى نام-شەرىپى ئەتراپقا تېخىمۇ يېيىلغان.

مامۇت قالۇن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مارالبېشى تەۋەلىكىدىكى داڭلىق مۇقامچىلاردىن موللا شەھرى، ئۇنىڭ ئوغلى ئازى موللا، نەۋرىسى ئەمەت هاجى، مۇهەممەت موللام، چەۋرىلىرى مەردان موللام، قالۇنچى ئەهمەت ئەپەندى قاتارلىقلار يېتىشىپ چىقىپ، ئاۋات بازىرى قايىنام-تاشقىنلىق مۇقام يۇرتى بولۇپ قالغان.

دېمەك، ئاۋات بازىرى ئەيسا مۇقامنىڭ باشلامچىلىقىدا سەنئەتنىڭ كۆچى بىلەن گۈللەنگەن جاي بولغاچقا، ئۇنىڭ نامى هازىرمۇ «ئەيسانىڭ ئاۋۇتى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

# هاجى ئاخۇن قالۇنچى

(1795 — 1865)

هاجى ئاخۇن قالۇنچى (تۆلكە) — كىرىيە ئارالئېرىق كەنتىدىن بولۇپ، مىلادى 1795-يىللىرى مەرىپەتپەرۋەر پەيزۇللا ئاخۇنۇمنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ 70 نەچچە يىللىق ھاياتىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ۋاقتىنى ئۇيغۇر مۇزىكىسى ۋە مۇقام ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئۆتكۈزگەن.

هاجى ئاخۇن قالۇنچى ساتار، تەمبۇر، دۇتار، غىجەك، داپ، نەي قاتارلىق سازلارنى ياخشى چېلىش بىلەنلا قالماي، ئاساسلىقى قالۇن چېلىش ماھىرى ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلگەنلىكى چالغۇلار ئارقىلىق، بولۇپمۇ قالۇن بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ قىسىملىرىنى ۋە ئۇنىڭ تەزىسى، سەلقە، نۇسخا جۇلاسى، مەرغۇلى قاتارلىق تارماقلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ مۇكەممەل ئورۇندايتتى.

ئۇ كىرىيىنىڭ ھەرقايسى يېزا-كەنتلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە قوشنا ناھىيە خەلقلىرىنىڭ ئەلنەغمە-مەشرەپ سورۇنلىرىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، قالۇن ئارقىلىق مۇقام ئورۇنلاپ، يۇرت جامائەتچىلىكىنىڭ قىزغىن ئالقىش-ھىمايىسىگە مۇيەسسەر بولغان داڭدار مۇقامچى ئىدى.

ئارالئېرىق كەنتىدىن 92 ياشلىق پېشقەدەم قۇربانجان ئاكا هاجى ئاخۇن قالۇنچى ھەققىدە توختىلىپ: « مەن 20 — 25 ياش

چېغىمدا، ھاجى ئاخۇن ئاكىنىڭ قالۇن چالغۇسىنى «گوشتات» دېگەن ئەسۋاب بىلەن چېلىپ مۇقام توۋلاپ، يۇرت ئىچىدە داڭ چىقارغانلىقى ئېسىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇ كىرىيە خەلقلىرىگىلا تونۇشلۇق بولۇپ قالماستىن، باشقا ناھىيە-يۇرتلارغىمۇ تونۇشلۇق بولغان ئىناۋەتلىك مەشھۇر مۇقامچى ئىدى» دەپ دەللىلىسە، ھاجى ئاخۇن قالۇنچىنىڭ تۇنجى نەۋرىسى ئابدۇرېشىت ئاخۇن (تۆلكە): «بوۋام ھاجى ئاخۇن ھاياتىدا يالغۇز كىرىيە تەۋەلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى چىرا، لوپ، خوتەن قاتارلىق ناھىيىلەر تەۋەسىگە تەكلىپ بىلەن بېرىپ، نەچچە كۈن، نەچچە ھەپتىلەر تۇرۇپ، ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا قالۇن بىلەن مۇقام توۋلاپ، ئەل-جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىش-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. دادام مەتقۇربان ئاخۇنمۇ ئەنە شۇ مۇقامچى ۋە قالۇنچى بوۋىمىزنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا يۇرتىمىزدىكى داڭلىق مۇقامچى بولۇپ يېتىشكەن» دەپ ئىسپاتلايدۇ.

ئارالىقتىن يېرىم ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ھاجى ئاخۇن قالۇنچىنى قورۇق قولنى بىلىدىغانلار سانى ئۇنىڭ نەۋرىلىرى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ھاجى ئاخۇن قالۇنچى يېشى توختىغان چاغدىمۇ ئېگىز بوي (170-180 سم)، يۈزى يۇمىلاق، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئورۇقمۇ-سېمىزمۇ ئەمەس، ساقال-بۇرۇتى ئاقارغان، مىجەز-خاراكتېرى خۇش خۇي، ئوچۇق چىراي، ئويۇن-تاماشىغا ئامراق ئادەم ئىدى.

مەشھۇر مۇقامچى ۋە قالۇنچى ھاجى ئاخۇن ئاكا ئۆزى ياشىغان دەۋردە ئون نەچچە شاگىرت تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ تولىسى مۇقام بابىدا تەسىرلىك ئىز قالدۇرۇپ، كەينى-كەينىدىن بىر-بىرلەپ ۋاپات بولغان.

لېكىن ھاجى ئاخۇن قالۇنچى بىر ئەسىرگە يېقىن ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان قالۇنى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

(رەتلىگۈچى: ئىبرايىمجان ئىمىن)

# تۇردى شەيخ

(1775 — 1850)

تۇردى شەيخ نەچچە ئەۋلاد ھۇسسىن پەيزۇللا خوجام، سىيىت جالالىدىن باغدات، يۇسۇپ قادىرخان غازى پادشاھ قاتارلىق قەشقەرنىڭ خوجا دەرۋازىسى تەرىپىگە دەپنە قىلىنغان مەشھۇر زاتلارنىڭ مازار-مەقبەرىلىرىگە شەيخ بولۇپ ئۆتكەن شەيخۇل ئىسلام تاھىر شەيخنىڭ ئوغلى. ئۇنىڭ دادىسى تاھىر شەيخ 1790-يىلى قەشقەردىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بۇلاڭ-تالان قىلىنغان ۋە قەتل قىلىنغان. كېيىن تۇردى شەيخ قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى پۈتتۈرۈپ دادىسىنىڭ ئورنىغا شەيخ بولغان.

1830-يىلى تۇرپانلىق ۋاڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان زۆھۇرىدىن بەگ قەشقەرغە ھېكىمبەگ بولۇپ كېلىدۇ. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىپ ياساش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ پىلان بويىچە يۇقىرىقى مازارلارنى شەھەر ئىچىگە ئېلىش پىلانلىنىدۇ. تۇردى شەيخ زۆھۇرىدىن ھېكىمبەگنىڭ بۇ پىلانىغا نارازى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇردى شەيخ ئۆزىنىڭ شەيخلىق ۋەزىپىسىنى تاشلاپ، ياش ۋاقتىدا ئۆگەنگەن ساتارىنى قولىغا ئېلىپ، دەرۋىشلىك يولىنى تاللاپ، مازارلاردا تۈنەپ مۇقام ئېيتىدۇ. زاماندىن نارازى بولۇپ تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن سازەندىلەر، مۇقامچىلار تۇردى شەيخ ئەتراپىغا جەم بولۇپ، كۈن ۋە تۈنى

مۇقام ئېيتىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. تەركىدۇنيا بولغان بۇ مۇقامچىلار گورۇپپىسى تۇردى شەيخنىڭ باشچىلىقىدا ھەرقايسى يۇرتلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئون ئىككى مۇقامنى ئەتراپقا تارقىتىدۇ.

تۇردى شەيخ 30 يىلدىن ئارتۇق مۇقام ئوقۇغان ۋە مۇقام ئۇستازى بولغان مەزگىللەردە جاي-جايلارنىڭ مۇقامچىلىرى قەشقەرگە كېلىپ ئۇنىڭدىن مۇقام ئۆگەنگەن، ئۆگەنگەنلىرىنى يۇرتلىرىغا بېرىپ ئاۋامغا تارقاتقان. بۇنىڭ بىلەن، ئاشۇ دەۋر ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ خەلق ئىچىگە يەنە بىر قېتىم كەڭ تارقالغان، ئومۇملاشتۇرۇلغان دەۋرى بولۇپ قالغان.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ تالانتلىق مۇقامچى تەخمىنەن 1770 — 1775 - يىللىرى ئارىلىقىدا تۇغۇلۇپ، تەخمىنەن 1850 — 1855 - يىللىرى ئارىلىقىدا قەشقەردە ۋاپات بولغان.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)



# مەھمۇت ھېكىمبەگ (ھەمرايى)

(1818 — 1902)

مەھمۇت ھېكىمبەگ 1818-يىلى ئاتۇشنىڭ ياغىچويلا كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن؛ 1835-يىلغىچە ئۆز يۇرتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1833-يىلدىن 1848-يىلغىچە ئاتۇش مەھەللىسىدىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەدرىسىدە، كېيىن قەشقەر شەھىرىدىكى خانلىق مەدرىستە دىنىي بىلىم ئالغان. ئۇ خانلىق مەدرىستە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا پارس، ئەرەب، ئوردۇ ۋە تۈركىي تىللارنى پۇختا ئۆگىنىپ كامالەتكە يەتكەن.

مەھمۇت ھېكىمبەگ خانلىق مەدرىسنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يۇرتىدىكى سۇتۇق بۇغراخان مەدرىسىگە مۇدەررىس بولغان.

مەھمۇت ھېكىمبەگ خانلىق مەدرىستە يەنە تىل، گىراماتىكا، تارىخ، ئەدەبىيات، مۇسىقى (مۇزىكا) ئىلىمنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەن ھەمدە تەمبۇر، ساتار چېلىشنى، مۇقام ئېيتىشنى مەشق قىلغان.

مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ دادىسى مىرئەخمەتخان شەيخ دىنىي ئۆلىما بولۇپ، خەلق ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىدى.

مەھمۇت ھېكىمبەگ 1848-يىلى خانلىق مەدرىسنى پۈتتۈرگەندە، شۇ قېتىمقى ئىمتىھان مۇراسىمىغا ئالتە شەھەرنىڭ ئالىم-ئۆلىمالىرى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى قاتناشقان. ئۇنىڭ دادىسى مىرئەخمەتخان شەيخ ئوغلىنىڭ ئالىي ئۇنۋان ئېلىپ، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ مۇدەررىسلىككە

تەيىنلەنگەنلىكىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئىمتىهانغا ئىشتىراك ئەتكەن بارلىق سورۇن ئەھلىنى يۇرتى ئاتۇش مەھشەتتىكى باغ هويلىسىغا مېهمانغا چاقىرىدۇ... بىر ھەپتە داۋام قىلغان بۇ سەيلىدە مېهمانلار تارىخ، ئەدەبىيات، سەنئەت جەھەتلەردە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىدۇ. مەھمۇت ھېكىمبەگ بۇ مۇلاھىزىلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ ئۆلىمالار ئارىسىدا ئابروي قازىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ سورۇندا ئوقۇغان بىرقانچە پارچە شېئىرى ۋە ئوقۇغان مۇقاملىرى، چالغان مۇزىكىسى سورۇنغا جان كىرگۈزۈپ، قاتناشقۇچىلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىرمۇھەممەت قازى كالان، ئابدۇقادىر قازى كالان قاتارلىق ئالىم، موىيسپىتلار مەھمۇت ھېكىمبەگكە «مۇزىكا-شېئىرىيەت بابىدىكى ئىككىنچى نەۋائى» دەپ نام بېرىدۇ ۋە قازى-كالانلار مۆھۈرىنى بېسىپ گۇۋاھنامە بېرىدۇ.

مەھمۇت ھېكىمبەگ 1880-يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن يارىكۆلگە 20 يىللىق سۈرگۈن قىلىنغاندا، ئابدۇراھمان جامىنىڭ «يۈسۈپ-زىلەيخا» داستانىغا تەقلىد قىلىپ «يۈسۈپ-زىلەيخا» داستانىنى يازغان ۋە داستانغا مۇزىكا ئىشلەپ خەلققە سوۋغا قىلغان. ئۇنىڭ سۈرگۈندىكى ھاياتى يېزىقچىلىق، مۇزىكىچىلىق، مۇقام ئېيتىش بىلەن ئۆتىدۇ.

مەھمۇت ھېكىمبەگ 1896-يىلى سۈرگۈندىن ئازاد قىلىنىپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە ھەج تاۋاپ قىلىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، 1902-يىلىدىكى چوڭ يەر تەۋرەشتە 82 يېشىدا ئاتۇشتا ۋاپات بولىدۇ.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)

# بەكرى موللا

(1825 ـ 1888)

كۇچادا 1750 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە ئون ئىككى ئەۋلاد ۋاڭ تويتوغرا 200 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئون ئەۋلاد ۋاڭ ئوردىسىدا مۇقامچىلار (ئايال مۇقامچىلار ئايرىم) بولغان. بىزگە ھازىرچە مەلۇم بولغىنى سەككىزىنچى ئەۋلاد ۋاڭ - مىرزا ئەھمەد ۋاڭ ئوردىسىدا ئۆتكەن مۇقام ئۇستازى بەكرى مولادۇر.

بەكرى موللا تەخمىنەن 1825 - يىللىرى كۇچادا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسى بىرقانچە ئەۋلاد ۋاڭ ئوردىسىدا مۇقامچىلىق قىلىپ ئۆتكەن. بەكرى موللىمۇ دەل شۇ ۋاڭ ئوردىسىدا ئاتا - بوۋىسىدىن مۇقام ئۆگىنىپ، ئاخىر سەككىزىنچى ئەۋلاد ۋاڭ مىرزا ئەھمەد ئوردىسىدا مۇقامچى بولغان.

بەكرى موللا ئۇستا مۇقامچى ۋە مۇقام ئۇستازى بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە خەلق ئىچىدىكى ناخشا - مۇزىكىلارنى رەتلەپ قېلىپلاشتۇرۇشتىمۇ كاتتا تۆھپە ياراتقان. ئۇ ئۆزى ئاڭلىغان ھەرقانداق ناخشا - مۇزىكىنى رەتلەپ، تولۇقلاپ، قېلىپلاشتۇرۇپ خەلققە تەقدىم قىلغان. شۇ ۋەجىدىن، كۇچا پېشقەدەملىرى ئارىسىدا: «كۇچا ناخشىسى 100 بولسا، 99ى بەكرى موللىنىڭ» دەيدىغان سۆز تارقالغان. ئۇ يەنە كۇچا سەنىمىنى رەتلەپ چىققان.

1864 - يىلى كۇچادا راشىدىن خوجا ھاكىمىيەت قۇرغاندا، ۋاڭلىق تارقىتىۋېتىلىپ، بەكرى موللا راشىدىن خوجا ھۇزۇرىغا

تەكلىپ قىلىنغان. بۇ يىللاردا ئۇ بىر تەرەپتىن مۇقاملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان، يەنە بىر تەرەپتىن سەيلە-ساياھەت كۈنلىرى خەلققە ئەلنەغمە قىلىش، مۇقام ئېيتىپ بېرىش بىلەن مەشغۇل بولغان.

1876-يىللىرى ئەتراپىدا ياقۇپبەگ كۇچانى ئىشغال قىلىپ راشىدىن خولجا ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرغاندا، ياقۇپبەگ بەكرى موللىنى مەجبۇرىي ئۆز يېنىغا ئەكىلىۋالغان، كېيىن كورلىغا ئېلىپ كەتكەن. 1878-يىلى ياقۇپبەگ زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ، ئۇنىڭ 14 يىللىق ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، بەكرى موللا كۇچاغا قايتىپ كەتكەن. 1884-يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاكىلىق تۈزۈمى شىنجاڭدا قايتا يولغا قويۇلۇپ، كۇچاغا مىرزا ھامۇت توققۇزىنچى ئەۋلاد ۋاڭ قىلىپ تەيىنلەنگەن. مىرزا ھامۇت ۋاڭ بەكرى موللىنى يەنە ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ، ئوردىنىڭ مۇقام ئۇستازى قىلغان. كېيىن بەكرى موللا ياشىنىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئوغلى بەردى ئاخۇننى ئوردىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى ساتارچى ئاباسقارى، ھىمتقارى، قالۇنچى ھامۇت دۇمباق، داپچى غوپۇر مىراپ قاتارلىقلارغا ئۇستاز بولۇپ كۇچا ئەلنەغمە گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، خەلق ئارىسىدا ئەلنەغمىچىلىك — مۇقام ئېيتىش بىلەن شۇغۇللانغان.

بەكرى موللا ئۆز ھاياتىدا ئوردا مۇقامچىسى سۈپىتىدە مۇقامنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور خىزمەت كۆرسىتىش بىلەن بىللە، يەنە كۇچا يەرلىك ناخشا-ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىنى رەتلەش، تولۇقلاش، بېيىتىش، يۈرۈشلەشتۈرۈش جەريانىدا باشلامچىلىق رول ئوينىغان. شۇڭا «كۇچا سەنىمى» دەپ ئاتالغان بىر يۈرۈش ناخشا-مۇزىكىلار ئادەتتە بەكرى موللامنىڭ نامى بىلەن باغلىنىدۇ.

بەكرى موللام 1888-يىلى 62 يېشىدا كۇچادا ۋاپات بولغان.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)

# ئىمرھاجىم ملك قوش

(1780 — 1850)

1830-يىلى زوھوردىن ھېكىمبەگ قەشقەردە ھاكىمىيەت يۇرگۈزگەندە، قەشقەرنىڭ قازى-كالان، ئۆلىمالىرىنى ۋە ھەرقايسى يۇرت ئاتىلىرىنى چايغا چاقىردۇ. چايدا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن ئەلنەغمىچىلەرگە نەغمە قىلدۇرۇپ، مۇقام ئوقۇتىدۇ.

چاي ئاخىرلاشقاندا، ئاۋات بەشكېرەمنىڭ بېگى ئابدۇراھمان ھاجىم پۈتۈن سورۇن ئەھلىنى باغ سەيلىسىگە تەكلىپ قىلىدۇ. باغ سەيلىسىدە مېھمانلار قىزغىن پاراڭ قىلىشىۋاتقاندا، يان تەرەپتىكى باغدىن ساتار بىلەن ئوقۇلغان مۇقام ئاڭلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سورۇن جىمجىتلىققا چۆمىدۇ. ئارقىدىن زوھوردىن ھېكىمبەگ ئابدۇراھمان بەگ ھاجىغا مۇقام چېلىنغان جايغا ئاپىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ساھىبخان يان باغدا مۇقام ئېيتىۋاتقان كىشىنى سورۇنغا باشلاپ كىرىدۇ. بۇ مۇقامچى ئىمرھاجىم ملك قوش دېگەن كىشى ئىدى. ئىمرھاجىمنىڭ ملك قوش (ئون ملك) تۆگىسى بولغاچقا، كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئىسمى ئىمرھاجىم ملك قوش دەپ ئاتالغان.

ئىمرھاجىمنىڭ ئەجدادى بەشكېرەمدە ئۆتكەن بولۇپ، دادىسى ئەھمەد پالۋان، چوڭ دادىسى ئىسمائىل ئاقساقال، بوۋىسى ھاشىم شەيخلەر بىر ئۆمۈر تۆگىچىلىك قىلغان ۋە مۇقامغا ئاشىقى بىقارار بولۇپ ئۆتكەن كىشىلەر ئىدى.

ئىمر ھاجىم كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا دادىسىغا ئەگىشىپ

تۆگە كارۋىنى بىلەن سەپەرلەردە بىللە بولغان. بۇ جەرياندا ئاتا-بوۋىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ مۇقام ئۆگەنگەن. كېيىنچە كارۋان بېشى بولۇپ يىراق شەھەرلەرگە، ھەتتا چەت ئەللەرگە سەپەر قىلغاندا، چۆل-جەزىرە ۋە يول مۇشەققەتلىرىنى مۇقامنىڭ سېھرىلىك كۈچى بىلەن يەڭگەن، ئۇ يول بويى قايسى سارايدا قونسا شۇ ساراي مۇقام ساداسىغا تولغان، ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى تۆگە كارۋانلىرى بىلەن سەپەردە ئۆتكەچكە، ئۇنىڭ مۇقام ئېيتىش جەھەتتىكى ئاجايىپ ماھارىتى ئەل ئىچىگە ئانچە تارالمىغان.

ئىمىرھاجىم ھېلىقى بىر قېتىملىق باغ سەيلىسىدە زوھورىدىن ھېكىمبەگنىڭ تەكلىپى بىلەن مۇقامچىلىق ماھارىتىنى ئاشكارىلاپ، سورۇن ئەھلىنى قايىل قىلىدۇ. زوھورىدىن ھېكىمبەگ ئۇنىڭ يۈكسەك ماھارىتىگە قايىل بولۇپ، ئىمىرھاجىنى ئۆز ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىمىرھاجى كارۋان سەپىرىنى تاشلاپ، چوڭ سورۇنلاردا مۇقام ئوقۇپ، قەشقەردە ھەممىگە تونۇلغان ئاتاقلىق مۇقامچى بولۇپ قالىدۇ.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىمىرھاجىم مىڭ قوش ئون ئىككى مۇقام ئاساسىدا چوڭقۇر ئىزدىنىپ، «چۆل ئىراق»، «جازائىر»، «مۇشكۇلات» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى مۇزىكا-كۈيلەرنى ئىجاد قىلغانلىقى مەلۇم. مەرھۇم تارىخشۇناس ئىمىر ھەسەن قازى ئاخۇنۇمنىڭ دەلىللىشىگە قارىغاندا، ئىمىرھاجىم مىڭ قوش ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن، زوھورىدىن ھېكىمبەگ بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئۆتكەن ھەمدە ئۇنىڭ مۇزىكا-مۇقاملىرىغا سەممىي ئىشق باغلىغان ئاتاقلىق شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىغا تەمبۇر چېلىش بىلەن مۇقام ئېيتىشنى ئۆگەتكەن.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىمىرھاجىم مىڭ قوش تەخمىنەن 1780-يىللار ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ، 1850-يىللار ئەتراپىدا ۋاپات بولغان.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)

# موللائاخۇن ساتار

ئون ئىككى مۇقامنى ساتار بىلەن ئىجرا قىلىشتا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا نامى چىققان مەشھۇر مۇقامچى موللائاخۇن «موللا ئاخۇن ساتار» دېگەن نام بىلەن داڭلىق.

ئۇ ياش چاغلىرىدا قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلغان. لۇتفى، نەۋائى، فۇزۇلى، زەلىلى قاتارلىق كىلاسسىكلارنىڭ مۇزىكا تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق ئۆزلەشتۇرۇپ، ساتار چېلىپ ئورۇنداشتا كامالەتكە يەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمى ئەل ئارىسىدا «موللاخۇن مۇقام»، «موللاخۇن ساتار» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

موللاخۇن مۇقام قەشقەر خانلىق مەدرىستىكى تالىپلار بەزمىلىرىدە تەۋەككۇل، ساتار، جۇمە مۇقام (جۇمە كەشمىر) قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە 16-ئەسىردە يەكەندە رەتلەپ قېلىپلاشتۇرۇلغان ئون ئىككى مۇقامنىڭ مەشرەپ، داستان ۋە مەرغۇللىرىنى تولۇقلاشقا ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا بىۋاسىتە كۈچلۈك تەسىر قىلغان. شۇ مەزگىللەردە موللاخۇن ساتار باشچىلىقىدىكى بۇ گۇرۇپپا قەشقەر ئۆلىمالىرى ھەم مۇدەررىسلەر ئالدىدا ئون ئىككى مۇقامنى بىرنەچچە كۈنلۈك ئولتۇرۇشتا تاماملاپ، ئۆلىمالارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەن. بۇ جەرياندا مۇقام ئېيتىشتىكى شىۋە، پۇراق، ئۇدار-رىتىم قائىدىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن مۇقام تېكىستلىرىنىمۇ تولۇقلىغان.

ئەينى ۋاقىتتا مۇقامنى تولۇقلاش ئىشىغا موللاخۇن ساتارنىڭ

ئوغۇللىرى ئەخمەتخان ۋە زورىدىن ئاخۇنلارمۇ قاتناشقان.

موللائاخۇن 1813-يىلى قەشقەر شەھەر ئىچىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. موللاخۇن 1889-يىلى ئىككى ئوغلى ئەخمەتخان (1844-يىلى دۇنياغا كېلىپ، 1928-يىلى قەشقەردە مۇزىكا-مۇقامچىلىق بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن) ۋە زورىدىن ئاخۇن (1850-يىلى دۇنياغا كېلىپ، ئون ئىككى مۇقام ۋە دولان مۇقاملىرىنى ئۆمۈر بويى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ، 1931-يىلى ئاقسۇ رايونىدا ئالەمدىن ئۆتكەن) بىلەن قەشقەردىن چىقىپ ئەركەشتام يولى ئارقىلىق ئەنجان، سەمەرقەند، بۇخارا، بىشكەك قاتارلىق جايلارنى ئارىلاپ، سەيلە-ساياھەت قىلىپ ئون ئىككى مۇقامنى كەڭ تارقاتقان.

ئۇ يەرلەردە بىرتەرەپتىن، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئىجرا قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزبېك خەلقىنىڭ «شەش مۇقام» ىنى ھەم خەلق ناخشا-سازلىرىنى ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرگەن. شۇ جەرياندا موللا ئاخۇن ساتار ئوغۇللىرى ئەخمەتخان ۋە زورىدىن ئاخۇنلارنى ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق تېكىستلىرى بىلەن ئىجرا قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزگەن.

مۇللا ئاخۇن ساتار بىرنەچچە يىل يۇقىرىقى شەھەرلەردە زىيارەتتە بولغاندىن كېيىن، بالىلىرىنى ئېلىپ ئانا ماكانى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەرھۇمنىڭ ئوغلانلىرى ئەخمەتخان ۋە زورىدىن ئاخۇن بىر مەزگىل ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇپ خەلق ئىچىدە شۆھرەت قازانغان.

زورىدىن ئاخۇن ئاكىسى ئەخمەتخاندىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئۆز ئوغلى ئابدۇقادىر ئاخۇن قالۇنچى ۋە قاسىم ئاخۇن ئاكا (1954-1894) بىلەن بىر مەزگىل مەرھۇم موللا ئاخۇن ساتارنىڭ مۇقامچىلىق كەسپىنى داۋاملاشتۇرغان.

زورىدىن ئاخۇننىڭ ئوغلى ئابدۇقادىر ئاخۇن مۇقام مۇزىكىچىلىقىدا،

داپ ۋە قالۇن چېلىشتا كامالەتكە يەتكەن چالغۇچى بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇقادىر ئاخۇن دادىسى زورىدىن ئاكا ۋاپاتىدىن كېيىن، مارالبېشى ۋە ئاقسۇ، ئاۋات ناھىيىلىرىدە دولان مۇقامىنى قالۇنغا تەڭكەش قىلىپ بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئابدۇقادىر قالۇن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە تەكلىپ قىلىنىپ مۇقام ئۇستازى بولغان ھەمدە ئۆمەك ئارتىسلىرىغا دولان بوم باياۋان مۇقامىنى ئۆگەتكەن.

شۇنداق قىلىپ، موللائاخۇن ساتارنىڭ ۋارىسى — ئۇنىڭ نەۋرىسى ئابدۇقادىر ئاخۇن 1970-يىلى ئاقسۇ ئاۋاتتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

(رەتلىگۈچى: ئېلى ئېزىز)



# ھۆسىيىن خان (پەيزى) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى

1820 - يىللار ئەتراپىدا قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى، تۇرپانلىق ۋاڭ ئەۋلادى ئەبۇلھادى① قەشقەر خانئېرىق جامەسىنىڭ خاتىپى ۋە خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى، مۇقام ئۇستازى ھۆسىيىن خان (پەيزى)نىڭ نامىنى ئاڭلاپ، بۇ كىشىنى قەشقەرگە ئائىلىسى بىلەن يۆتكەپ كېلىپ، ئاۋۋال كەنجازا مەدرىسكە، كېيىن ساقىيە مەدرىسكە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭ ئىلىم-بىلىم ۋە مۇزىكا ساھەسىدىكى، بولۇپمۇ مۇقامچىلىقتىكى ماھارىتىدىن ھۇزۇر ئالىدۇ.

ھۆسىيىن خان پەيزى قەشقەرغە كەلگەندىن كېيىن، بىرتەرەپتىن ئىلىم تەھسىل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇزىكا، مۇقامچىلىق بىلەن داڭ چىقىرىپ، قەشقەرنىڭ 19 - ئەسىردىكى مەشھۇر مۇقامچىسى بولۇپ قالىدۇ.

ئەبۇلھادى ھېكىمبەگ ھۆسىيىن خان پەيزىنىڭ ئىلىم تالانتىغا قايىل بولۇپ، ئۇنى ئۇستاز تۇتىدۇ ۋە يېقىن مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى قىلىۋالىدۇ.

ھۆسىيىن خان پەيزى بەگ ھۇزۇرىدا بولغان كۈنلەردە ئەبۇلھادى ھېكىم بەگنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇچتۇرپان، كۇچا، تۇرپان ۋاڭلىرى ئەۋەتكەن ئوردا مۇقامچىلىرىغا ۋە قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق مۇقامچىسى بايىز موللا (خەلق بايىز ساتار دەپ ئاتايدۇ)،

---

① ئەبۇلھادى — زوھوردىن ھېكىمنىڭ ئالدىدا بەگ بولغان. قەشقەر شەھەر ۋە ھېيتكارنى زۇلپىيە خانىمدىن كېيىن كېڭەيتىپ ياسىغان كىشى.

ئۆز ئوغۇللىرىدىن ھېلىم ساتار، سېلىم داپەندە قاتارلىق كىشىلەرگە مۇقام ئۇستازى بولدۇ. خەلق ئاغزىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن مۇقاملارنى قېلىپلاشتۇردۇ. مۇقامغا سېلىنغان تەركىدۇنيالىق تەرغىب قىلىنىدىغان بەزى شېئىرلارنىڭ ئورنىغا ھايات مۇھەببىتى تەسۋىرلىنىدىغان، ئىسلام ئەقىداتى بىلەن تولغان مۇھەببەتنامىلەرنى سېلىپ، مۇقامنىڭ بەزى تېكىستلىرىنى يېڭىلايدۇ.

1828-يىلى جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جايلاردىكى ۋاڭ-گۇڭلارنى بىر قېتىم ئالماشتۇردۇ. 1830-يىللاردا ئەبۇلھادى ھېكىمبەگ موما (ۋاڭ-گۇڭلارنى نازارەت قىلغۇچى) بولۇپ يۆتكىلىدۇ. ئورنىغا زوھورىدىن ھېكىمبەگ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئەبۇلھادى ھۇسيىن خان پەيزىنى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى — ھېلىم، سېلىمنى بىللە ئېلىپ كېتىپ، كۇچا، تۇرپان، ئىلى قاتارلىق جايلاردا بىرقانچە يىل بىللە بولىدۇ. مۇشۇ جەرياندا ئۇلار كۇچا ئوردا مۇقامچىلىرىغا ئۇستاز بولىدۇ. تۇرپاندا ھەسەنبالا، ئابدۇلبالا، غوجەك سۇناي قاتارلىقلارنىڭ سۇناي-داپ بىلەن ئورۇنلايدىغان مۇقاملىرىغا ساتارنى تەڭكەش قىلىشنى، ۋاڭ-گۇڭلارغا توقۇلغان مەدھىيە تېكىستلارنى ئومۇملاشقان خەلق قوشاقلىرىغا سېلىپ ئوقۇشنى قېلىپلاشتۇردۇ.

1836-يىلى گۇناھىنى يۇيۇپ قايتا غۇلجىغا ھېكىمبەگ بولغان خالىزاتخان (خالىزاتخان ئەينى ۋاقىتتا غۇلجىدا خاتالىشىپ، مەنسىپى ئېلىنىپ، تۇرپانغا ئەۋەتىلگەن) ئەبۇلھادى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھۇسيىن پەيزىنى بالىلىرى بىلەن غۇلجىغا ئېلىپ چىقىدۇ. ھۇسيىن پەيزى شۇنىڭدىن كېيىن ئىلىغا ئون ئىككى مۇقامنى سىستېمىلىق تارقاتقۇچى تۇنجى مۇقام ئۇستازى بولىدۇ. 1840-يىللىرى ھۇسيىن خان پەيزى مۇزات يولى بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي قېرىلىق ۋە كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتى سېيىت جالالىدىن باغدات مازىرى بىلەن ئاقمازار گۇمبىزى ئارىلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

ھۇسيىن خان پەيزى ۋاپات بولغان كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھېلىم، سېلىم كامالەتكە يەتكەن مۇقامچىلاردىن بولۇپ يېتىلىدۇ.

بۇلارنىڭ ئەسلى ئاتلىشى ھېلىم ئاخۇن، سېلىم ئاخۇن بولۇپ، ئۇلار دادىسىدىن تەلىم ئالغان موللا كىشىلەردىن ئىدى. بىراق ئۇلار موللىلىقنى تاشلاپ، ئۆمرىنى ساز چېلىش، مۇقام ئېيتىش بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، شۇ دەۋرنىڭ مۇتەئەسسىپ دىندارلىرى ئۇلارنى كەمسىتىپ «خانىئېرىقلىق ئابداللار» دەپ ئاتاشقان.

1865-يىلى ياقۇپبەگ قەشقەرنى ئىستىلا قىلىپ فېئوداللىق بۆلۈنمە ھاكىمىيەت قۇرغاندىن كېيىن، شۇ زاماننىڭ ئادىتى بويىچە ئوردا مۇقام، مۇزىكىلىرىنى تەشكىللەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوردىغا ھۈسىيىن پەيزىدىن تەلىم ئالغان بايىز موللىنى ئېلىپ كېلىدۇ. بىراق قېرىغان بايىز موللا ياقۇپبەگنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايدۇ. نەتىجىدە بايىز موللا ئۇستازىنىڭ ئوغلى ھېلىم ئاخۇن بىلەن سېلىم ئاخۇن خەلپەتلەرنى تونۇشتۇرىدۇ. ھېلىم ئاخۇن بىلەن سېلىم ئاخۇن ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئوردا مۇقامچىلىقى خېلى راۋاج تاپىدۇ. ياقۇپبەگ ئاقسۇ، كورلا تەرەپلەرگە ھەربىي يۈرۈش قىلغان مەزگىللەردىمۇ بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكا مۇقامچىلارنى ئۆزى بىلەن بىللە مېڭىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئۇلار ئاستا-ئاستا سۇيىقەستچى ياقۇپبەگنىڭ زالىملىقىنى چۈشىنىپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نارازىلىق تۇغۇلىدۇ. ئۇلار بىرقانچە قېتىم ياقۇپبەگنىڭ تەلىپىنى ياخشى ئورۇندىمىغانلىقى ئۈچۈن، ياقۇپبەگ «مېنىڭ يۈزۈمنى چۈشۈردى، ماڭا بويۇن تولغىدى» دېگەن گۇناھ بىلەن ھېلىم، سېلىمنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى ۋە باش خەزىنىچىسى توختى قۇربېشى ئۇلارنى ئۆلۈمدىن سورىۋالىدۇ ۋە يۇرتى قەشقەرگە قايتىشقا رۇخسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قېرىپ قالغان بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكا مۇقامچىلار قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ئۆز يۇرتىدا ئۆتكۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ، دادىسى ھۈسىيىن (پەيزى) نىڭ ۋارىسلىرى بولغان بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكا مۇقامچىلار تەخمىنەن 1890-يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ-خۇشتار)

# باقى راۋاب

(1835 — 1915)

باقى راۋاب تەخمىنەن 1835-يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەر كونىشەھەردە تۇغۇلغان. باللىق دەۋرىدىن باشلاپ راۋاب ئۆگەنگەن. ئۇ، يۇرتىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان توي-تۆكۈن ۋە مەشرەپلەرگە قاتنىشىپ، پېشقەدەم سازەندە ۋە مۇقامچىلاردىن بەزى مۇقاملارنىڭ داستان ۋە مەشرەپ قىسىملىرىنى راۋابىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىشنى ئۆگىنىۋالغان ۋە 20 ياشلارغا كىرگەندە مەشرەپ سازەندىلىرى قاتارىغا قوشۇلغان. ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىملىق ۋە يۇقىرى بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە ئىدى.

ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى نامرات بولغاچقا، 1856-يىللىرى مانجۇلار تەرىپىدىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان بولسىمۇ، ئۆزى چوڭقۇر ئىشق باغلىغان راۋابتىن زادىلا ئايرىلمىغان. بىرنەچچە يىل مانجۇ قوشۇنلىرى ئىچىدە تۇرۇش جەريانىدا، خەنزۇ ئەسكەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاپ، خەنزۇ تىلىنى ۋە ئۇلارنىڭ كىلاسسىك ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئۇنى راۋاب بىلەن بىمالال ئورۇندىيالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغان. كېيىن ئۇ قوشۇن بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئەسكەرلىكتىن بوشىنىپ ئۈرۈمچىدە يەرلىكلەشكەن. ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىقتىدارىغا تايىنىپ ھاياتلىق يولى ئىزدەپ، ئابدۇللا سۇناي، مۇھەممەت دولان (غىجەكچى)، ئىبراھىم باخشى (داپچى) قاتارلىق ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق سازەندە، مۇقامچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ بىر

كىچىك ئەلنەغمە گۇرۇپپىسى تەشكىللىگەن ۋە ئۇنىڭغا باقى راۋاب يېتەكچىلىك قىلغان.

باقى راۋاب باشچىلىقىدىكى بۇ گۇرۇپپا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن توي-تۆكۈنلەردە، ھېيت-بايراملاردا ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرى ۋە مۇقام پارچىلىرىنى ئورۇندىغان. بۇ ئەلنەغمە گۇرۇپپىسىنىڭ يەنە خەنزۇچە ئەنئەنىۋى مۇزىكا-كۈيلىرىنى مىللىي مۇزىكا بىلەن ئورۇنداشتەك ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، يېڭى يىل، چاغان بايرىمى، پانۇس ئويۇنى، بۇتخانا سەيلىسى قاتارلىق خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرام پائالىيەتلىرىدە ئۇلارنىڭ خىلمۇ خىل ئەنئەنىۋى ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداپ، ھەرمىللەت تاماشىبىنلىرىنى ھەيران قالدۇرغان.

باقى راۋاب تەخمىنەن 1915-يىللىرى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

(رەتلىگۈچى: ئابلىكىم راخمان)



# سالاھىدىن بەگ

(1820 — 1913)

سالاھىدىن بەگ قەشقەر شەھىرىنىڭ قۇمدەرۋازا دېگەن يېرىدە تەخمىنەن 1820 - يىللىرى ئەتراپىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى ھوشۇر بىر ئۆمۈر قەبرىستانلىقتا ساتار بىلەن مۇقام ئېيتقان .

سالاھىدىن بەگ كىچىكىدىن چوڭ دادىسىنى يېتىلەپ قەبرىستانلىققا بېرىپ-كېلىش جەريانىدا، ئۇنىڭدىن بىرقانچە مۇقامنى ئۆگىنىدۇ. ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ، سالاھىدىن بەگ كۆچتۆۋگۈر (نوچى) بولۇپ يېتىلىدۇ. بىر قېتىملىق سەيلىدە قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق نوچىسى پەخرىدىن بەگ بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىپ ئۇنى يېڭىدۇ. يېڭىلگەن پەخرىدىن بەگ ئۆزىنىڭ نوچىلىق ئورنىنى سالاھىدىن بەگكە بېرىپ، ئۆزى ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىدۇ.

ئۇ زامانلاردا ئەل ئارىسىدا نوچى دەپ ئاتالغان كىشىلەر ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئالدىدا ئىناۋەتلىك بولۇپ، شەھەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا مەلۇم ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنى بەگ دەپمۇ ئاتىشاتتى. بەگ بولغان كىشى شەھەردە يۈز بەرگەن قاتىللىق، ئوغرىلىق دېلولىرىنى (دېلو سادىر قىلغۇچىلارنى) تۇتۇش، ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىش، جىنايەتچىلەرگە كېپىل بولۇپ تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىش قاتارلىق

قانۇننى ئىشلارغىمۇ ئارىلىشاتتى.
بۇ خىل بەگلەر كونا قائىدە بويىچە شەھەر مەركىزىدىكى ساماۋەرخانىدا ئولتۇرۇپ ئىش باشقۇراتتى.
سالاھىددىن بەگ 40 يىلغا يېقىن قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلار بېگى بولۇش جەريانىدا، قەشقەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىدىكى تۆت چوڭ ساماۋەرخانىدا نۆۋەت بىلەن ئولتۇرغان.
بۇ ساماۋەرخانىلاردا ئەلنەغمىچىلەر بولۇپ، كۆن بويى نەغمە قىلىپ، مۇقام ئېيتىپ خېرىدار جەلپ قىلاتتى. سالاھىددىن بەگ 40 يىل جەريانىدا، مەيلى قايسى كۈنى، قايسى ساماۋەرخانىغا بارسۇن، شۇ يەردە ساتار چېلىپ، مۇقام ئېيتىپ داڭ چىقارغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ ۋاقىتتىكى «نوچى» دەپ ئاتالغانلار داڭلىق راۋابچى بولۇشى شەرت ئىدى. چۈنكى ھەرقانداق سەيلە-ساياھەت ۋاقتىدا، ئاۋۋال نوچىلار سەركەردىسى بىر-ئىككى پەدە راۋاب چېلىپ سەيلىنىڭ پەردىسىنى ئاچقاندىن كېيىن، جايلارنىڭ راۋابچىلىرى تارقىلىپ ئۆز ئورۇنلىرىدا ساز چېلىشقا ھوقۇقلۇق بولاتتى. مۇشۇنداق شەرتلەر ئاساسىدا سالاھىددىن بەگ راۋاب چېلىشنى ئۆگىنىپ كامالەتكە يەتكەن. قەشقەر رايونىدا راۋاب چېلىشتا ئۇنىڭ رىقابەتچىسى يوق ئىدى.
سالاھىددىن بەگ 40 يىل ساتار، راۋاب چېلىش، مۇقام ئېيتىش بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا زامانداشلىرىدىن تاشۋاي، خانىرىقلىق مەتەك چوڭ قاتارلىقلار ئىجاد قىلغان «تاشۋاي»، «ساپىرىق»، «گۈندىپاي»، «ئامانەي»، «مەشۇقۇم»، «ھارۋىكەش»، «بوز تورغاي»، «يارسېنىڭ دەردىڭ»، «ئۇردام»، «سۇلتانەم» قاتارلىق ناخشا-مۇزىكىلارنى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىتىدۇ ۋە ئومۇملاشتۇرىدۇ.
شۇنداق قىلىپ، بىر ئۆمۈر راۋاب بىلەن مۇقام ئېيتىپ ئۆتكەن سالاھىددىن بەگ 1913-يىلى 90 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.
سالاھىددىن بەگ كېيىنكى ۋاقىتتا قېرىلىق سەۋەبىدىن ئۆزىگە

چېلىشتىن قېلىپ، ئەڭ كىچىك ئىنىسى سادىن بايغا راۋاب چېلىشنى ئۆگەتكەن. 1956 - يىلغىچە قەشقەردىكى راۋابچىلار ئىچىدە 300 دىن ئارتۇق قەدىمكى ناخشا - مۇزىكىنى سىستېمىلىق - رېتىملىق چېلىپ، مۇقامنى بىرقەدەر تولۇق ئېيتىدىغان كىشىلەردىن بىرى سادىن باي ئىدى.

سادىن باينىڭ كۆپ ئۆمرى قەشقەر ھەزرەت يولىدىكى تاختىكۆۋرۈك دېگەن جايدا ئۆتكەن بولۇپ، ئاكىسى سالاھىدىن بەگ بىلەن بىللە قەشقەر تۆت دەرۋازا ئىچى ۋە سىرتىدا يۇقىرى ئىناۋەت قازانغان مۇزىكانتلاردىن ئىدى.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)



# ئاخۇن قارىم

(1820 — 1905)

ئاتاقلىق سازەندە ئاخۇن قارىم مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چىغانچۆل دېگەن يېرىدىن بولۇپ، تەخمىنەن 1820-يىللىرى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئەلنەغمىچىلىك بىلەن ئۆتكەن. قالۇن، دولان غىجەكى، دولان راۋابى قاتارلىق مۇزىكىلارنى ياساش ھەم چېلىش بىلەن نام چىقارغان.

ئۇنىڭ ياسىغان مۇزىكا ئەسۋابلىرى ناھايىتى داڭلىق بولۇپ، دولان يۇرتلىرىنىڭ ھەممىسىگە تارقالغانىدى.

ئاخۇن قارىم مەيلى مۇزىكا چېلىش ياكى چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساشتا بولسۇن ناھايىتى تەلەپچان بولۇپ، شاگىرتلىرىغىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش يۇقىرى تەلەپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئوغلى ئەمەت مۇللام (1880 — 1964) دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ غىجەك، راۋاب، تەمبۇر، نەي چېلىشنى ھەم چالغۇ قوراللىرىنى ياساشنى ئۆگىنىپ، پۈتۈن ئۆمرىنى مەشرەپ ھەم ئەلنەغمە بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئەمەت مۇللامنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى نامەتخان (1913 — 1976)، ئىككىنچى ئوغلى يۈسۈپ ئەمەت (1915 — 1981) قاتارلىقلار دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ساتار، تەمبۇر، راۋاب، غىجەك، قالۇن، نەي، داپ قاتارلىق مۇزىكىلارنى چېلىشنى تولۇق ئۆگىنىپ مارالبېشى تەۋەلىكىدە نام چىقارغان. شۇنداقلا ئۇلارمۇ چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش ماھىرلىرى بولۇپ يېتىشكەن.

ئاخۇن قارىم تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن بۇ ئەۋلادلار پۈتۈن ئۆمرىنى خەلقنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا تەقدىم قىلىپ، دولان مۇقاملىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن هەسسە قوشقان. ئۇنىڭ چەۋرىسى مامۇتجان هازىر مارالبېشى ناهىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدا بولۇپ، ئۇ دولان مۇقاملىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش ۋە مۇقامچىلارنىڭ ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئىشلىمەكتە. ئۇ يەنە مۇقام تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ.

ئاخۇن قارىم تەخمىنەن 1905-يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن.

(رەتلىگۈچى: مۇهەممەت ئوسمان)

# شاھ نىساخان

19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەكەن ئالتۇنلۇقۇم مازىرىنىڭ يېنىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ۋەخپە ئۆيدە شاھ نىساخان ئاتلىق بىر تۇل ئايال ئۆتكەن. خۇش پېئىل، سۇمباتلىق كەلگەن بۇ ئايال كېچىسى ئالتۇنلۇقۇم مازىرىدا (سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مازىرىدا) تۈنەپ پەرياد چېكىپ، يېرىم كېچىگىچە مازارنى سۈپۈرەتتى. تۈن يېرىمدا بولسا ساتار بىلەن مۇقام ئېيتىپ تاڭ ئاتقۇزاتتى. كۈندۈزنى بولسا ئۆز ئۆيىدە ئۆتكۈزەتتى. بۇ ئايالنىڭ تۇرمۇشىدىن بىر قىسىم ئالىم-ئۆلىما ۋە يۇرت پېشقەدەملىرى خەۋەر ئېلىپ، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك يەتكۈزۈپ بېرەتتى.

بۇ ئايالنىڭ كېچىسى مازارغا كىرىشىگە بەزى دىنىي مۇتەئەسسىپلەر ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇنى چەكلىگەن، ھەتتا ماتىنەي دارغا ئېسىلغان يىلى شەھەرنىڭ قازىسى 60 ياشلارغا كىرىپ قالغان بۇ ئايالنى «شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلىپ مازارنى ئاياغ ئاستى قىلغان» دېگەن بەتنام بىلەن يەتتە دەررە ئۇرۇپ جازاغا تارتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئايال مۇقامغا بولغان چوڭقۇر ئىشتىياقى بىلەن ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي، ئالتۇنلۇقۇم ئىچىدە كېچىسى مۇقام ئېيتىشنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرغان.

كېيىنكى ۋاقىتتا كىشىلەر بۇ ئايالغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغان، ھۆرمەت قىلىدىغانلار كۆپەيگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، يەكەندىكى ھەرقايسى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئاياللىرى شاھ نىساخانغا باشقا جايدىن ئالاھىدە ئۆي تەييارلاپ بەرگەن. لېكىن شاھ نىساخان ئۇ ئۆيگە

كۆچمگەن، كېيىنرەك يەكەن ئايالىرىنىڭ تەلپى بويىچە، ئەلنەغمە سورۇنلىرىغا قاتنىشىپ مۇقام ئېيتىپ، نەغمە قىلىپ ئۆزىنىڭ مۇقام ئوقۇش ماھارىتىنى ئاشكارىلىغان.

شاھ نىساخاننىڭ ئېسىل ئەخلاقى، سەممىي مۇئامىلىسى، ساتارنى تەڭكەش قىلىپ مۇقام ئېيتىشتىكى ئاجايىپ ماھارىتى ھەممىنى قايىل قىلغاچقا، ئىخلاسمەنلىرى كۆپىيىپ، ئۇنى ئۇلاھلاشتۇرۇپ، ئۇ «پەيغەمبەر ئەۋلادى»، «پادىشاھ ئەۋلادى» ئىكەن دېگەندەك تەرىپلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىققان.

ئەسلىدە شاھ نىساخان ئىقتىدارىنى ئاشكارىلىمىغان مەشھۇر مۇقامچى ئايال بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرى تەنھالىقتا ئۆتكەن، مۇقام ئىشقىدا يېنىپ كۆيگەن. يەكەن قالىغاچ دەرۋازىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئابدۇۋاقى ئەلەمنىڭ ئايالى مەستۇرەخان بۈۋىنىڭ ئانىسى شەرىخان بۈۋىمدىن ئاڭلىغان ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، شاھ نىساخان بىر جۈمە كۈنى ئەتىگەندە بويىنى سۇغا سېلىپ، ئېڭەك، پۈتىنى ئۆزى چېتىپ، يالغۇز ئۆيىدە ئۆلۈپ قالغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ ئۆيىدىن نۇرغۇن كىتاب، خوتەن قەغىزىگە پۈتۈلگەن ۋەسقە-خەتلەر چىققان، بىر خېتىدە: «كىتابلار مەسچىتكە ۋەخپە قىلىنسۇن، مۈلكۈممۇ شۇنداق» دېيىلگەن، شۇ قاتاردا ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك مۈلكى بولغان ساتارىمۇ مەسچىتكە بېرىلگەن.

شاھ نىساخان بارات ئېيى، ھوشۇر ئېيى، مەۋلۇد ئېيىدىكى تۈنەكلەردە تاڭ ئاتقۇچە قايناق ھېسسىيات بىلەن مۇقام ئېيتىپ، زىكرى-تىلاۋەت قىلىپ، مۇقام ساداسىنى ياڭرىتىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ مۇقامغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى، ئىشتىياقى ۋە بىر ئۆمۈر مۇقامچىلىق بىلەن تەنھا ئۆتكەن دىلكەش ھاياتى كىشىلەردە چوڭقۇر تەسرات قالدۇرغان.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)

# خاكى هاجى

(1849 — 1910)

خاكى هاجى (تەخمىنەن 1840 — 1910 - يىللار) ئاتۇشنىڭ ئاغۇ يېزىسىدىن بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە نامى چىققان مۇقامچىلارنىڭ بىرى.

خاكى هاجى ئون ئىككى مۇقامنى دادىسى شاھ ھېلىمدىن (تەخمىنەن 1785 — 1860 - يىللاردا ياشىغان) ئۆگەنگەن. شاھ ھېلىم ئاغۇ يېزىسى بويىچە ئەتراپلىق يېتىشكەن ۋە پىشقان مۇقامچى بولۇپ، راۋاب، دۇتار چېلىش بىلەن داڭ چىقارغان. شاھ ھېلىم ئۆزۈنغىچە پەرزەنت كۆرەلمەي، ئاخىرى بىر ئوغۇل پەرزەنتكە ئېرىشكەچكە، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، بۇ ئارزۇلۇق بالىسىغا «كۆز تەگمىسۇن» دەپ، ئىسمىنى خاكى (تۇپراق) دەپ قويغان. شاھ ھېلىم ئوغلى خاكىنى كىچىكىدىن باشلاپ ئارقىسىغا سېلىپ توي، مەشرەپ پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرغان ھەمدە كۆڭۈل قويۇپ مۇزىكا ۋە مۇقام ئۆگەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ 20 ياشلارغا كىرگەندە دادىسىنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇقامچى ۋە سازەندە بولۇپ يېتىلگەن.

يۇرت ئىچىدە خاكىنىڭ نامى چىققان مەزگىللەردە ئۇنىڭ يۇرتىدىكى مەتنىياز باي ھەجگە جابدۇنۇپ، سەپەر ئۈستىدە زېرىكىپ قالماسلىق ۋە ئات - ئۇلاغلىرىغا قارىتىش ئۈچۈن خاكىنى ھەمراھ قىلىپ ئېلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەرەمگە بېرىپ هاجى بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ

نامى «خاكى هاجى» بولدۇ خاكى هاجىمۇ بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇپ، ئىسمىنى روزام دەپ قويدۇ. روزاممۇ دادىسىنىڭ تەربىيىسى بىلەن ساز چېلىش، ناخشا-مۇقام ئېيتىش جەھەتلەردە يېتىشىپ، دادىسىنىڭ ئىزىنى باسىدۇ. ئۇمۇ بىر ئۆمۈر مۇقام ئېيتىپ 1966-يىلى 60 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. هازىر هايات بولغان يۇرت پېشقەدەملىرى «خاكى هاجى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى روزامنىڭ بىر كۈنىمۇ مۇقامسىز ئۆتكەن ئەمەس» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

خاكى هاجىنىڭ نەۋرىسى ئەيسا روزام بۇ ئائىلىدىن چىققان تۆتىنچى ئەۋلاد مۇقامچى بولۇپ هازىر 52 ياشتا. ئۇ دادىسىدىن ئون ئىككى مۇقامنى خېلىلا تولۇق ئۆگىنىۋالغان. ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە ئۇمۇ باشقا مۇقام پېشىۋالىرىغا ئوخشاش تارتىپ چىقىرىلىپ، بىر مەزگىل «گىزەندە» قىلىۋېتىلگەن. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇرغان.

ئەيسا روزام 50-يىللاردا ئاتۇش ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە بىرقانچە يىل ئىشلىگەن. ئۇ هازىر يۇرت ئىچىدىكى سەنئەت هەۋەسكارلىرىنى يىغىپ تەشكىللەپ، ئەجدادلىرىنىڭ سەنئەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلماقتا.

(رەتلىگۈچى: ئابلەت ئاۋامۇسلىم)

# مۇھەممەت موللا (كارۇشاك ئاخۇنۇم)

مۇھەممەت موللا (كارۇشاك ئاخۇنۇم) 19-ئەسرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەردە تۇغۇلغان. باللىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرىدە قەشقەردىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان مەشھۇر سازەندىلەردىن بولغان ھېلىم-سېلىملارنىڭ ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىپ غىجەك، ساتار چېلىش ماھارەتلىرىنى ئۆگەنگەن ۋە مۇقام ئاھاڭلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. 19-ئەسرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىلىغا چىققان.

مۇھەممەت موللا كېيىنكى قىرىق يىلدىن ئوشۇق ئۆمرىنى ئىلىدا ئاددىي خەلق ئارىسىدا ئۆتكۈزۈپ، ئىلىدا مۇقامچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ۋە يۈكسەك ئابرويغا ئېرىشىپ ئىلىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

مۇھەممەت موللامغا نېمە ئۈچۈن «كارۇشاك» دېگەن لەقەمنىڭ سىڭىپ قالغانلىقىنى كىشىلەر ئۇنىڭ كاۋاپقا ئامراقلىقىغا باغلاپ مۇھاكىمە قىلىشىدۇ. سەنئەت سېپىمىزدىكى ھايات پېشقەدەملىرىمىزدىن ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ بۇ ھەقتە ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «كارۇشاك ئاخۇنۇم ئالەمدىن ئۆتكەن چاغلاردا مەن تېخى ئون نەچچە ياشلىق بالا ئىدىم. ئۇ كىشى بىلەن بىر سورۇندا بولۇش ماڭا نېسىپ بولمىغان. كېيىنكى چاغلاردا پېشقەدەملەر-دىن مەتمىن ئاخۇن نۇراجى، ھاسان تەمبۇر، بارات تەمبۇر، مەسۇم توقۇم، نادىركام غىجەكچى، قەرەنكام، ئاق تېيىپھاجىم، دۇشىدىن ئاكا قاتارلىق ئەلنەغمىچىلەر بىلەن بىللە بولغاندا، ئۇلارنىڭ كارۇشاك ئاخۇنۇمنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغانلىقلىرىنى

ئاڭلىغانىدىم. كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ ئىلىدىكى ئۆمرى بويتاقچىلىقتا ئۆتكەچكە، ئۈچ ۋاخ تاماقنى بازاردىن يەيدىكەن. كاۋاپقا ناھايىتى ئامراق ئىكەن. باشقىلار: «ئاخۇنۇم، سىلى كاۋاپلا يەيدىكەنلىغۇ؟» دەپ ھەيران بولسا، ئۇ: «ھە، كاۋرۇ شياڭ، (خەنزۇچە: كاۋاپ مەززىلىك، دېگەن مەنىدە)» دەپ جاۋاب بېرەتتىكەن. ئىلىدا لەقەمسىز ئادەم ئاز بولغاچقا، مۇھەممەت موللامغىمۇ «كارۇشاڭ» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغانىكەن.

كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەرنىڭ بىرى بولغان ئاتاقلىق سازەندە مەرھۇم ھېزىم موللا① ئاكا «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1980-يىل 2-سانىدا، كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنى ئەسلەپ يازغان بىر خاتىرىسىدە مۇھەممەت موللىنىڭ تەقى-تۇرقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ئەسلىشىمچە، كارۇشاڭ ئاخۇنۇم ئوتتۇرا بويي، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئاغزى يوغانراق، كالپۇكلىرى قېلىن كىشى ئىدى. ئۇچىسىغا قەشقەرچە پەرىجە، ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك، پۇتىغا كەشە كىيىپ يۈرەتتى. 1915-يىللىرى ‹تۆتكۆۋرۈك› مەھەللىسىدىكى تۇداخۇن باينىڭ قورۇسىنىڭ ئورنى جۇلوزۇڭ دېگەن شۈەنىڭ جايى بولۇپ، چوڭ كوچىدا قاتار كەتكەن قىزىل سىرلاقلىق دۇكانلار بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى قوش ئىشىكلىك چوڭ بىر دۇكان ساماۋەرخانا ئىدى. بۇ يەرگە چاي ئىچىش، سېرىق تاماكا چېكىش ئۈچۈن ئادەملەر نۇرغۇن يىغىلاتتى. كارۇشاڭ ئاخۇنۇم مۇشۇ يەردە مېھمانلارغا ساتار چېلىپ، مۇقام ئېيتىپ بېرەتتى. مېھمانلار ئۆز ئىختىيارىي بىلەن ئاتىغان پۇللىرىنى پەتنۇسقا سېلىپ ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا قويۇپ قوياتتى.»

ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسىدە مۇھەممەت موللامنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقتى «1910-يىل» دەپ يېزىلغان.

---

① ھېزىم موللا بىننى باقى — ئاپتونوم رايونىمىزدىكى داڭلىق سەنئەتچىلىرىمىزدىن بولغان مۇساجان روزىنىڭ ئۇستازى.

ئەمەلىي ئەھۋاللارنى ئۆگەنسەك، بۇ ۋاقىتنىڭ توغرا كۆرسىتىلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. يۇقىرىدا كۆردۇقكى، 1910-يىلى تۇغۇلغان ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپ: «كارۇشاڭ ئاخۇنۇم ئالەمدىن ئۆتكەندە مەن ئون نەچچە ياشلىق بالا ئىدىم» دەيدۇ. كارۇشاڭ ئاخۇنۇمدىن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن تالانتلىق چالغۇچىمىز روزى تەمبۇرنىڭ 1900-يىلى تۇغۇلغانلىقى كۆپچىلىككە مەلۇم. ئەگەر كارۇشاڭ ئاخۇنۇم 1910-يىلى ۋاپات بولغان بولسا، ئۇ چاغدا روزى تەمبۇر ئۇ كىشىدىن ئون ياشقا تولماي تۇرۇپلا مۇقام ئۆگەنگەن بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەمەلىي پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس. روزى تەمبۇرنىڭ سۆيدۈگىدىن غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ، مۇھەممەت موللام بىلەن تونۇشقان ۋاقتىنىڭ ئۆزى 1916-يىلىدىن كېيىن ئىدى.

ئىپتىشلارغا قارىغاندا، مۇھەممەت موللا ھاكىمبەگ خوجام① نىڭ چوڭ ئوغلى — چوڭ پاشا خوجامنىڭ تويىغا قاتناشقانىكەن. يىگىتنى ھۆسەنباي ھاجىمنىڭ ئوغلى ساۋۇت ئەپەندى ئولتۇرغۇزغان بولۇپ، ئولتۇرۇش باۋۇدۇنباينىڭ بېغىدا② ئۆتكۈزۈلگەنىكەن. بۇ توينىڭ ۋاقتى توغرىسىدا چوڭ پاشا خوجامنىڭ ئوغلى ئەزىمخان: «دادامنىڭ ئېيتىشىچە، دادامنىڭ تويىدا كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ بولغىنى راست ئىكەن. توي بولغان شۇ يىلنى دادام ‹1916-يىل› دەپ خاتىرىگە ئالغان» دەيدۇ.

ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپ ئۆزىنىڭ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1982-يىل 4-سانىدا ئېلان قىلغان «ئۇستازلارنى ئەسلەيمەن» دېگەن بىر ئەسلىمىسىدە، شۇ چاغدا «ئىلى گېزىتى»گە بېسىلغان بىر ماقالىدىكى «مۇھەممەت موللا 1917-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن»

① بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكىمبەگ غوجا-ئىلى ھېكىمبەگلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى — جاھانگىر بەگنى (غىياسىدىن خوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ.) كۆرسىتىدۇ. ئۇ 1871-يىلى غۇلجىدا تۇغۇلۇپ، 1957-يىلى 86 يېشىدا ۋاپات بولغان.

② ھازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ ئورنى.

دېگەن سۆزنى رەت قىلىپ: «...مېنىڭچە بۇ توغرا بولمىسا كېرەك، چۈنكى روزى تەمبۇرنىڭ كارۇشالىڭ ئاخۇنۇمدىن ساز ئۆگىنىشكە باشلىغان، ۋاقىتنىڭ ئۆزى 1917-يىلىدىن كېيىن بولغان. مەخسۇت ھاجىمنىڭ ① ئېيتىشىچە: ئاخۇنۇم 1922-يىلى مەخسۇت ھاجىمنىڭ تويىغا قاتناشقانىكەن» دەپ يازىدۇ.

ئىلىدىكى پېشقەدەملەر ئارىسىدا كارۇشالىڭ ئاخۇنۇمنىڭ: «مەن ئىلىغا 40 يېشىمدا چىققانىدىم. ئىلىنىڭ ئادەملىرىگە 40 يىل ساز چېلىپ بەردىم» دېگەن مەشھۇر بىر جۈملە سۆزى ئېقىپ يۈرىدۇ. يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، مۇھەممەت موللام تەخمىنەن 1843-يىللىرى قەشقەردە تۇغۇلغان. 1883-يىللىرى ئەتراپىدا ئىلىغا چىققان. 1923-يىلىدىن كېيىن، غۇلجا شەھرىنىڭ «تېرەكمازار مەھەللىسى» دىكى بىر دەڭدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

مۇھەممەت موللا ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇتقان ساتارى تەۋەررۇك سۈپىتىدە ئىلى ھېكىمبەگ ئوردىسىدا ساقلانغانىكەن. 1933-يىللىرى ئەتراپىدا غۇلجىدا سەنائىي نەفىسە قۇرۇلغاندا، ئوردىدىن يېڭى قۇرۇلغان بۇ ئۆمەككە كېلەم، كىيىم-كېچەك ۋە باشقا كېرەكلىك جابدۇقلار سوۋغا قىلىنغان. شۇ قاتاردا كارۇشالىڭ ئاخۇنۇمنىڭ ساتارىمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. بۇ ساتار سەنائىي نەفىسەدە ئۇزۇن يىل ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەۋەررۇك سازنىڭ ھازىر قەيەردىلىكى نامەلۇم.

مۇھەممەت موللا ئىلىدىكى 40 يىلدىن ئوشۇق ئۆمرىنى سەنئەتنىڭ قەدرىگە ھەقىقىي يېتىدىغان، نەغمە-ناۋانى چۈشىنىدىغان ئاددىي پۇقرالار ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن. مۇھەممەت موللامنىڭ تۆھپىسى شۇ يەردىكى، ئۇ «ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى» ۋە «كۆچ-كۆچ» قالايمىقانچىلىقلىرىدا ئۇنتۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن

---

① مەخسۇت ھاجىم — غۇلجىدىكى تارىخچى كىشىلەرنىڭ بىرى. ئۇ 87 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئىلى مۇقامچىلىقىنى قايتا تىرىلدۈرگەن. ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن قابىل شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئىلىدا مۇقامچىلىقنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ بېرىپ ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇڭا ئىلى خەلقى ئۇنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ ۋە ئەسلەيدۇ.

(رەتلىگۈچى: مەتمىن ھوشۇر)



# توختنيار قالۇن

مەشھۇر مۇقامچى توختنيار قالۇن تەخمنەن 1844 - يىللىرى قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى « خوجا چوڭنىڭ قۇملۇقى » دېگەن مەھەللىدە ھاپىز ئاخۇن ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى مېھماندوست، خەيرى - ساخاۋەتلىك، پەزىلەتلىك، ئەمگەكچان كىشى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ دېھقانباي دەپ ئاتاشقان.

دېھقانباينىڭ ئاللا يار، خۇدايار، بەختنيار ۋە توختنيار ئىسىملىك تۆت ئوغلى بولغان. ئۇلارنىڭ ئۆيى ئەينى ۋاقىتلاردا شىمالىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان غوللۇق يول — بەشكېرەم يولىنىڭ بويىغا جايلاشقاچقا، ئۇ يول بويىغا چوڭ بىر باغ بىنا قىلىپ چۆرىسىگە ئۈجمە بىنا قىلغان. ئوتتۇرىسىغا قوغۇن ۋە باشقا كۆكتات ئۆستۈرگەن.

بۇ باغقا يۇرتداشلىرى ۋە يولۇچىلارنىڭ خالىغانچە كىرىپ مېۋە-چېۋە يەپ، مېھمان بولۇپ قايتىشىغا رۇخسەت قىلغاچقا، دېھقانباي ۋە ئوغۇللىرىنىڭ بۇ سېخىيلىقىنى كىشىلەر ماختاپ، بۇ باغنى « ۋاپباغ » (جامائەتكە ئورتاق باغ دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتاشقان. دېھقانباي مۇشۇ باغ ئەمگىكى ۋە تېرىقچىلىق ئەمگىكى بىلەن مەلەك بولۇپ خالىس ياشىغاچقا، ئەل ئارىسىدا يۇقىرى ئىناۋەت قازانغان. بۇ كىشى مۇزىكىدىن خەۋەردار بولۇپ، بوش ۋاقىتلىرىدا ئۆزىنىڭ بېغىدا مۇقام مۇزىكىلىرىنى قالۇن بىلەن چېلىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغان ھەمدە ئوغۇللىرىغىمۇ مۇزىكا ئۆگىنىش شارائىتىنى ھازىرلاپ بەرگەن. ئوغۇللىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ كىچىكى توختنيارنىڭ مۇزىكا

سېزىمى يۇقىرى بولۇپ، ئۇ دادىسىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇقامچى ۋە قالۇنچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

توختىيار 20 ياش ئەتراپىدا قالۇن چېلىشتا يۇقىرى ئىناۋەت قازانغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «توختىيار قالۇن» دەپ ئاتاشقان.

قاسىم تاش ھاجىم، ھېيت ئاخۇن ئۇستام ۋە ئابلىزخان قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ تەربىيىلىشىچە، توختىيار قالۇن كۆپ خىل مۇزىكا تۈرلىرىنى چېلىشنى بىلىدىكەن. ئۇ، كېچە كۈندۈز توختىماي مۇقام ئېيتىسمۇ چارچىمايدىغان، چالغان مۇزىكىلىرىنىڭ رېتىم ۋە ئۇدارلىرىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان، ھەرقانداق مۇقامنى قويۇق مىللىي پۇراق بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىدىغان جەلپكار قالۇنچى ئىكەن.

توختىيار قالۇن ئۆزىنىڭ سەنئەت ھاياتىدا تەلەپچان مۇزىكانت بولۇپ، مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ مىللىي ساپلىقىغا ۋە مىللىي پۇرىقىغا تولىمۇ دىققەت قىلغان. ئۇنىڭ ئاكىسى بەختىيار مۇقام بىر مەزگىل پەرغانىدە تۇرۇپ، يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر قېتىملىق مۇقام ئېيتىش سورۇنىغا قاتنىشىدۇ. ئۇ پەرغانىدا تۇرغان مەزگىللىرىدە ئۆزبېك شەش مۇقامى ۋە ئۇنىڭ مۇزىكا ئۇسلۇبىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغاچقا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى شۇ ئۇسلۇبقا تارتىپ ئورۇنلايدۇ. بۇنى سەزگەن توختىيار قالۇن شۇ سورۇندىلا ئاكىسىنى: «سەن بۇ ئۇسلۇبىڭ بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئېيتساڭ، ئۇنىڭ مىللىي پۇرىقى يوقىلىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

توختىيار قالۇن مۇقامچى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى رەتلەپ قېلىپلاشتۇرغۇچى ۋە ناخشا ئىجاد قىلغۇچى ئىدى. شۇ دەۋردە ئۇ كۆپلىگەن قەشقەر خەلق ناخشىلىرىنى رەتلەپ قېلىپلاشتۇرغان.

توختىيار قالۇنمۇ دادىسىدەك ناھايىتى پەزىلەتلىك كىشى بولۇپ، ئۆمرىدە ھېچقانداق كەيپ قىلمىغان. ھەر قانداق توي-تۆكۈن، مەشرەپ سورۇنلىرىغا تەكلىپ قىلىنسا، ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن سورۇن ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ ھېسابلىغان.

ئەمگەك ھەققى ئۈچۈن بېرىلگەن ھەر قانداق سوۋغا-سالاملارنى قوبۇل قىلمىغان. سەنئەتنى تاۋارلاشتۇرماي، بىر ئۆمۈر خەلققە خالىس خىزمەت قىلىپ چوڭ شۆھرەت قازانغان.

توختىيار قالۇن ھەر قايسى يۇرتلاردىن كەلگەن ئىگە-چاقىسىز، يېتىم-يېسىر مۇزىكا ئاشىقلىرىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، بىر تەرەپتىن، ئۇلارغا مۇزىكا، مۇقام ئۇستازى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىپ باشپانا بولغان. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدە خوتەن كىرىيىلىك شاھ ساۋۇت دېگەن داڭلىق راۋاپچى بولۇپ، توختىيار قالۇننىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئۇ قەشقەردە ماكانلىشىپ، ئۇستازىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قەشقەرنىڭ ئاساسلىق مۇقامچىسى بولۇپ قالغان.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)

# بەردى ئاخۇن

(1845 — 1945)

بەردى ئاخۇن (چىچىق) لوپ ھانگىياندا يېزىسىنىڭ قۇمباغ كەنتىدىن بولۇپ، تەخمىنەن مىلادى 1845-يىلى تۇغۇلغان، ئۇ لوپ ناھىيىسى بويىچە مۇقامچى، ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ئۇستازى ھېسابلىنىدۇ.

لوپ ھانگىياندا يېزىسىنىڭ چوقۇرئېرىق كەنتىدىكى 80 نەچچە ياشلىق پېشقەدەم ئەلنەغمىچى ئېلى بەگ ۋە بويا، سامپۇل، دۇل، چاۋاغ (چاھارباغ) يېزا-كەنتلەردىكى بىر قانچە پېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە: بەردى ئاخۇنغا ھاجى ئاخۇن قالۇنچى، ھەيۋۇللا ئاخۇنۇم، مەتنىياز ئاكا، كېرىم موللام قاتارلىق كىرىيىلىك مۇقام پېشۋالىرى ئۇستاز بولغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن 100 نەچچە يىللار ئىلگىرى كىرىيە، چىرىيە ئارىلىقىدا ئۆتكەن مەشھۇر مۇقامچى مۇھەممەت قارى خوجا دېگەن كىشى ئۇنىڭغا ئاساسلىق ئۇستاز بولغانلىقى مەلۇم.

بەردى ئاخۇن داپ، ساتار، تەمبۇر قاتارلىق مۇزىكىلارنى چېلىشقا ماھىر بولۇپ، ئۇن ئىككى مۇقامنىڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپ قىسىملىرىنى خېلى پۇختا ئۆگەنگەن. ئۇ ئۆزى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن سۇنايچى ۋە نەيچى ئۇشتىكام، ساتارچى تۇردۇشكام، تەمبۇرچى دانەك موللام، ئەخمەت ئاكا داپچى قاتارلىق

ئەلنەغمىچىلەر بىلەن بىر گۇرۇپپا بولۇپ، يۇرت ئىچىدىكى توي-تۆكۈن ۋە مەشرەپلەردە مۇقام ئېيتىپ، جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. بۇ ئەلنەغمە گۇرۇپپىسىغا ئەنە شۇ بەردى ئاخۇن مۇقامچى يېتەكچىلىك قىلغان.

بەردى ئاخۇن مۇزىكا چېلىش ۋە مۇقام ئېيتىشنى بىلگەندىن باشقا، يەنە ماھىر ئۇسسۇلچى ئىدى.

(رەتلىگۈچى: ئىبراھىمجان ئىمىن)



# موللا مۇھەممەت خەلپەت ھاجى
# ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

ئاتۇشتا موللا مۇھەممەت خەلپەت ھاجى، توپا خەلپىتىم، خەلپەت ھاجى ۋە ئابدىنىدىن ئىبارەت تۆت ئەۋلاد داڭلىق ئاتا-بالا مۇقامچىلار ئۆتكەن بولۇپ، ھازىرغىچە بىر-بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ كەلمەكتە.

موللا مۇھەممەت خەلپەت ھاجى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاتۇش سۇنتاغ يېزا كېچىگىز كەنتىگە تۇنجى بولۇپ ئون ئىككى مۇقامنى تارقاتقۇچى نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئەترا پلىق يېتىلگەن موللا كىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىقتىدارلىق مۇقامچى بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئارىسىدا يۇقىرى ئىززەت-ئابرويغا ئىگە بولغان.

ئىككىنچى ئەۋلاد مۇقامچى توپا خەلپىتىم (1888 — 1971) ئون ئىككى مۇقامنى دادىسى موللا مۇھەممەت خەلپەت ھاجىدىن ئۆگەنگەن، شۇنداقلا ئون ئىككى مۇقامنى چوڭ نەغمە قىسمى، داستان قىسمى ۋە مەشرەپ قىسمى بويىچە بىر قەدەر سىستېمىلىق ئىگىلەپ، يۇرت ئىچىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغان. توپا خەلپىتىم ئۆز دەۋرىدە مەھەللىۋى مەكتەپ ئاچقان بولۇپ، كۆپلىگەن ياشلارغا مەرىپەت نۇرۇغىنى چاچقان. سەييىدىن ئەزىزىمۇ كىچىكىدە توپا خەلپىتىمدىن تەلىم ئالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» نىڭ 1-كىتابىدا: «توپا خەلپىتىم — بەستلىك، كېلىشكەن، سېرىق ساقال ئادەم ئىدى. ئۇ يازلىقى شاپاق دوپپا، قىشلىقى سەرپۈچ تۇماق كىيەتتى. دوپپا ۋە

تۇماق ئۈستىدىن چاققانىغىنە سەللە ئورايتتى» دەپ تەسۋىرلىگەن. تۇپا خەلپىتىم ئازادلىقتىن كېيىن بىر مەزگىل ئاتۇش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان.

ئۈچىنچى ئەۋلاد مۇقامچى خەلپەت ھاجى 1921-يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ھازىر 72 ياش. ئۇ ئەجدادىغا ۋارىسلىق قىلىپ تا بۈگۈنگىچە راۋاب چېلىپ، مۇقام ئېيتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. خەلپەت ھاجى مۇقام ۋە مۇقام مەشرەپلىرىنى مۇكەممەل بىلىشتىن باشقا، ئاتۇش خەلق كلاسسىك ناخشىلىرىنىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بىلەن ئېيتىپ داڭ چىقارغان.

خەلپەت ھاجىنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ ئالتە يېشىدىلا چۇمۇچكە تېرە تارتىپ راۋاب ياساپ ئوينىغان. بۇنى كۆرگەن دادىسى ئۇنىڭغا بىر دانە كىچىك راۋاب ئېلىپ بەرگەن. خەلپەت ھاجى بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا دادىسى بىلەن بىللە راۋابنى ئېلىپ توي-تۆكۈن ۋە مەشرەپ پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان. 15 — 16 ياشقا كىرگەن مەزگىللىرىدە ئۈچ-تۆت مۇقامنى سىستېمىلىق ئېيتالايدىغان بولغان. ھازىر ئۇنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل ئېسىدە قالغانلىرى ناۋا، چەببىيات، ئۆزھال مۇقاملىرىنىڭ مۇقەددىمىلىرى بىلەن چوڭ نەغمە ۋە مەشرەپلىرىدىن ئىبارەت.

تۆتىنچى ئەۋلاد — ئابىدىن 80-يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ دادىسىدىن مۇقام نەغمىلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئۇ مەھەللىسىدىكى مۇقامغا قىزىقىدىغان بىر قانچە ياش دوستلىرىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە مۇقام ۋە ئاتۇش يەرلىك ناخشىلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىگەن. ھازىر بۇ ياش مۇقامچىلار يۇرت ئىچىدىكى مەشرەپ سورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق نەغمىچىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى تۆت ئەۋلاد مۇقامچىلار مۇقام ئېيتىشتا ئاساسەن راۋاب، داپ، ساپايە، تاش، دۇتار قاتارلىق يەرلىك سازلارنى ئىشلىتىپ كەلگەن.

(زەتلىگۈچى: ئابلەق ئاۋامۇسلىم)

# دادا غوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

(1852 — 1937)

ئاتۇش ئازاق يېزا تېتىر كەنتىدە ئالدىنقى ئەسىردىن باشلاپ ھازىرغىچە تۆت ئەۋلاد مۇقامچىلار ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭ بوۋىسى دادا غوجا (تەخمىنەن 1852 — 1937-يىللىرى) دېگەن كىشى بولۇپ، دۇتار بىلەن مۇقام ئېيتىشتا داڭ چىقارغان مۇقامچى ئىدى.

دادا غوجا بىر ئۆمۈر مۇقام ئېيتىپ ئۆتكەندىن باشقا، ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرىنى ۋە يۇرتىدىكى مۇقامغا قىزىقىدىغان باشقا ياشلارنىمۇ تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۇرتى بىر مەزگىل مۇقام ئوچاقلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. دادا غوجىنىڭ تۆت ئەۋلادى مۇقام ئېيتىش كۆللېكتىپى بولۇپ شەكىللىنىپ، بۇ ئەنئەنىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

دادا غوجىنىڭ ئوغلى موللا ئېزىز يېگىتبېشى (تەخمىنەن 1870 — 1940-يىللىرى) دادىسىنىڭ تەلىمى ۋە كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىشى بىلەن دادىسىنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇقامچى بولۇپ يېتىشكەن. موللا ئېزىز يەنە ئاتۇش بويىچە قەرەللىك ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ مەشرەپلەرنىڭ يېگىتبېشى بولۇپ، بۇنداق مەشرەپلەردە ئون ئىككى مۇقامدىن نەغمە قىلىپ ئەل ئىچىدە نام-شەرەپ قازانغان. ئۇ ھەر يىلى قەشقەر ئەتراپىدا بولىدىغان «ھەزرەت سەيلىسى»، «ئوردام سەيلىسى»، «بۇغرام سەيلىسى» قاتارلىق ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە ئۆزىنىڭ مۇقام ئەترىتىنى بىللە ئېلىپ بېرىپ مۇقام، نەغمە سورۇنلىرىنى تۈزۈپ،

مۇقام ساداسىنى ياڭرىتىپ، ھەر قايسى يۇرتلاردىن كەلگەن ئۇن مىڭلىغان سەيلىچىلەرنى ھەيران قالدۇرغان.

موللا ئېزىز يىگىتبېشىنىڭ دادىسىدىن ۋە باشقىلاردىن ئۆگەنگەن مۇقاملىرى راك، چەببىيات، چارىگاھ، مۇشاۋىرەك، پەنجىگاھ، ئۆزھال، ناۋا، ئۇششاق مۇقاملىرى بولۇپ، ئۇ بۇ مۇقاملارنىڭ چوڭ نەغمە قىسمى، داستان ۋە مەشرەپ قىسىملىرىنى تولۇق بىلەتتى.

موللا ئېزىز يىگىتبېشىنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، ئۇلارمۇ دادىسى ۋە بوۋىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ مۇقامچى بولۇپ يېتىشكەن. بۇ تۆت ئوغۇل ئىچىدە، بولۇپمۇ ھامۇت يىگىتبېشى (تەخمىنەن 1890 — 1945 - يىللىرى) ئالاھىدە يېتىشكەن مۇقامچى بولۇپ، ئۇ دادىسىنىڭ ئورنىغا يىگىتبېشى بولغان.

دادا غوجىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن ئابدۇلھەپىز ھامۇت قاتارلىقلار 4 - ئەۋلاد مۇقامچىلار ھېسابلىنىدۇ. دادا غوجىنىڭ مۇشۇ تۆت ئەۋلادى ئېتىر كەنتى ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۆتكەن ئەسىردىن باشلاپ مۇقام ئەترىتى تەشكىل قىلىپ، مۇقام ئېيتىشنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. دادا غوجا باشلىغان بۇ تۆت ئەۋلاد مۇقامچىلارنىڭ چالىدىغان مۇزىكىلىرى ئاساسەن دۇتار، راۋاب، داپ، ساپايىدىن ئىبارەت. ئۇلار مۇقامنى جېنىدىن ئارتۇق بىلگەن. ھەر قانداق ئېغىرچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن ۋاقىتلاردىمۇ مۇقام ئېيتىشنى تاشلىمىغان. ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئېتىر كەنتىدىكى كىشىلەردە مۇقامنى سۆيۈش، مۇقامنى قەدىرلەش ۋە مۇقامچىلارنى ھۆرمەتلەشتەك ئەنئەنە شەكىللەنگەن.

دادا غوجىنىڭ 4 - ئەۋلادى ھازىر ھايات بولۇپ، چەۋرىسى ئابدۇلھەپىز ھامۇت باشچىلىقىدىكى بۇ ئەۋلاد ئۆزلىرىنىڭ مۇقامنى ئاساس قىلغان سەنئەت ھاياتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

(رەتلىگۈچى: ئابلەق ئاۋامۇسلىم)

# مۇللا ئابدۇللا (ئابلا دۇمباق)

(1850-1930)

مۇللا ئابدۇللا تەخمىنەن 1850-يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەرنىڭ سەمەن دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. كېيىن ئاتۇشتىكى تېتىر دېگەن يۇرتتا ياشىغان. 1884-يىللىرى ئەتراپىدا ئىلىغا چىقىپ، سۈيدۈڭدە ئەلنەغمىچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. مۇللا ئابدۇللا يەتتە ئەۋلادتىن بېرى نەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان.

سۈيدۈڭ ئەينى يىللاردا شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان «ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى» ئورۇنلاشقان كورەنىڭ يېنىغا جايلاشقانلىقى ۋە روسىيىگە، ئۈرۈمچىگە بارىدىغان چوڭ يول ئۈستىدىكى ناھىيە بازىرى بولغانلىقتىن، ناھايىتىمۇ ئاۋات ئىدى. جۈملىدىن بۇ يەرگە ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن نۇرغۇن سازەندىلەرمۇ يىغىلغان ئىدى. مۇللا ئابدۇللا سۈيدۈڭدە مۇقام ئاھاڭلىرىنى تولىمۇ چىرايلىق ئېيتىدىغان ئارتۇقچىلىقى، ساتار، دۇتار قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چېلىشتىكى ماھارىتى بىلەن داڭ چىقارغان.

مۇللا ئابدۇللانىڭ كۈيئوغلى باۋۇدۇن خوجايۇپ① نىڭ ئەسلىشىچە:

① باۋۇدۇن خوجايۇپ سۈيدۈڭدە، ھازىر ھايات، 90 ياش. بۇ كىشى ئۆمرىنى نەغمىچىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكۈزگەن. سۈيدۈڭدە سەنائىي نەفىسە قۇرۇلغاندا، «كەمبەغەللەر زارى»، «ئۆگەي ئانا»، «ئىچكۇلۇك نەتىجىسى»، «زالىم دوتەي» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان. 38-يىللىرى خىلىل ساتتارى، مەرۇپ سەئىدىن، ئايۇپ مەنسۇرى قاتارلىق ئىلغار زىيالىلار بىلەن بىللە قولغا ئېلىنغان. 57-يىلى ئۇ مەرھۇم ئابدۇللا دومباقنىڭ تۇل ئولتۇرغان قىزى تۇخانىغا ئۆيلەنگەن.

موللا ئابدۇللا كۆپرەك نادىر غجەك، ئىمىن تورغاي، ئابلا چۇجە، يۈسۈپئاخۇن دۇتارچى قاتارلىق كىشلەر بىللەن بىللە ساز چالاتتىكەن. «موللا ئابدۇللا ئاكا خەلق داستانلىرىنى ھېكايە قىلىپ تۇرۇپ سىلىز چالاتتى، — دەپ ئەسلەيدۇ باۋۇدۇن ئاكا، — ئۇ چاغلاردا بىز ئىلىدىكى ئەڭ چوڭ مۇقامچى ئابلا دۇمباق، دەپ بىلەتتۇق...»

داڭلىق مۇزىكانت روزى تەمبۇرمۇ موللا ئابدۇللادىن ساز ئۆگەنگەن. ئەينى يىللاردا سۇيدۇڭدە «بالا سازەندە» دەپ نام ئالغان روزى تەمبۇردە مۇقامچىلىققا بولغان دەسلەپكى چۈشەنچە، دەسلەپكى تونۇشنى بىرىنچى بولۇپ موللا ئابدۇللا ئويغاتقان. شۇڭا كېيىنكى ۋاقىتتا ئىلى خەلقى ئارىسىدا: «كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ شاگىرتى ھاسان تەمبۇر، ئابدۇللا دۇمباقنىڭ شاگىرتى روزى تەمبۇر» دەيدىغان گەپ تارقالغان.

موللا ئابدۇللا سۇيدۇڭدە سۇلايمان چاڭچى، ئابدۇراخمان دۇتار قاتارلىق شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. ئۇلاردىن ساۋۇت ساتىراش، توختى چوقبار قاتارلىق شاگىرتلار يېتىشىپ چىققان. بۇ كىشلەر ئازادلىقنىڭ ئالدى-كەينىدە سۇيدۇڭنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان.

موللا ئابدۇللا 1930-يىللىرى ئەتراپىدا سۇيدۇڭدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

(رەتلىگۈچى: مەمتىمىن ھوشۇر)

# مۆجىزى

موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا (مۆجىزى) 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇر ئەدەبىي، مۇزىكشۇناسى ۋە تارىخچىسى.

مۆجىزى خوتەن شەھىرىدىن بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە ئەدەبىيات، تارىخ ھەم مۇزىكا ئىلمىدە يۇقىرى ئىختىساسقا ئېرىشكەن ئالىملاردىن بىرى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا «تەۋارىخي مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىنىڭ بېشىدا بەزى مەلۇماتلارنى بەرگەن بولۇپ، بۇ ماتېرىياللار بىزنىڭ مۆجىزى ئوبرازىنى خېلى روشەن ھالدا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىزگە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

مۆجىزى «تەۋارىخي مۇسىقىيۇن» («مۇزىكانتلار تارىخى») ناملىق بۇ ئەسىرىنى 1870-يىللىرى شۇ ۋاقىتتىكى خوتەن ھاكىمى ئېلىشىر ھېكىمبەگنىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى نوپۇزلۇق تارىخي مەنبەلىرىدىن ئىشەنچلىك دەلىل-پاكىتلارنى توپلاپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ يېزىپ چىققان ۋە بۇ ئەسەرنى ئېلىشىر ھېكىمبەگكە ① تەقدىم قىلغان.

بۇ ئەسەرنىڭ قانداق شارائىتتا ۋە نېمە مەقسەت بىلەن

---

① ئېلىشىر ھېكىمبەگ — ھېكىمبەگ دادىسى ئابدۇمۆمىنبەگنىڭ ئورنىغا چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن خوتەننىڭ ھېكىمبېگى قىلىپ تەيىنلەنگەن. 1864-يىلى خوتەندە موفتى ھەبىبۇللاخان ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھېكىمبەگلىك مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغان. 1865-يىلى ياقۇپبەگ ھەبىبۇللاخاننى ئۆلتۈرۈپ خوتەننى بېسىۋالغان. ياقۇپبەگ ھۆكۈمىتى يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئەلىشىر ھېكىمبەگ يەنە بەگلىك مەنسىپىگە تەيىنلىنىپ، 1882-يىلى ۋاپات بولغان.

يېزىلغانلىقى ھەققىدە مۆجىزى ئەسەرنىڭ بېشىدا ئېلىشىر ھېكمىبەگنىڭ يارلىقى سۆيىتىدە مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «مۇزىكا-كۈي خۇشاللىق ۋە تۇرمۇش ھۇزۇرىنىڭ سەۋەبچىسىدۇر. شۇڭا پادىشاھدىن گادايغىچە، ئەۋلىيادىن خىرىستىيانغىچە ھەممە ئىنسان بۇ پەندىن شادلىنىدۇ. ئەمما بۇ پەننى ئالىملىرى ۋە كەشپىياتچىلىرى كىملەر، ئىخلاسمەن يېتەكچىلىرى كىملەر، ئۇستىلىرى كىملەر؟ بۇنى كۆپ سازەندىلەر تا ھازىرغىچە بىلمەيدۇ. سەن بولساڭ مۇزىكىنى كەشىپ قىلغانسەن ھەم بېيىت مەملىكىتىنىڭ بۇلبۇلدەك سۇلتانى، ئەدەبىيات دۆلىتىنىڭ شىرىن سۆزلۈك تۇتىسىدۇرسەن، شۇنىڭدەك خۇش پۈتكۈچى ۋە دىلكەش ئېيتقۇچىدۇرسەن. مۇشۇ غېرىب پەننىڭ كەشپىياتچىلىرى تارىخىدىن بىر رىسالە پۈتۈپ، باشقا سازەندىلەرگە يادىكار قىلساڭ قانداق؟» ①

مەزكۇر كىتابنى يېزىشقا تەۋسىيە قىلغۇچىنىڭ تىلى ئارقىلىق بېرىلگەن مۆجىزىنىڭ يۇقىرىقى سۆيەتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەققەتەن ھەم مۇزىكشۇناس، ھەم ئەدىب، ھەم مۇقامچى (ناخشىچى)، ھەم خەتتات ئىكەنلىكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ. بۇ خىسلەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بۇ كەمتەر ئەدىب ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلغان ۋە تەستىقلىغان.

دەرۋەقە، مۇزىكا ۋە مۇقام تارىخىدىن خەۋەرسىز كىشىنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دەك بۇنداق قىممەتلىك ئەسەرنى يېزىپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئاساسى بولغان مۇقاملارنىڭ ۋە ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ھەققىدىكى بۇ تارىخىي ئەسەردە فارابى، لۇتفى، نەۋائى، مەلىكە ئامانىسا، قىدىرخان قاتارلىق مەشھۇر ئون يەتتە نەپەر مۇزىكا ئۇستازى ۋە ئۇلارنىڭ مۇقام تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىلىرى توغرىسىدا

---

① مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن». مىللەتلەر نەشرىياتى. 1982-يىل. 49-بەت.

قسقىچە مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئون تۆت نەپىرىنى 15 ، 16 - ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىرلار تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان ئون ئالتە مۇقامدىن ئون ئۈچى مۇشۇ شائىرلارنىڭ نامى بىلەن باغلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەلىكە ئامانىسا بىلەن قىدىرخان توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان تۇنجى يازما مەلۇمات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۆجىزىنىڭ بۇ يېڭى مەلۇماتى ئارقىلىق 16 - ئەسىرلەردە يەركەن خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان يەكەن شەھىرى پۈتۈن شەرق ئەللىرىنىڭ بىر مۇزىكا ئۆگىنىش يۇرتى بولغانلىقىدىن خەۋەردار بولىمىز.

بۇ ئەسەردىكى مول ماتېرىياللار ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز ئۈچۈن بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. مۆجىزى ئۆز ئەسىرىدە مۇناسىۋەتلىك مۇقام ئۇستازلىرىغا باغلاپ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، « راك » ، « ئۇششاق » ، « ئۆز ھال » ، « چۆل ئىراق » ، « ئەجەم » ، « ناۋا » ، « ۋىسال » ، « چاھارزەرب » ، « چارىگاھ » ، « دوگاھ » ، « پەنجگاھ » ، « مۇشاۋىرەك » ، « بەيادەك » ، « سىگاھ » ، « بايات » ، « ئىشرەت ئەنگىز » دىن ئىبارەت ئون ئالتە مۇقامنىڭ نامىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇلار ھازىرقى يۈرۈشلەشكەن ۋە سىستېملاشقان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ ناملىرىنى ئاساسەن ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەمما بۇ مۇقاملارنى تونۇشتۇرغاندا، ھازىرقىدەك چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ قىسمغا بۆلۈنگەن، ھەر قىسمى بىر قانچىلىغان نەغمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ تىپتىكى مۇزىكا مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى ئېشىپ كەتسە بىر نەچچە مەرغۇلى بولغان بىر يەككە نەغمە مەنىسىدە تىلغا ئالىدۇ. بۇنداق ئەھۋال فارابى باشلىغان ۋە ئۇنىڭ راۋاجى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن

ناۋائى دەۋرىدىكى مۇقامچىلىقتا ۋەكىللىك قىلىدىغان تىپىك كۆرۈنۈش بولۇپ، مۇقام تەرەققىياتىنىڭ مەلىكە ئامانىسا ۋە قىدىرخان دەۋرىدىن بۇرۇنقى ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى تارىخىي چەكلىمە تۈپەيلىدىن، بۇ ئەسەر بەزى نۇقسانلاردىن (بەزى ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى تارىخىي پاكىت ئورنىغا دەستىش، ئۇن ئىككى مۇقامنىڭ ئاساسىي ياراتقۇچىسى بولغان خەلق ئاممىسىنى نەزەرگە ئالماسلىق قاتارلىق) خالىي بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەر ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى، جۈملىدىن ئۇن ئىككى مۇقام تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىردىنبىر قىممەتلىك مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



# تاش ئاخۇن (تاشۋاي)

(1851 — 1937)

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر شەھىرىدە ئاتاقلىق ئاتا مىراس تۆت باي ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى باقى ئاخۇن (تورغاي). ئۇ قانچە پۇلدار بولسىمۇ، لېكىن ئاددىي-ساددا يۈرىيدىغان، چوڭ سورۇنلاردا ئۆزىنى كۆرسىتىشنى خالىمايدىغان پەزىلەتلىك كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ تاش ئاخۇن ئىسىملىك بىرلا بالىسى بار ئىدى.

تاش ئاخۇن ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن قەشقەردىكى ساقىيە مەدرىسىدە دىنىي بىلىم ئالدۇ ۋە ساۋاقداشلار ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلىم ئىگىسى بولۇپ يېتىلدۇ.

تاش ئاخۇن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىلا شوخ ۋە ئەركە ئۆسكەن بالا بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپ مەرد ۋە پالۋان (نوچى) بولۇپ يېتىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇ كەملەردە مەردلىك-نوچىلىقنىڭ بىر شەرتى راۋاب چېلىپ ناخشا ئوقۇشنى بىلىش بولغاچقا، ئۇ بۇ شەرتنى ئورۇنلاش ئۈچۈن قەشقەر قارقۇ (قارقى) دەرۋازىسىدا ناۋايلىق قىلىدىغان تاھىر ئۇستامغا ھەق تۆلەپ، راۋابچىلىق ۋە ناۋايلىقنى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ مەخسۇمچە بايۋەچچىلىك ھايات يولىنى ئۆزگەرتىپ، راۋابنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىدۇ. مەدرىسلەرگىمۇ راۋابنى كۆتۈرۈپ بارىدۇ. بۇنداق ھالەتنى ياقتۇرمىغان مەدرىس موللىسى تاشۋاينى مەسخىرە قىلىپ:

ئىلمى تالىپ بولساڭچۇ ئابدال راۋابچى بولغىچە،

نان سېتىپ تەۋەككۇلدە، بازاردا ۋەيران بولغۇچە.

دەيدۇ.

تاش ئاخۇن ھېچقانداق ئىككىلەنمەي بۇنداق جاۋاب قايتۇرىدۇ:

ئىشلەپ يېمەي ئەلدىن كۈتۈش كوللوم ھارام،
قوي دۇئانى، ئىشلە سەنمۇ، ماڭا ۋەزدان بولغۇچە.

شۇنىڭدىن كېيىن، خەلپەت ۋە مۇدەررىسلەر تاش ئاخۇنغا باشقىچە قارايدۇ. تاش ئاخۇننىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى ياقتۇرمايدۇ. لېكىن نائىلاجلىقتىن بۇ يالغۇز ئوغۇلنىڭ رايىغا باقىدۇ.

مەدرىستىن قالغان تاش ئاخۇن قەشقەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىدا تۆت ناۋايخانا ۋە پاناھسىزلارغا بىر ساماۋەرخانا ئېچىپ قويۇپ، ئۆزى ھەر قايسى چوڭ سورۇنلارغا بېرىپ راۋاب ئاڭلاپ، قىزىقىپ ئۆگىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەي راۋاب،چېلىشتا داڭ چىقىرىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە ئەزاندىن ئىلگىرى راۋاب چېلىپ شەھەر كوچىسىنى ئايلىنىپ داۋاملىق مەشق قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مۇزىكا ئىجاد قىلىشقا كىرىشىدۇ.

تاش ئاخۇن كامالەتكە يېتىپ، قەشقەر شەھىرىدىكى راۋابچىلاردىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. كېيىن ئۇ ئەنجاندا مەتەك ئاقساقال دېگەن قەشقەر ئاۋاتلىق داڭلىق راۋابچىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئەنجانغا چىقىپ بەسلىشىپ شۆھرەت قازىنىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا بولغان چاغلىرىدا ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، چىڭ خاندانلىقى ھاكىمىيىتى تىكلىنىدۇ. زوزۇڭتاڭ ئۆز ۋەكىلى سۇپىتىدە قەشقەرگە ھەربىي-مەمۇرىي باشلىق قىلىپ ئەۋەتكەن لى جويا قەشقەردە بىر مەزگىل بۇلاڭ-تالاڭچىلىق ۋە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدۇ. شۇ قىيىنلىق تۇتقۇندا باشقىلار قاتارىدا تاش ئاخۇننىڭ دادىسىمۇ قاماققا ئېلىنىدۇ.

تاش ئاخۇن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر

مەزگىل ناۋايلىق قىلىش بىلەن دادىسىنى باقىدۇ. ئۇ چاغلاردا گۇناھكارلارنى ھەر جۈمە كۈنى يامۇل ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ مەجبۇرىي تىلەمچىلىك قىلغۇزىدىغان ئادەت بار ئىدى. تاش ئاخۇن گۇندىپايلارنىڭ قەبىھلىكى، گۇناھكارلارنىڭ نالە-زارىغا قاراپ، «گۇندىپاي»، «نالەش»، «پىغان»، «ئاق قۇشقاچمۇ دان دەيدۇ» قاتارلىق خەلق ۋە مەھبۇسلارنىڭ ئاھۇ-زارى بايان قىلىنغان پەدە (مۇزىكا)لارنى ئىجاد قىلىدۇ. كېيىن تۈرمىگە ئوت كېتىپ كۆپلىگەن كىشىلەر قاتارىدا تاش ئاخۇننىڭ دادىسىمۇ كۆيۈپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا تاش ئاخۇن تۆت ئۆزگىرىشلىك «ئاتەش» (ئوت) دېگەن مۇزىكا (پەدە) ئىجاد قىلىدۇ. بۇ مۇزىكىدىن تەسىرلەنگەن كىشىلەر، مۇزىكىشۇناسلار قايىل بولغان ھالدا: بۇ ھەقىقەتەن «ھال» پەدە ئىكەن، (مۇڭلۇق-دېمەكچى) «تاش ئاخۇننىڭ ئىلمىگە بەرمىگەن دىلىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىشقىۋاز قولىنى ئېلىپ قالسا بولىدىكەن» دېيىشكەنىدى.

تاش ئاخۇن ھاياتىدا ئالتە شەھەر (جەنۇبىي شىنجاڭ) ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا داڭلىق مۇقامچى بولغانىدىن تاشقىرى، «گۇندىپاي»، «نالەش»، «پىغان» (نالەش-پىغان 40-يىللارغىچە سەھنىدىمۇ ئوقۇلاتتى)، «ئاق قۇشقاچمۇ دان دەيدۇ»، «ئاتەش»، «توي»، «ھازا»، «تورغاي»، «تومۇچۇق»، «قارلىغاچ» قاتارلىق جانىۋارلار سايرىشىنى تەقلىد قىلىدىغان مۇزىكىلارنى، «ئوردام»، «سۇلتان»، «ئىشانمۇ سىز، موللامۇ يا؟» قاتارلىق ساتىرىك ناخشىلارنى ھەمدە زامانىمىزغىچە شۆھرەت قازانغان «تاشۋاي» قاتارلىق ئاجايىپ جۇشقۇن ۋە مۇڭلۇق مۇزىكىلارنى، يەنە كۆپلىگەن خەلق ناخشىلىرىنى كۆپ خىل ئۆزگىرىشلىك قىلىپ، رەتلەپ قېلىپلاشتۇرغان.

تاش ئاخۇن راۋاب بىلەن ھەرقانداق پەدىنى ئورۇنداشتىن بۇرۇن، ئۇنى مۇقامنىڭ چوڭ نەغمىسى بىلەن باشلاپ، مۇقام روھىنى ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىجادىغا تەدبىقلاش جەھەتتە ئۈلگىلىك

روول ئوينىغان.

ئۇنىڭ يەنە بەزى جەڭگىۋار تېكىستلارنىمۇ ئىجاد قىلغانلىقى مەلۇم. تاش ئاخۇننىڭ بايلىقنى تەرك ئېتىپ، شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ راۋاب چېلىپ يۈرۈشى شۇ زاماننىڭ بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ قازى-كالانلىرى ۋە بايلىرىنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغاچقا، ئۇنى مەسخىرە قىلىشقان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردىن دىلى رەنجىگەن تاش ئاخۇن مەككە-مەدىنىنى تاۋاب قىلىش قارارىغا كەلگەن. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئۇنىڭ دوست-بۇرادەرلىرى، راۋاب ئاشىقلىرى جەم بولۇشۇپ، ئۇنى قەشقەر شەھىرىدىن يېڭىسارغىچە ئۇزىتىپ بارغان.

تاش ئاخۇن قەشقەردىن ئايرىلىش ۋاقتىدا، «كېلەرمەنمۇ»، «ئەلۋىدا»، «توققۇز بۇلاق» مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداپ ئەل بىلەن خوشلاشقان. كەلگ خەلق تاش ئاخۇننىڭ نامىنى ھەمىشە ياد ئېتىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ «توققۇز بۇلاق» مۇزىكىسىنى «تاشۋاي» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

تاش ئاخۇن ھەج قىلغاندىن كېيىن، شۇ يەرە قېلىپ ھەرەمدە ناۋايلىق قىلغان تۇنجى ئۇيغۇرلادىن بولۇپ قالدۇ.

1937-يىلى قەشقەرلىك ئۆمەر باي ھەرەمدىن قايتىپ كەلگەندە، تاش ئاخۇننىڭ يۇرتداشلارغا بولغان سېغىنىشى ۋە خەيرىخاھلىقىنى سۆزلەش بىلەن، ئۇنىڭ 86 يېشىدا ھەرەمدە ۋاپات بولغانلىقىنى قەشقەر خەلقىگە يەتكۈزىدۇ. مۇشۇ مەلۇمات بويىچە ھېسابلىغاندا، تاشۋاي تەخمىنەن 1851-يىللىرى تۇغۇلغان.

شۇنداق قىلىپ، تاشۋاي پۈتۈن ھاياتىنى راۋاب چېلىش، مۇقام ئوقۇش ۋە مۇزىكا ئىجاد قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، خەلقنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)

# ئېلى ئاخۇن ساتار

(1850 — 1945)

ئېلى ئاخۇن خوتەننىڭ پايناپ يېزىسىدىن بولۇپ، مىلادى 1850-يىلى تۇغۇلغان. ئۇ ئەلنەغمە، مۇقامچىلىقتىكى ماھارىتى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ داڭقى خوتەننىڭ ھەر قايسى يېزا-كەنتلىرىگە كەڭ تارقالغان ۋە كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان.

ئېلى ئاخۇن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىلا توي-تۆكۈن، سەيلە-مەشرەپ قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا مۇقامچىلاردىن تەسىرلىنىپ، مۇقام-ئەلنەغمىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ساتار، تەمبۇر، داپ، دۇتار، قالۇن، غىجەك، بالمان، ناغرا-سۇناي قاتارلىق چالغۇ-سازلارنى چېلىشنى پۇختا ئىگىلىگەن ھەمدە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تولۇق ئۆگىنىپ، يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنلاپ، ئاتاقلىق مۇقامچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

خوتەن لايقا يېزىسىدىكى ئاتاقلىق ئەلنەغمىچى روزى نىياز ساتارچى (توپاق) ۋە باغچى يېزا چالۋاس كەنتىدىكى 92 ياشلىق مۇھەممەت ھوشۇر ھاجى ھەمدە ئەللاھ، بوزاق، شولاق، ئاقتاش قاتارلىق يېزا-كەنتلەردىكى بەزى پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە: ئېلى ئاخۇن ئاكا ئەينى چاغلاردا ئاكىسى قۇربان ئاكا بىلەن بىللە، قەشقەر، يەكەندە مۇقامچىلاردىن بىر يۈرۈش كلاسسىك مۇقاملارنى ئۆگىنىپ، قەشقەر مۇقاملىرى ئاساسىدا خوتەن مۇقاملىرىنى توپلاپ، رەتلەپ سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا ئۇنى

جانلىق ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ، يۇرت-جامائەتچىلىكنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

ئېلى ئاخۇن ساتارچى ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى قۇربان ئاخۇن قالۇن باشچىلىقىدىكى مۇقام سايىت كوللېكتىپ، يەنى سۇنايچى، ئىمىن داپچى (ئېلى ئاخۇننىڭ ئوغلى)، تۇمۇر نىياز، ساۋۇت داپچى...لاردىن ئىبارەت ئەلنەغمىچىلەر گورۇپپىسى مۇقام كۈيلىرىنى ياڭرىتىش بىلەن ئەل-جامائەت ئوتتۇرىسىدا داڭ چىقارغان.

ئېلى ئاخۇن ساتارچى ئۆز دەۋرىدە بىرمۇنچە شاگىرت تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. بۇلاردىن سايىت سۇنايچى، ئەسمەتۇللا قالۇنچى (1953-1873)، مۇھەممەت داپچى (1960-1895)، نىياز دۇتارچى (1953-1903)، ساۋۇت داپچى، تۇمۇر نىياز ساتارچى قاتارلىق شاگىرتلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، بىر قىسمى ھازىرمۇ ھايات.

ئېلى ئاخۇن ساتارچى ئۆزىنىڭ 80 نەچچە يىللىق ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇقامغا بېغىشلاپ، ئۇيغۇر سەنئىتى، ئەلنەغمىچىلىكى ۋە مۇقامچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشۇپ 1983-يىلى ۋاپات بولغان.

(رەتلىگۈچى: ئىبراھىمجان ئىمىن)



# قۇربان كەكلىك ۋە ھەسەن كەكلىك

قۇربان كەكلىك ۋە ھەسەن كەكلىك تەخمىنەن 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر ئاكا-ئۇكا سازەندە ھەم مۇقامشۇناسلار بولۇپ، قۇمۇلنىڭ 8-ئەۋلاد ۋاڭى مۇھەممەت بېشىر ھەم 9-ئەۋلاد ۋاڭى شاھ مەخسۇت زامانىسىدا ئوردا ئەلنەغمىچىسى بولغان.

قۇمۇلدىكى بىر قىسىم پېشقەدەملەر ۋە ئەلنەغمىچىلەرنىڭ دەلىللىشىچە: قۇربان كەكلىك ۋە ھەسەن كەكلىك تەخمىنەن 19-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرى ئارىلىقىدا قۇمۇل شەھەر ئىچى يېڭى ئازنا بازار مەھەللىسىدە ئۇستا تۆمۈرچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئاكا-ئۇكا تەخمىنەن ئۈچ ياش پەرق قىلىدۇ. «كەكلىك» ئۇلارنىڭ ئورتاق لەقىمى.

قۇربان كەكلىك ۋە ھەسەن كەكلىك ياشلىق قىرانىغا يەتكەن مەزگىللىرىدە ئۇيغۇر چالغۇلىرىدىن غېجەك، بەرباب، قۇمۇل راۋابى، دۇتار، تەمبۇر، داپ، ناغرا، سۇناي قاتارلىقلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىش، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى پۈتۈن يۈرۈشلىرى بىلەن ئېيتىش جەھەتتە ئۆزگىچە ئۇسلۇب ياراتقان. بولۇپمۇ ئۇلار بەرباب، راۋاب چېلىش ۋە بەربابنى قۇمۇل ئون ئىككى مۇقام ناخشا چۈشۈرگىلىرىگە تەڭكەش قىلىپ ئورۇنلاشتا يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولغاچقا، خەلق ئىچىدە «بەربابچى قۇربان كەكلىك ۋە بەربابچى ھەسەن كەكلىك» دېگەن شۆھرەتكە ئېرىشكەن ھەمدە قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئوردا ئەلنەغمىچىلىكىگە تاللانغان.

قۇربان كەكلىك ئۇردا ئەلنەغمىچىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتىدىكى ئىقتىدارى ۋە بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ھەر قايسى ئەلنەغمىچىلەرنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتىكى ئوردا ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ مۇزىكا ھەم مۇقام يېتەكچىسى بولۇپ، ئەلنەغمىچىلەرنى ئورۇنلاشتۇ- رۇش، يېڭى ئەلنەغمىچىلەرنى تاللاش، يېتەكلەش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا قىلىدىغان بولغان. بۇ جەرياندا ھەر قايسى ئورۇنلاردىن كەلگەن مۇقامچىلارنىڭ قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى ئۆز يېرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئوخشىمىغان تەرتىپلەردە ئورۇنلاشتەك ئەھۋاللارنى تۈزىتىپ، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تەرتىپ، چوڭشۇرگە ھەم تېكىستلىرىنىڭ مەلۇم ئاساستا بىردەكلىككە ۋە ئومۇملۇققا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلغان. بىراق ئۇ قۇمۇل مۇقاملىرىنى تازا كۈچ چىقىرىپ قېلىپلاشتۇرۇۋاتقان كۈنلەردە، شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئەرزىمەس بىر ئىش تۈپەيلىدىن ئۇنى نومغا پالىۋەتكەن.

ئۇ نومغا كەلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئاتا- بوۋىلىرىدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان ھۈنىرىنى قولىغا ئېلىپ يېڭى يۇرتداشلىرىنىڭ ياردىمىدە تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئېچىپ، كۈندۈزلىرى ھەرخىل تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، قورال- جابدۇق ياساپ خەلقنىڭ ھاجەت- ئېھتىياجلىرىدىن چىقسا، كېچىلىرى يۇرت ئىچىدە ئۆيۈشتۇرۇلغان ھەرخىل جامائەت سورۇنلىرىدا ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلىپ ساز چالدۇ، مۇقام ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نومنى مەركەز قىلغان ھالدا ئەتراپتىكى يېزا- قىشلاقلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە، بولۇپمۇ ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتىدە يېڭى بۇرۇلۇش ياسىلىدۇ. زور بىر تۈركۈم ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق، ھەتتا پېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ. ئەينى ۋاقىتلاردا نوم، ئاداق، باي، ئارا تۈرۈك، تۇركۆل، دازىگۇ قاتارلىق بىر- بىرىگە قوشنا يۇرت- مەھەللىلەردە كىشىلەر قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى ھەركىم ئۆزى بىلگىنى، ئاڭلاپ

ئۆگەنگىنى ياكى مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكى بويىچە ئېيتىشاتتى. قۇربان كەكلىك نومغا كەلگەندىن كېيىنكى بەش-ئون يىل ئىچىدە بۇ خىل ئەھۋال ئاساسىي جەھەتتىن تۈزىتىلىپ، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى مۇكەممەل بىلىدىغان بىر تۈركۈم مۇقامچىلار ۋە ھەرخىل چالغۇلارنى چېلىش ماھارىتىنى ئىگىلىگەن ماھىر سازەندىلەر قوشۇنى بارلىققا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە نوملۇق ھادى بوۋا (ئازادلىق ھارپىسىدا نومدا 80 نەچچە يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.)، ئۇنىڭدىن قالسا نوملۇق سالى دورغا (30-يىللاردىكى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ ئاكتىپ تەشكىلاتچىلىرىدىن بولۇپ، شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدىن تىرىك چىقىپ 1950-يىلى ئەتىياز نومدا 80 يېشىدا ۋاپات بولغان)لار ئەڭ مەشھۇرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

تەخمىنەن 1920-يىللاردا شاھ مەخسۇت 16-ئەسىردە ئۆتكەن، يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىدخانىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنى رەتكە سېلىپ خاتىرىگە ئالغانلىق ئىشىدىن ئىلھاملىنىپ، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىمۇ رەتكە سېلىش ۋە خاتىرىلەپ قالدۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ ۋە قۇمۇل بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغدىكى ئەڭ مەشھۇر ئەلنەغمىچى مۇقامچىلاردىن: نومدىن بەربابچى قۇربان كەكلىك، غىجەكچى ھادى بوۋا، ناخشىچى جاننارىخان، جانجانۇخان؛ قورايدىن ئايشىخان، خۇپتىيخان، يىتەرخان؛ قۇمۇل شەھەر ئىچىدىن غىجەكچى كۆسۈنىياز ئاخۇن، بەربابچى ھەسەن كەكلىك، ناخشىچى روزى قىز موما، خۇپتىيخان، مېھرىبانۇ ئاپئاق، مەڭلىك ئۇستا؛ پالۋانتۇر يېزىسىدىن تۇرسۇن دورغا، قارا دۆۋىدىن راۋابچى ماياق، ھاشىربەگ؛ تۆۋەنتۇردىن گوشۇڭ نۇرۋانۇخان، شەمشىخان قاتارلىقلارنى ئوردىغا ئەكەلگەن. مۇقام تېكىستلىرىنى خاتىرىگە ئېلىشقا ئوردا كاتىبلىرىدىن ئىبراھىم خەلپە، ياقۇپ خاتىپ قاتارلىق ئىككى كىشى بەلگىلەنگەن. بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە قۇربان كەكلىك ئەڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچى ھەم ماھىر تەشكىلاتچى سۈپىتىدە قاتنىشىپ، ئاكتىپ رول ئوينىغان. يېرىم

يىلدەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىدىن ئىبارەت بۇ بىباھا سەنئەت بايلىقى تارىختا تۇنجى قېتىم رەتكە تۇرغۇزۇلۇپ، رەسمىي ھەم تولۇق خاتىرىگە ئېلىنغان ھەمدە ئۇنىڭ قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ چۈشۈرگە، تەركىبلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىش، مۇقىملىشىش ۋە ساقلىنىپ قېلىشىدا ئىجابىي تەسىرى زور بولغان.

ئېچىنارلىقى شۇكى، مۇشۇنداق زور ئەھمىيەتلىك خىزمەتنىڭ شاھىدى بولغان ئىككى پارچە قول يازمىنىڭ بىرى 1932-يىلىدىكى دېھقانلار ئىنقىلابىنى قانلىق باستۇرغان جاللات شىڭ شىسەي قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرگەندە، ئوردا كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان باشقا 50 مىڭ پارچە كىتاب بىلەن بىللە كۆيۈپ كەتكەن. بۇ قول يازمىنىڭ ئىبراھىم خەلپە تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن يەنە بىر نۇسخىسى قۇمۇل شەھىرى يۇقىرى ئاقيەردە ئولتۇرۇشلۇق موللا نۇر دورغىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان. ئەپسۇسكى، ئۇمۇ بالايىئاپەتلىك مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا «كونا كىتابلار» قاتارىدا قوشۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

پۈتۈن ئۆمرىنى قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى ئۆگىنىش، تارقىتىش ۋە ئۇنى ساقلاشقا سەرپ ئەتكەن، ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىشلارنى قىلىپ خەلقنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىززىتىگە ئېرىشكەن داڭلىق مۇقامشۇناس ھەم سازەندە قۇربان كەكلىك ۋاڭ ئوردىسىدىكى قۇمۇل مۇقاملىرىنى رەتلەش خىزمىتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، يەنە نومغا قايتىپ بېرىپ، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

قۇربان كەكلىكنىڭ ئىنىسى ھەسەن كەكلىك بولسا ئاكىسى بىلەن بىللە ئوردا ئەلنەغمىچىلىككە تاللانغاندىن كېيىن، ئاكىسىدىن قېلىشمايدىغان روھ ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئەلنەغمىچىلىك، جۈملىدىن مۇقام سەنئىتىگە بېرىلىپ، ئوردا ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا زور شۆھرەتكە ئېرىشىدۇ. شۇنداقلا ئىقتىدار ۋە قابىلىيىتىنى قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تەرتىپ، چۈشۈرگە، تېكىستلىرىنى ئەسلى قىياپىتى بويىچە ساقلاش ۋە تەرتىپكە تۇرغۇزۇشقا ھەم يېڭى مۇقام ۋارىسلىرىنى

تەربىيلەشكە سەرپ قىلدۇ. ھەسەن كەكلىك ئەينى ۋاقىتتىكى مەشھۇر ئوردا ئەلنەغمىچىلىرىدىن كۆسۈنىياز ئاخۇن، يەھيا، تۇرسۇن دورغا، روزى قىزموما، قاسىم سوغۇق قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ھەرخىل چالغۇلارنى تەڭكەش قىلىپ، ئۆز ئالدىغا قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى رەت تەرتىپى بويىچە مەشق قىلىپ، رەتلەپ، ئۆز سىستېمىسى بويىچە تولۇقلىغان. بۇ ئىشقا ھەسەن كەكلىك رىياسەتچىلىك قىلغان بولۇپ، ناۋادا مۇقامچىلار ئورۇنلاش جەريانىدا مۇقامنىڭ بىرەر چۇشۇرگىسىنى ئالماشتۇرۇپ قويغان، خاتا ئېيتقان ئەھۋال بولسا، ئۇ ھەممەيلەننى دەرھال توختىتىپ باشتىن باشلاپ، تەلەپچانلىق بىلەن قايتىدىن ئېيتقۇزغان. بىراق ھەسەن كەكلىك يېشى 70 تىن ھالقىغان مەزگىلدە، ئوردىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق مۇقام بەزمىسىدە ۋاڭ خانىشلىرىنىڭ تۆھمىتىگە ئۇچراپ، دەررىگە بۇيرۇلغان. بۇ ئىش قاتتىق ھار كەلگەن ھەسەن كەكلىك شۇ كۈندىن باشلاپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ. بىراق ئاشۇنداق زۇلمەتلىك ئوردىدىمۇ ھەققانىيەتنى ياقلىغۇچى كىشىلەر تېپىلاتتى. ۋاڭنىڭ تەيجىسى يۈسۈپ تەيجى ئەنە شۇنداق خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان، ئەنە شۇنداق ھەققانىيەتچى كىشى ئىدى. ئۇ ھەسەن كەكلىكنىڭ ئازار يېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋاڭغا: «ۋاڭ غوجام، ھەسەن كەكلىك ناخشا ئېيتسا ئەزەلدىن قاش-كۆزى ئويناپ تۇرىدۇ. ئۇ قەستەنلىكتىن ئەمەس، ئۇقۇشماسلىقتىن بولغان ئىش، ئۇنىڭ گۇناھىدىن كەچسىلە» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. ۋاڭمۇ ئاخىرى ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ تەيجى ئىككى موبىسپىتنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ كىيىمنى يەڭگۈشلىتىدۇ ھەمدە ۋاڭ نامىدىن قارغۇمېرىق بويىدىكى ئوردىغا قاراشلىق يەردىن بەش كۇرلۇك يەر ئاجرىتىپ كۆڭۈل سورايدۇ. شۇ ئىش ئۆتۈپ تەخمىنەن ئۈچ-تۆت يىلدىن كېيىن، ئۇ قۇمۇل شەھەر ئىچىدىكى ئۆيىدە ۋاپات بولىدۇ.

(رەتلىگۈچى: ئېلى ئىسمايىل، مۇھەممەت ئېلى)

# سابىت ھاجىم

(1859 — 1934)

سابىت ھاجىم مىلادى 1859 - يىلى كۇچا ناھىيىسىدە مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. سابىت ھاجىم كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1868 - يىللىرىدىكى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ كۇچا خەلقىنى قانلىق باستۇرۇۋاتقان يېغىلىق مەزگىلىدە سابىت ھاجى ئاتا-ئانىسى بىلەن ئاقسۇ ئاۋات ناھىيە (ھازىرقى يېڭىئېرىق يېزىسى تۆگمەنبېشى كەنتى)گە كۆچۈپ كېلىپ، ئۆمرىنى شۇ يېزىدا ئۆتكۈزگەن.

سابىت ھاجىم ئاقسۇ كونىشەھەر مەدرىستە ھەم قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئوقۇپ، ئەدەبىيات، تارىخ، تىبابەتچىلىك قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى ساتار، تەمبۇر بىلەن ئىجرا قىلىشنى ئۆگەنگەن داڭلىق مۇقامچىلاردىن بىرى.

ئۇ ئۆمرىدە ئۈچ قېتىم ھەج قىلغان. ئۈچ قېتىملىق ھەج سەپىرىدە كاراچى، بومباي، دېھلى، ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى مەككە - مەدىنە، قاھىرە، دەمەشق ھەمدە تاشكەنت، سەمەرقەند، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا ساياھەت قىلىش جەريانىدا ئون ئىككى مۇقامنى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى بۇ رايونلارغا كېڭەيتكەن.

سابىت ھاجىم ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەلقنى

ئىلىم-مەرىپەتكە دەۋەت قىلغانلىقى، خۇراپاتلىققا، مەھكۇملۇققا قارشى ساز چېلىپ، مۇقام ئېيتىپ غەزەلخانلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، يەرلىك جاھىل كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ چەتكە قېقىلغان. ئۇ بىر مەزگىل باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ ئۆز بالىلىرى ھەم دېھقانلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ، ئۇلارنى ئىلىم-مەرىپەت نۇرى بىلەن تەربىيىلە-گەن.

سابىت ھاجىم ئۆز دەۋرىنىڭ داڭدار غەزەلخانى ۋە ئۇستا سازەندىسى بولۇپ، دۇتار، تەمبۇر، ساتار قاتارلىق مۇزىكىلارنى چېلىشنى ۋە مۇقام ئېيتىشنى پەرزەنتلىرىگە ئۆگەتكەن.

سابىت ھاجىم 1934-يىلى 75 يېشىدا ئاقسۇدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

سابىت ھاجىمنىڭ كەنجى ئوغلى مجىت سابىت 1951-يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە مۇزىكانتلىققا قوبۇل قىلىنغاندا، دادىسىنىڭ ساتارىنى ئېلىپ كىرگەن. ياش مجىت سابىت دادىسىدىن ئۆگەنگەن ئون ئىككى مۇقام ئاساسىدا يېڭىچە ئۇسسۇللۇق ناخشىلارنى ئىجاد قىلىشتا ئالاھىدە ھەسسە قوشقان، مجىت سابىت تىرىشىپ ئاددىي نوتا ساۋاتىنى چىقارغان. 1959-يىلىدىن تارتىپ ئاقسۇ 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

سابىت ھاجىم ئۆز ئۆمرىدە مۇزىكانتلىقتىن باشقا، قۇرۇلۇش (تامچىلىق)، سىرچىلىق (نەققاشچىلىق)، ياغاچچىلىق، تىككۈچىلىك قاتارلىق ھۈنەرلەرنى پىششىق ئۆگىنىش بىلەن بىللە، تىببىي ئىلىم جەھەتتىمۇ ئەل-جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

سابىت ھاجىم يەنە ئۆز دەۋرىدە شېئىر يېزىش بىلەنمۇ شۇغۇللانغان.

(رەتلىگۈچى: ئېلى ئېزىز)

# روزی باشی

(1864 — 1933)

روزی ئاخۇن قەشقەرلىك بولۇپ، 1864-يىلى دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى دېھقانچىلىق، قوشۇمچە باپكارلىق (ماتا توقۇش) كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى. روزى ئاخۇننىڭ دادىسى بىلەن بىللە ماتا توقۇيدىغان تۇرسۇن بودەك دېگەن كىشى ئۆز مەھەللىسىدە داڭ چىقارغان راۋابچى بولۇپ، روزى ئاخۇن كىچىكىدىن باشلاپ ئۇ كىشىدىن ئىخلاس بىلەن راۋاب چېلىشنى ئۆگەنگەن. كېيىن ئۇ مەھەللىدىكى راۋابچىلار قاتارىغا قوشۇلۇپ ماھارەتلىك راۋابچى بولۇپ يېتىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «بۆۋى ئانام سەيلىسى»، «ئۈجمە سەيلىسى» ھەمدە ھەر يىلى مۇھەررەم ئېيىدا بولىدىغان «ئوردا خېنىم»، «ئارسلانخان»، «ئاتۇش — ھەسسۇلتان» (سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان) سەيلىسى قاتارلىق سەيلىگاھلارغا بېرىپ، جاي-جايلاردىن كەلگەن ئاتاقلىق ناخشىچى، مۇقامچى، راۋابچى، داپچى، ناغرىچىلاردىن مۇقام ئۆگىنىپ ۋە كەملىرىنى تولۇقلاپ، مۇقام پەدىلىرىنى ئورۇنلاشتا كامالەتكە يېتىدۇ. 1898-يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەندىن كېيىن، جاي-جايلاردىن ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتىدۇ. روزاخۇنمۇ شۇ قاتاردا ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، ليۇجىنتاڭ قىسىملىرىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق يېشىل تۇغلۇق قىسىملىرىغا ئەۋەتىلىدۇ. روزاخۇن ئون يىلدەك ئەسكەرلىك قىلىش جەريانىدا ئاتخانىدا ئات باقار بولۇپ ئىشلەيدۇ،

ئۇ مۇشۇ يىللاردا بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ راۋابچىلىق ماھارىتىنى ئۆستۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر قايسى ئۆلكىلەردىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان بۇ ئارىلاشما قوشۇندىكى ئەسكەرلەرنىڭ يەرلىك شىۋىدىكى ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئۆگىنىۋالدۇ. كېيىنچە خەنزۇ خەلق كلاسسىك ناخشىلىرىنىمۇ راۋابقا تەڭكەش قىلىپ ئورۇنلىيالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئون يىل جەريانىدا خەنزۇ كلاسسىك مۇزىكىلىرىدىن يۆجۈي، چىڭچاڭ، ئەرخاڭ، خېنەنباڭزى، ئەرچۈيزى، شۆچۈيزى، خاگو چاڭچىلە مۇزىكىلىرىنىڭ ئۇستىسى بولۇپ قالدۇ. 1910-يىللار ئەتراپىدا ئۇ ئەسكەرلىكتىن بوشاپ قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ ئىشسىز قېلىپ سەرگەردانلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ. شۇ كۈنلەردە قەشقەر ھېيتكا جامەسى پەشتىقىدا ناغرا چالىدىغان ھاپىز دېگەن كىشى 83 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. قائىدە بويىچە، ھېيتكا پەشتىقىدا ناغرا-سۇناي چالىدىغانلار ئەل ئىچىدە تونۇلغان يۇقىرى ماھارەتلىك مۇزىكانت بولۇشى شەرت ئىدى، شۇنداقلا ئۇلارنى ھېيتكا جامەسىنىڭ خاتىپى بىلەن شەھەر بېگى تەيىنلەيتتى. بىر قاتار تاللاش ۋە رەسمىيەتلەردىن كېيىن، روزى ئاخۇن ھېيتكا جامەسىنىڭ ناغرىچىلىقىغا تەيىنلىنىپ، سۇنايچى ئەمەت ئاكا بىلەن بىللە تاكى 1933-يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئون ئىككى مۇقامغا ناغرا چالىدۇ.

روزى ئاخۇن ناغرا چېلىشتا ئالاھىدە ماھارەتلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئون ئىككى مۇقامنى راۋاب بىلەن ئورۇنلاشتىمۇ داڭ چىقارغان. بىر كۈنى قەشقەر ئاختىكۆۋرۈكلۈك سالاھىدىن بەگ دېگەن ئاتاقلىق بىر راۋابچى ھېيتكا جامەسى ئالدىدىكى ساماۋەرخانىدا ئولتۇرۇپ راۋاب بىلەن چەبىيات مۇقامىنى ئورۇنلايدۇ، بۇنى نۇرغۇن كىشىلەر ھېرىسمەنلىك بىلەن ئاڭلايدۇ. شۇ پەيتتە جامائەت ئارىسىدىن روزى ئاخۇننى كۆرۈپ قالغان سالاھىدىن بەگ قولىدىكى راۋابنى ئىختىيارسىز روزى ئاخۇنغا سۇنىدۇ. روزى ئاخۇن راۋابنى

قولىغا ئېلىپ، سالاھىدىن بەگ چېلىۋاتقان چەببىيات مۇقامىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىشتىياق بىلەن مۇقام ئېيتىدۇ. مۇقامدىن كېيىن « دادەي » ، « ئايگۈلۈم » ، « ھەمراجان » ، « ئۇردام » قاتارلىق نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە مۇزىكا-ناخشىلارنى ئورۇنداپ بولۇپ، راۋابنى سالاھىدىن بەگكە بېرىدۇ. سالاھىدىن بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ: « ئۇكام، بىزنىڭ راۋاب چالىدىغان ۋاقتىمىز ئۆتتى، ئەمدى بۇ راۋاب ساڭا قالدى » دەپ، ساماۋەرخانىدىكى كىشىلەرگە چاي بېرىپ روزى ئاخۇننى مۇبارەكلەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن روزى ئاخۇن پۈتۈن قەشقەرنىڭ باش راۋابچىسى تەرىقىسىدە ئابرويغا ئىگە بولىدۇ.

بىر قېتىملىق ئافاق خوجا سەيلىسىدە روزى ئاخۇن راۋاب چېلىش، مۇقام ئېيتىشتا ئۆزى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشكەن رەقىبلىرىنى يېڭىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىغا ئۇلاپ يەنە بەزى خەنزۇ كلاسسىك مۇزىكىلىرىنى ئورۇندايدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەتراپتىكى خەنزۇلار ئۇنىڭ ماھارىتىگە قايىل بولۇشۇپ، ئۇنى پات-پات خەنزۇ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ توي-تۆكۈن ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا تەكلىپ قىلىشىدۇ. بارا-بارا ئۇنىڭ داڭقى ئۇرۇمچىگە-ياڭ زىڭشىنغا ئاڭلىنىدۇ. ياڭ زىڭشىن روزى ئاخۇننى ئۇرۇمچىگە ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ماھارىتىنى كۆرگەندىن كېيىن: « سىز راستىنلا باشى ئىكەنسىز » دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن روزى ئاخۇننى كىشىلەر روزى باشى (ماھىر) دەپ ئاتايدۇ.

روزى باشى 1913-يىلدىن 1933-يىلغىچە توپتوغرا 20 يىل ناغرا بىلەن مۇقامنى ئورۇندايدۇ، ئۇ رامىزان ئايلىرى ۋە ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە ھېيتگا پەشتىقىدا ناغرا چالسا، باشقا چاغلاردا بەزمە-مەشرەپ، توي-تۆكۈن مۇراسىملىرىغا قاتنىشىپ ياكى ساماۋەرخانىدىن ئىبارەت ناخشا-مۇزىكا سورۇنلىرىدا راۋاب بىلەن مۇقام ۋە 200 دىن ئارتۇق كلاسسىك مۇزىكىلارنى ئورۇندايدۇ، شۇنىڭدەك « ئۇردام » ، « چاپ-چاپ » ، « تۆرىلار » قاتارلىق مۇزىكىلارنى

ئىجاد قىلىپ جامائەتكە تەقدىم قىلدۇ.

روزى باشى 1933 ـ يىلى 69 يېشىدا ئېغىر غۇربەتچىلىك ئىچىدە قېرىلىق ۋە كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نامى كەڭ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ كەلمەكتە .

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)

# بۇلبۇل ئاخۇن

(1859 — 1939)

بۇلبۇل ئاخۇن خوتەن لايقا مەھەللىسىدىن بولۇپ، ئۇ خوتەن، قاراقاش، لوپ قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىگە تونۇلغان ئاتاقلىق مۇقامچى.

بۇلبۇل ئاخۇن كىچىك ۋاقتىدىلا ئۆزلۈكىدىن مۇزىكا ۋە مۇقامغا قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، يۇرتىدىكى مەشھۇر مۇقامچى نىياز ئاكا (كۇن)، مەتنىياز ئاكا (گۇپ) ئىسىملىك مۇقامچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ساتار، قالۇن، تەمبۇر، غىجەك، دۇتار، راۋاب، داپ، بالمان قاتارلىق سازلارنى ھەم ناۋا، مۇشاۋىرەك، ئۆزھال، چەببىيات، ئىشراق (ئۇششاق)، راك، پەنجىگاھ، بايات، چارىگاھ قاتارلىق مۇقاملارنى چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ قاتارلىق قىسىملىرى بىلەن پىششىق ئۆگىنىۋالغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇلبۇل ئاخۇننىڭ ئۇستازلىرىنىڭ ئۇستازى ھەمەرخوجا دېگەن كىشى مەشھۇر مۇقامچى بولۇپ، ئۇ ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا قالۇن، ساتار، تەمبۇر بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندىيالايدىغان، قايسى چالغۇنى قولغا ئالسا، شۇنى سايرىتىۋېتىدىغان داڭدار كىشى ئىكەن.

بۇلبۇل ئاخۇننىڭ ئەلنەغمىچىلىك ۋە مۇقامچىلىقتىكى ئۆزگىچىلىكى شۇكى، بىرىنچىدىن، ئۇ ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ چوڭ نەغمىسىنى «خوتەن سەنىمى»گە ئۇلاپ ئېيتاتتى. ئۇ ئېيتقان «خوتەن سەنىمى» ئۆزىگە خاس

ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ساتار ياكى تەمبۇرغا تەڭكەش قىلىناتتى. بۇلبۇل ئاخۇن تەمبۇرنى ئۆزى چېلىپ، مۇقامنىمۇ ئۆزى ئېيتاتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ ئەينى دەۋردە خەنزۇ تىلىنىمۇ پىششىق بىلگەچكە (ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىنى قەيەردە ئۆگەنگەنلىكى نامەلۇم)، ھەتتا مۇقام ئەلنەغمىلىرىنى خەنزۇ تىلىدا ئۆزىگە خاس پۇراق بىلەن ئېيتالايتتى. ئۇ تەشكىللىگەن ئەلنەغمە سورۇنلىرىغا ئۇيغۇرلاردىن باشقا ھەتتا خەنزۇ تاماشىبىنلارمۇ قاتنىشاتتى ۋە ئۇنىڭ خۇشناۋا ئاۋازىدىن ھوزۇرلىناتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى نەپىس بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «بۇلبۇل» دەپ ئاتىغان. ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئۇنتۇلۇپ، «بۇلبۇل» دېگەن تەخەللۇسى ئۇنىڭ ئىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئۈچىنچىدىن، ئۇ ھەم ئەلنەغمىچى، ھەم مۇقامچى بولغاندىن تاشقىرى، يەنە ماھىر ئۇسسۇلچى ئىدى. ئۇ جامائەت سورۇنلىرىدا خۇش تەبئەتلىك، قىزىقچى ھەم چاقچاقچى بولۇپ، ئۇنى مەشرەپ سورۇنلىرىنىڭ «گۈلى» دېيىشكە بولاتتى.

خوتەن دىيارىدا نام-ئاتىقى چىققان ئاتاقلىق مۇقامچى بۇلبۇل ئاخۇن ئۆزىنىڭ 80 نەچچە يىللىق ھاياتىدا 60 يىلدىن ئارتۇق قىممەتلىك ۋاقتىنى ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن. مۇشۇ جەرياندا ئۇ كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. مەسىلەن، ھاشىم ئەلنەغمە (داپچى)، كېرىم داپچى، ئەخمەت نىياز بالىمانچى، ئابدۇللا سۇنايچى، قۇربان نەغمە (ساتارچى)، ساۋۇت ساتارچى، مەشرىق ۋە روزى نىياز ئاكا ساتارچى... قاتارلىق نۇرغۇن ئەلنەغمىچى شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ قاتارغا قوشقان. ئۇ تەخمىنەن 1939-يىلى 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

(رەتلىگۈچى: ئىبراھىمجان ئىمىن)

# مۇھەممەت تۇردى ئاخۇن

(1864 — 1989)

مۇھەممەت تۇردى ئاخۇن (مەتتۇردى ئاخۇنمۇ دېيىلىدۇ) 1864-يىلى خوتەن ئارزۇن ئاتچوي يېزا سوقىباغ مەھەللىسىدە ئەلنەغمىچى ئىسمايىل سوپى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، خوتەندە ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن مۇقام پېشۋالىرىدىن بىرى.

ئۇ باللىق چاغلىرىدىن تارتىپلا دادىسىنىڭ تەربىيە ۋە تەسىرىدە ئەلنەغمە، مۇقام سەنئىتىگە قىزغىن زوقمەن بولۇپ ئۆسكەن. دادىسى ئىسمايىل سوپى ۋە يۇرتىدىكى ئاتاقلىق مۇقامچى، ئەلنەغمىچىلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ، ساتار، تەمبۇر، دۇتار، بالمان، نەي، سۇناي، داپ قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن. مۇشاۋرەك، راك، ئۆزھال، چەببيات، پەنجىگاھ، ناۋا، چارىگاھ، بايات قاتارلىق مۇقاملارنى ۋە ئۇنىڭ چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ قاتارلىق ھەر قايسى قىسىم تارماقلىرىنى تولۇق ئىگىلەپ، ئۇنى يۇرت خەلقلىرىنىڭ توي-مەرىكە، سەيلە-مەشرەپ، كۆكۆل ئېچىش سورۇنلىرىدا ئورۇنداپ، جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

مۇھەممەت تۇردى ئاخۇن (مەتتۇردى مۇقامچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) خەلق سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى خۇددى ھەسەل ھەرىسىدەك ئۆزىگە يىغقان ئەستايىدىل مۇقامچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇن ئىككى مۇقام پەدىلىرىدىن بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى. چالغۇ-سازلاردىن

قايسىبىرىنى قولىغا ئالسىلا، مۇقامنىڭ ھەر قايسى بۆلەك قىسىملىرىنى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن تەسىرلىك قىلىپ ئورۇندايتتى. ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بار ئىدى. مەسىلەن، ئۇ ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا مۇقام ئورۇندىسا، مۇقامنى ئالدى بىلەن داپ بىلەن باشلاپ، ئاندىن ساتارىنى ئىشقا سالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر قايسى مۇقاملارنى جەزمەن ئۆز رىتىمى، ئۇدار-سىستېمىسى، قائىدە-تەرتىپى بويىچە رەتلىك ئورۇندايتتى. مۇشاۋرەك مۇقامنى « بوم مۇشاۋرەك »، « زىل مۇشاۋرەك » دەپ ئىككى خىلغا ئايرىغان. ئۇنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە، « زىل مۇشاۋرەك » مۇقامى ئەۋجىدىن باشلىناتتى، « بوم مۇشاۋرەك » بولسا، تۆۋەندىن يۇقىرىغا پەيدىنپەي، پەللىمۇ پەللە يۇقىرى ئۆرلەپ ئەۋجىگە چىقاتتى.

مۇھەممەت تۇردى ئاخۇن ئۆزىنىڭ 125 يىللىق ئۇزۇن ئۆمۈر ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇر مۇقام، ئەلنەغمە سەنئىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن زور مېھنەت-ئەجىر سىڭدۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئۆز دەۋرىدە مەتسالى ئاكا، مىرزا ئابدۇللا، ئەخمەت ئاكا، سايىم ساتارچى، سايىت داپچى ۋە ئۆز ئوغلى بەكرى ئاخۇن بالىمانچى (ھازىر خوتەن « قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى » نىڭ پېشقەدەم بالىمانچىسى)، ئىنىسى مەتروزى ئاخۇن قاتارلىق 10 نەچچە شاگىرتنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈپ، مۇقامچىلار قوشۇنىنىڭ ئىزچىل ئۇلغىيىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلغان.

مەشھۇر مۇقامچى مۇھەممەت تۇردى ئاخۇننىڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىنى قەدىرلەپ، خوتەن خەلقى ئۇنى دائىم ياد ئېتىپ كەلمەكتە.

(رەتلىگۈچى: ئىبراھىم ئىمىن)

# ئېلاخۇن كۆككۆز

(1866 — 1970)



ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا
ھازىرغىچە جاراڭلاپ كېلىۋاتقان:

تەلكىنىڭ داۋانىدىن،
كارۋان توختىماي ئۆتتى.
سۇلايمان يىغلىغان بىلەن،
ئېلاخۇن يىغلىماي ئۆتتى.

دېگەن ناخشىنىڭ ئىجادچىسى ئېلاخۇن (لەقىمى كۆككۆز) تەخمىنەن 1866 - يىللىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە مۇقامچى تىلىۋالدى ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

1836 - يىللىرى تۇرپاندىكى ئۇزۇن يىللىق سۇرگۇندىن خالاس بولغان خالزاتخان ئاخىرى تەيجىلىك مەنسىپىگە ئېرىشىپ، تۇرپاندىن ئىلىغا مېڭىش ۋاقتىدا قەشقەرلىك ئاتاقلىق مۇقامشۇناس ھۈسسىين خان (پەيزى) ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھېلىم ئاخۇن ۋە سېلىم ئاخۇنلارنى ئۆزى بىللە ئىلىغا ئېلىپ بارغان ۋە قازانچى

مەھەللىسىگە ماكانلاشتۇرغان. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن قازانچى مەھەللىسى بىر مەزگىل مۇقامچىلار مەھەللىسىگە ئايلانغان. تىلىۋالدى ئاخۇن ئاكا مۇقامنى ئەنە شۇ مەزگىلدە ھۆسىيىن خان پەيزىدىن ئۆگەنگەن ۋە 20 نەچچە ياش ۋاقىتلىرىدا كۆزگە كۆرۈنگەن مۇقامچىلاردىن بولۇپ قالغان. ئېلاخۇن ئەنە شۇنداق سەنئەت مۇھىتى ئىچىدە دۇنياغا كېلىپ، دادىسىنىڭ بىۋاسىتە تەربىيىسى بىلەن مۇقامچى بولۇپ يېتىشكەن.

ئېلاخۇن مۇقامچىلىقتا ۋايىغا يەتكەن ۋاقىتىدا دادىسى تىلىۋالدى ئاخۇن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكى ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئېلاخۇن ئىش-ئوقەت بىلەن بولۇپ، بىر مەزگىل مۇقامچىلىقتىن قالىدۇ. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن مۇقام ئېيتىش ئورنىغا جەڭگىۋارلىق بىلەن تولغان ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇپ، ئىلى رايونىدا داڭ چىقىرىدۇ. شۇ مەزگىللەردە ئىلىدا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمىغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىدۇ. ئېلاخۇن بۇنداق خەلق قوزغىلاڭلىرىغا چوڭقۇر ھېسسىداشلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ زۇلۇمغا قارشى كۆپلىگەن قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ، ئۆزى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھەم قوشاقچى، ھەم ناخشىچى بولۇپ تونۇلىدۇ. ئۇ شۇ مەزگىللەردە:

قەشقەردىن ئادەم چىقسا،
تۇتىدۇ چىقىپ چىرىك.
ئۇقماستىن يېنىپ قويسا،
كۆمىدۇ گۆرگە تىرىك.

دېگەنگە ئوخشاش جەڭگىۋار قوشاقلارنى تۈزۈپ ناخشا قىلىپ ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مۇستەبىت كۈچلەر ئۇنى يوقىتىشنىڭ قەستىگە چۈشىدۇ.

1924 - يىلى زالىم ياڭ زىڭشىن ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بىر قىسىم ئىلغار كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلايدۇ. شۇ قاتاردا ئىلىدىن ئېلاخۇن ۋە ئۇنىڭ دوستى سۇلايمانىنى تۇتۇپ ئۈرۈمچىگە پالاپ، ئۈرۈمچىدىكى جاڭجۇن يامۇلى ئالدىغا تۆمۈر قەپەزگە سېلىپ ئېسىپ قويىدۇ.

1928 - يىلى 7 - ئىيول ياڭ زىڭشىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ ھاكىمىيەت بېشىغا جىن شۇرېن چىققاندىن كېيىن، ئېلاخۇن تۈرمىدىن چىقىپ، تېكەسكە كېتىدۇ ۋە ئۇ يەردە يەر ئېچىپ، باغ بىنا قىلىپ ھايات كەچۈرىدۇ.

1934 - يىلى 11 - ئايدا ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا سەنائىي نەفىسە تەشكىللىنىدۇ، سەنائىي نەفىسگە ئىلى رايونىدىكى ئاتاقلىق ناخشىچى، مۇقامچى، سازەندىلەر قاتارىدا ئېلاخۇنمۇ تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇ بىر مەزگىل ناخشا ئۇستازى سۈپىتىدە ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ۋە ئون ئىككى مۇقامنىڭ ھۈسىين خان پەيزى تارقاتقان نۇسخىسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ئومۇملاشتۇرىدۇ.

شۇنداق كۈنلەردە زالىم شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسى-نى ئاشكارىلاپ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغايدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە تۇتقۇن قىلىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشلەر ئەۋج ئالىدۇ. نەتىجىدە ئېلاخۇن تېكەسكە چىقىش باھانىسى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە يۇرتى ئىلىغا قايتىپ كېلىپ، 1962 - يىلىغىچە ئىلىدا ياشايدۇ. 1962 - يىلىنىڭ ئاخىرى بالا - چاقىلىرى بىلەن يەنە سوۋېتكە كېتىپ، 1970 - يىلى 104 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

بىر ئۆمۈر ھاياتىنى ناخشا - مۇقام ۋە قوشاقچىلىققا بېغىشلىغان ئېلاخۇن ئاكا گەرچە ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن مۇقام، ناخشا - قوشاقلىرى خەلق ئارىسىدا مەڭگۈلۈك جاراڭلىماقتا.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)

# ھاشىم ھاجىم دارۋاز

(1869 — 1952)



شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا ئەرەب يېرىم ئارىلى قاتارلىق رايون ۋە دۆلەتلەردە دارۋازلىق سەنئىتى بىلەن نام-شۆھرەتكە ئېرىشكەن ھاشىم ھاجىم دارۋاز 1869-يىلى خوتەن ۋىلايىتى قارا قاش ناھىيىسىنىڭ «تاناپپېشى» يېزىسىدا مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى ھەمدۇللا ئاخۇن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

ھاشىم ھاجىمنىڭ دادىسى ھەمدۇللا ئاخۇنۇم ئاتاقلىق مۇزىكانت ۋە دارۋاز بولۇپ، باللىرىنىمۇ ئۆزىگە ئىز باسار قىلىپ تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى نۇراجىم داڭلىق داستانچى بولۇپ، «نۇراجىم مەدداھ» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. قىزى ئايىمخان ھاجىممۇ مۇزىكا چېلىشتا مەشھۇر بولۇپ، بۇ سەنئەت ئائىلىسى تەخمىنەن ئىككى ئەسىردىن بۇيان بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ، مۇزىكا، مۇقامچىلىق، دارۋازلىق،

جانبازلىق، مەدداھلىق قاتارلىق سەنئەت تۈرلىرى بويىچە ئۆز دەۋرىنىڭ ئەتراپلىق يېتىلگەن نوپۇزلۇق ماھىرلىرىدىن بولۇپ كەلگەن. ئۇلار نەچچە ئەۋلاد مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن.

بولۇپمۇ ھاشىم ھاجىم دەۋرىگە كەلگەندە بۇ سەنئەت ئائىلىسىنىڭ داڭقى تېخىمۇ كەڭ يېيىلغان. ھاشىم ھاجىم كېيىنكى ۋاقىتلاردا قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان كۇچاغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ سەنئەت ماھارىتى ئۆزلۈكسىز يۈكسەلگەن. ئۇ ھەر كۈنى دار ئۈستىدە مىڭلىغان تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، دارۋازلىق سەنئىتىنى مۇقام بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن. دارغا چىقىش ئالدىدا مۇزىكا بىلەن مۇقامنىڭ مۇقەددىمە قىسمىنى ئوقۇپ، دار مەيدانىدا مۇقام ساداسى ياڭراتقان.

ئۇ كۇچانىڭ يەرلىك مۇقام شۆبىلىرى بىلەن خوتەن، قەشقەر مۇقام شۆبىلىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ساقلاش ۋە تارقىتىش جەھەتلەردە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەچكە، خەلقىمىزنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. شۇنداق قىلىپ، ھاشىم ھاجىمنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئون ئىككى مۇقامنى تولۇقلاش ۋە تارقىتىش، ئون ئىككى مۇقامنى تىياترلاشتۇرۇش، چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش ۋە شاگىرت يېتىشتۈرۈش بىلەن ئۆتكەن.

ئۇ كۇچادا تۇرغان مەزگىللىرىدە كونىشەھەر مەركىزىدىكى داڭلىق ئاشخانىدا ھەر كۈنى مۇقام ئېيتقان. «ھاشىم ھاجىمنىڭ مۇقامىنى ئاڭلايمىز» دەپ، سەنئەتخۇمار كۇچا خەلقى تاڭ سەھەردىلا بۇ ئاشخانىغا توپلىنىدىغان بولغان. ھاشىم ھاجىمنىڭ نامى بىلەن بۇ ئاشخانىنىڭ سودا ئىشلىرىمۇ روناق تاپقان.

ھاشىم ھاجىم تەشكىللىگەن سىرك-دارۋازلىق ئۆمىكىدە باي

ناھىيىسىدىن بايىز ئاخۇننىڭ ئوغلى ئىبراھىم قارى ھەمدە ئىسلام تەمبۇر، ھېلىم ئاخۇن ساتار قاتارلىق داڭلىق مۇقامچى ۋە سازچىلار بولۇپ، ھاشىم ھاجىم ئۇلارغا ئۇستاز ئىدى.

ھاشىم ھاجىم قەشقەردە تۇرغان چاغلىرىدا تۇردى ئاخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى ئىمىن ئاخۇن، قاسىم ئەلنەغمە قاتارلىق مەشھۇر مۇقامچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەن. بۇ مەزگىلدە قەشقەردىكى مۇزىكانت (دۇتارچى) مەھراخانىم بىلەن نىكاھلىنىپ، پەرزەنتلىرى شىرئېلى، ھەيدەر ئېلى قاتارلىقلارنى تەربىيىلەپ ئاتاقلىق مۇزىكانت قىلىپ يېتىشتۈرگەن.

ھاشىم ھاجىم يالغۇز ئۆز ئەۋلادىنى سەنئەتكار قىلىپ يېتىشتۈرۈپلا قالماي، يەنە كۇچانى مەركەز قىلىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە مۇزىكا كۇرسى ئېچىپ، يۈزگە يېقىن مۇزىكانتنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن، ئۇيغۇر سەنئەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

ھاشىم ھاجىم 19334-يىلى ھەج سەپىرىدىن قايتىشىدا سەئۇدى ئەرەبىستانى، سۈرىيە، ئىران، ئىراق، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق ئەللەردە سەييارە دار باغلاپ، دار ئويۇنى كۆرسىتىپ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن. قاراقول يولى ئارقىلىق ئاقسۇغا قايتىپ كېلىپلا، ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە مۇزىكىلىق مارش تەييارلاشقا قاتناشقان. بۇ يىللاردا كۇچاغا كومپارتىيە ئەزاسى لىن جىلۇ ھاكىم بولۇپ، ئۇ باشچىلىق قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى ھاشىم ھاجىم قىزغىن قوللىغان ھەمدە سەييارە دارۋازلىق، مۇقامچىلىق يولى بىلەن تاپقان كىرىمىدىن مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگە ئىئانە قىلىپ، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىگەن.

ھاشىم ھاجىم 1949-يىلى ئازادلىق ھارپىسىدا بىر ئۈچۈم جاھىل گومىنداڭ قاچقۇنلىرى تەرىپىدىن «ئالتۇن، كۈمۈش بېرىسەن»

دەپ قاتتىق ئۇرۇلغانلىقتىن، تاياق زەربىسىدە 1952-يىلى ۋاپات بولغان. لېكىن ھاشىم ھاجىمنىڭ ئىزباسارلىرىدىن نۇراخۇن دارۋاز، سىدىق ئاخۇن دارۋازلار ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر دارۋازلىق ئۆمىكىنىڭ ئۇلىنى سالغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى.

(رەتلىگۈچى: ئېلى ئېزىز)



# زىۋىدىخان نەغمە

(1868 — 1933)

زىۋىدىخان نەغمە (ئاغا) خوتەن ئىلچى ناۋاغ مەھەللىسىدىن بولۇپ، 1868-يىل مۇھەممەتشاھ مۇقامچىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

زىۋىدىخان نەغمىنىڭ ئاتىسى مۇھەممەتشاھ قالۇن، ساتار، تەمبۇر، دۇتار، نەي، داپ، سۇناي... قاتارلىق سازلارنى ماھىرلىق بىلەن چالالايدىغان ھەم ۋايىغا يەتكۈزۈپ مۇقام ئېيتالايدىغان مەشھۇر كىشى ئىدى. زىۋىدىخان نەغمىنىڭ ئانىسى توختىخان ئاچمۇ ئۇستا دۇتارچى بولۇپ، ئۇنىڭ تۇغقىنى توختى موللا نەي بىلەن سۇناي چالاتتى. زىۋىدىخاننىڭ ئاچىسى ئىمانىخان دۇتارچى، ئىمانىخاننىڭ قىزى نىساخان دۇتارچى ھەم ئۇسسۇلچى ئىدى. زىۋىدىخاننىڭ قىزى زورىخان دۇتارچى ھەم ئۇسسۇلچى، ئوغلى ئەخمەت ئاخۇن داپچى ھەم دۇتارچى ئىدى. قىسقىسى، بۇ ئائىلىدىكى ئەۋلادلارنىڭ ھەممىسى ئەلنەغمىچىلەر ۋە مۇقامچىلار ئىدى.

زىۋىدىخان نەغمە يۇرت-مەھەللىدىكى كۆڭۈل ئېچىش، مەشرەپ ۋە سەيلە سورۇنلىرىدا كۆپىنچە دۇتار بىلەن مۇقام ئېيتىپ، جامائەتنىڭ ئالقىش-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

بۇ ئائىلىدىكى ئەزالارنىڭ بىرى تەمبۇر چالسا، يەنە بىرى ساتار چېلىپ، بىرى دۇتار چالسا، يەنە بىرى داپ چېلىپ، بىرى ئۇسسۇل ئويناپ ناخشا ئېيتسا، يەنە بىرى باشقا سازلارنى چېلىپ

ئادەتلەنگەچكە ، يۇرت-مەھەللە جامائەتچىلىكى ئۇلارنى «ئەلنەغمىچىلەر ئائىلىسى» دەپ ئاتىغان.

زىيەۋىدىخان نەغمە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىۋى ئەلنەغمىچىلەر گۇرۇپپىسى ئۆز دەۋرىدە يالغۇز خوتەن شەھىرى، يېزا-كەنتلىرى تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى قاراقاش، لوپ تەۋەلىرىگە بېرىپ ئەلنەغمە سورۇنلىرىنى تۈزگەن. شۇنداقلا قاراقاشلىق ئايال مۇقامچى ئايىمخان ھاجىمنىڭ ئائىلىۋى ئەلنەغمىچىلەر گۇرۇپپىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان.

شۇنداق قىلىپ، بىر ئائىلىدىن تەشكىللەنگەن بۇ ئەلنەغمىچىلەر گۇرۇپپىسى زىيەۋىدىخان مۇقامچىنىڭ باشچىلىقىدا بىر ئۆمۈر مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

(رەتلىگۈچى: ئىبراھىمجان ئىمىن)



# نىياز ھاجىم تەمبۇر

نىياز ھاجىم 1870 - يىللاردا قەشقەر شەھرىدە باي سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بالا چېغىدىن تارتىپلا سازغا قىزىققان. كېيىن قەشقەر قازان مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، بىر تالىپ ساۋاقدىشىدىن تەمبۇر چېلىشنى ئۆگەنگەن. نىياز ھاجىمنىڭ تەمبۇر بىلەن چالغان دەسلەپكى سازلىرى ئاتا-ئانىسىغا تەسىر قىلىپ، شۇ يىلى يازدا ئۇنى مىراقباخشى ئاتام دېگەن يەردىكى بېغىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇشلۇق مۆمىن باققال دېگەن مۇقامچىغا شاگىرتلىققا بەرگەن. ئۇ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، مۇقام ئېيتىشتا ۋايىغا، تەمبۇر چېلىشتا ھەغدادىغا يېتىپ، «نىياز ھاجىم تەمبۇر» دېگەن نام بىلەن قەشقەردىكى مەشھۇر مۇقامچىلاردىن بولۇپ قالغان ۋە باي-مۆتىۋەرلەر سورۇنلىرىنىڭ خۇشناۋا بۇلبۇلىغا ئايلانغان.

1905 - يىلى روسىيە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، يېڭىلىق تەرەپدارلىرى كۆپىيىدۇ. ھەرخىل گېزىت-ژۇرناللار تارقىلىپ، دۇنيادىكى يېڭى ئىشلار خەۋەر قىلىنىپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئەۋج ئالىدۇ. نىياز ھاجىم تەمبۇر بۇ چاغدا تەرەققىيپەرۋەر دوستلىرىدىن يۈسۈپ قوقان، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، سوفى نىياز ھاجىم، ۋەلىخان باي، غوپۇر ئاخۇن داموللام ئاتۇشى، ئىمىن خامچى قاتارلىق بايلار بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىياغا زىيارەتكە بارىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن روسىيىنىڭ ھەر قايسى چوڭ-كىچىك

شەھەرلىرىنى ۋە ئۇ يەرلەردىكى يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ، يېڭىلىق تەرەپدارلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ، ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلىدۇ.

بۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاش ھارپىسى بولۇپ، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ھەدەپ ئادەم تۇتۇۋاتقان مەزگىل ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، نىياز ھاجىم تەمبۇرمۇ ئۆز دوستلىرى بىلەن قولغا ئېلىنىپ، ئۈچ يىللىق مۇددەت بىلەن سۈرگۈن قىلىنىدۇ. سۈرگۈن قىلىنغان يەردە ئۇ قۇددۇس مەۋلۇۋى، باتۇرخان يىگىتبېشى قاتارلىق مەشھۇر سەنئەت ئەھلىلىرى ۋە ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ بىللە بولىدۇ. ئۇ يەردە ئىلىم-پەن ۋە ئىنقىلاب يوللىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە، يەنە تەمبۇر چېلىپ مۇقامچىلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كەسپىي ماھارىتىنى كامالەتكە يەتكۈزىدۇ.

سۈرگۈندىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئەنجان، تاشكەنت ۋە ئوش ئوبلاستلىرىدا بىر تەرەپتىن تىجارەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن يېڭىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. شۇ كەملەردە سودا-پۇتۇشۇش ئورنى ئادەتتە ھەر قايسى ساماۋەرخانىلار بولۇپ، ساماۋەرخانىلاردا ئەلنەغمىچى ۋە مۇقامچىلار داۋاملىق نەغمە قىلىپ مۇقام ئېيتىشاتتى. نىياز ھاجىم ۋاقىت تاپسىلا بۇ يەردىكى نەغمىچىلەر بىلەن بىللە مۇقامچىلىق قىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي «نىياز ھاجىم تەمبۇر» دېگەن نام بىلەن داڭ چىقىرىدۇ.

ئۇ 1916-يىلى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ «قۇتقۇزۇش» (ئازادلىق) تەشكىلاتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولىدۇ. 1917-يىلى قەشقەر ۋالىيسى چۇ دوتەي بۇ تەشكىلات ئەزالىرىنى تۇتقۇن قىلىدۇ. بۇ چاغدا نىياز ھاجىم تەمبۇر دوستلىرى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. 1923-يىلى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، يېڭى مەكتەپ ئېچىش ۋە مەدرىسلەردە ئىسلاھات يۈرگۈزۈش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ۋەخپە يەر كىرىمى ۋە ئۆشرە-زاكاتلارنى يىغىپ، قەشقەردە دارىلتام، دارىلئاجىزىن مەكتەپلىرىنى قۇرىدۇ. 1924-يىلى ياڭ زېڭشىن مۇتەئەسسىپ

كۆچلەرنىڭ چېقىمچىلىقى بىلەن نىياز ھاجىم تەمبۇر قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىپ، مەكتەپلەرنى تاقاپ، ئاندىن ئۇلارنى ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلدۇ. 1933-يىلى تۆمۈر ئېلى (تۆمۈر سىجاڭ) ئاقسۇنى ئىشغال قىلغاندا، نىياز ھاجىم تەمبۇر ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى تۈرمىدىن ئازاد قىلىنىپ، قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ ھەمدە مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار قەشقەردە بولغان كۈنلەردە، قەشقەر ھېيتكادىكى ئۆمەر باينىڭ ساماۋەرخانىسىدا ئولتۇرۇپ، مۇقام ۋە يېڭى مۇزىكىلارنى چېلىش ئارقىلىق خەلق ئىچىگە يېڭى مەدەنىيەت روھىنى تارقىتىدۇ ھەمدە مۇقام ئېيتىش ۋە تەمبۇر چېلىشتىكى ئۇستۇن ماھارىتى بىلەن قەشقەردە ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. بىراق فېئودال مۇتەئەسسىپ كۆچلەر ئۇنىڭ يېڭى مەدەنىيەت ئىدىيىسىگە ئۆچمەنلىك قىلىسمۇ، لېكىن تەمبۇر چېلىشتىكى ماھارىتىدىن ئامالسىز قېلىپ: «نىياز ھاجىمنىڭ زەخمەك ئۇرغان قولى، مۇقام ئېيتقان شېرىن زۇۋانىنى ئېلىپ قېلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە بولىدۇ» دەپ ھەسرەت چېكىشىدۇ.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)

# ئەمەت شاھ ھاجىم

(1872 — 1945)

ئەمەت شاھ ھاجىم قەشقەر شەھەر تۆرەيارباغلىق بولۇپ، ئۇ 1872-يىلى دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى ياقۇپ داموللا ھاجى جانقورغاندىكى بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى بولۇپ، شۇ مەسچىتتە قوشۇمچە خەلپەتلىك قىلاتتى.

ئەمەت ھاجىم 1898-يىلى دادىسى بىلەن ھەج تاۋاپ قىلدۇ. ھەجدىن كېيىن ئەزھەر داشۆسىدە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئابدۇللا داموللا، مۇھەممەت سىيىت، رەخىم قارى ھاجىم قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن ئەزھەر داشۆسىدە دىنىي بىلىم ئالدۇ. ئۇ، بۇ جەرياندا تىل-ئەدەبىيات، تارىخ قاتارلىق پەنلەرنى قىزىقىپ ئۆگىنىدۇ ھەمدە مۇزىكا ئىلمى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەدە ھەم ئەمەلىي، ھەم نەزەرىيە جەھەتتىن ئۆزىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئەزھەرداشۆسىدە ئۆتكۈزگەن ئون ئىككى يىل ئۇنى تىل-ئەدەبىيات ۋە مۇزىكا ساھەسىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئەتراپلىق يېتىلگەن ئالىمى بولۇپ قېلىشقا ئاساس بولىدۇ.

1910-يىلى ئۇ دادىسى بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي دادىسى ۋاپات بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ئولتۇرغان ۋەخپە ئۆيلەر يېڭى تەينلەنگەن ئىمام تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىدۇ. ئەمەت ھاجى قازىخانا ئىشىكىدە ئولتۇرۇپ خەت-پۈ-تۈكچىلىك بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزىدۇ.

1933 - يىلى تۆمۈر ئېلى (تۆمۈرسىجاڭ) قەشقەردە ھاكىمىيەت تىكلىگەندىن كېيىن، ئۇلغار پىكىرلىك زاتلاردىن ئابدۇراخمان ھاجىم، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، كېرىمخانلار باشچىلىقىدا مەدرىسلەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىپتىداسى قۇرۇلدۇ ھەمدە بۇ خەلق تەشكىلاتىغا ئەمەت ھاجىم تەكلىپ قىلىنىپ، مەسلىھەتچى ۋە مەسئۇل كاتىپ بولىدۇ. ئۇيۇشمىنىڭ بۇ دەسلەپكى قۇرۇلۇش يىغىنى سوفى نىياز ھاجىمنىڭ بېغىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، يىغىندىن كېيىنكى كۆڭۈل ئېچىش ۋاقتىدا، ئەمەت ھاجىم تەمبۇر بىلەن ئۇيغۇر مۇقامى ۋە ئەزھەر داشۆسىدە ئۆگەنگەن ئەرەب مۇزىكىلىرىدىن نومۇر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئادەمنىڭ سەنئەت تالانتى خەلق ئالدىدا ئاشكارىلىنىدۇ.

1934 - يىلى 12 ئاپرېل شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇيۇشما قارىمىقىدا سەنائىي نەفسە (سەنئەت ئۆمىكى) قۇرۇلدۇ. بۇ ئىشقا يېتەكچىلىك قىلغان نامان ئەپەندى سوۋېت ئىنستىپاقىنىڭ «شەرق ئىنستىتۇتى» نى پۈتتۈرگەن كىشى بولۇپ، ئۇ ئەمەت ھاجىمنى سەنئەت يېتەكچىلىكىگە تەكلىپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەمەت ھاجىم دەسلەپ ھېيتكادىكى ئۆمەر باينىڭ چايخانىسىدا مۇزىكچىلىق، ئۇسسۇل ئويناش ۋە ناخشا ئوقۇش ئىشلىرىنى يولغا قويىدۇ. كېيىن قەشقەر باغچا كوچىسىنىڭ يۇمۇلاقشەھەر كۆل بېشىغا يېقىن بولغان بىر باغنى ئىجارىگە ئېلىپ سەھنە ياساپ، «مىللەتلەر باغچىسى» دېگەن نام بىلەن سەنئەت كۇلۇبى قۇرىدۇ. بۇ يەردە ھەر كۈنى كەچتە كۆڭۈل ئېچىش بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا كىرگەنلەر سەنئەتكە دائىر نېمە بىلسە شۇنى ئورۇنداپ بېرەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ مۇشۇ ئۇسسۇل بىلەن خەلق ئارىسىدىن بىر قىسىم تالانتلىق سەنئەتچىلەرنى تاللاپ ئۇلارنى مەخسۇس تەربىيىلەيدۇ.

ئەمەت ھاجىم سەھنە لايىھىلەش، كىيىم لايىھىلەش، مۇزىكا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ھەمدە سەھنىدە مۇقام ئوقۇش

رولىنى ئۈستىگە ئالدۇ.

ئەمەت ھاجىم تۇنجى قېتىم ئۆزى لايىھىلىگەن قىزىل ياقۇتتىن كۆز قويغان سېرىق شاھى سەللە يۆگەپ، قىزىل دۇخاۋىدىن تىكىلگەن كىرتىك ياقىلىق ئۇزۇن كەمزۇل ئۈستىدىن يىپەك بەلباغ باغلاپ، تەنتەنىلىك تون كىيىپ سەھنىگە چىققاندا، تاماشىبىنلار «پادىشاھ چىقتى» دەپ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كېتىدۇ. خەلق ئاممىسى بۇ مۇقام ئېيتقۇچىنىڭ ئەمەت ھاجىم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى ھۆرمەتلەپ «ئەمەت شاھ ھاجىم» دەپ ئاتايدىغان بولدۇ.

ئەمەت ھاجىم 1934-يىلى 7-ئايدىن 1939-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سەھنىدە مۇقام ئوقۇيدۇ. شۇ يىلى شېڭ شىسەي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1940-يىلى تۈرمىدىن چىقىدۇ. بۇ چاغدا قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى ئابلىز شاھ قاسىم قەشقەردە تۇنجى قېتىم «غېرىب-سەنەم»نى سەھنىلەشتۈرۈش ۋاقتىدا، ئەمەت ھاجىمنى مەسلىھەتچىلىككە ۋە كىيىم لايىھىلەشكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئەمەت ھاجىم كىيىم لايىھىلەشتىن باشقا، «غېرىب-سەنەم» بېيىتلىرىنى مۇقام مۇزىكىلىرى بىلەن بېيىتىدۇ. كېيىن «تاھىر-زۆھرە»، «پەرھاد-شېرىن» ئوپېرالىرىنىڭ كىيىملىرىنى لايىھىلەيدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭ سەھنىسىدە كىلاسسىك ئوپېرا كىيىملىرىنى شاھانە لايىھىلەش بارلىققا كېلىدۇ.

1943-يىلى 1-ئايدا گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلۇش بىلەن، ئەمەت ھاجىم يەنە گومىنداڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ.

1944-يىلى ئېغىر كېسەل بولغاچقا كېپىللىككە بېرىلىدۇ.

1945-يىلى 2-ئايدا كېسەل ۋە قېرىلىق تۈپەيلىدىن ۋاپات بولىدۇ.

قىسقىسى، ئەمەت ھاجىمنىڭ ھاياتى — ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى يېڭى زامان تىياتىر سەھنىلىرىگە ئېلىپ چىقىش، ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنى بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئۆتكەن ھايات.

(رەتلىگۈچى شېرىپ خۇشتار)

# كېرىم موللا

(1872 — 1970)

كېرىم موللا كېرىيە ھال كەنتى يۈگمە مەھەللىسىدىكى مەشھۇر مۇقامچى ئابلىزخاننىڭ ئائىلىسىدە 1872-يىلى دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ 18 يېشىدىن باشلاپ مۇزىكا ۋە مۇقامغا ئىشتىياق باغلىغان. ئاتىسى ئابلىزخان قاتارلىق مۇقامچىلاردىن تەمبۇر، قالۇن، دۇتار، راۋاب غىجەك، ناغرا، سۇناي، داپ قاتارلىق سازلارنى ھەمدە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى بىرقەدەر تولۇق، پىششىق ئۆگەنگەن. ئاتىسى ئابلىزخان بىلەن بىللە چوڭ-كىچىك ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا ئۇزاق يىللار بىللە بولۇپ، مۇزىكا ۋە مۇقامچىلىقتا كامالەتكە يەتكەن.

كېرىم موللا ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى دېگۈدەك چېلىشنى بىلسىمۇ، ئەمما چوڭ ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا كۆپىنچە مۇقامنى ساتارغا تەڭكەش قىلاتتى.

كېرىم موللا بوي تۇرقى پاكارراق، ئاتيۈزلۈك، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئاقارغان كالتە ساقاللىق، مىجەزى خۇش خۇي، چاقچاقچى ۋە چىقىشقاق ئادەم بولۇپ، يازلىق، قىشلىق كېيىنىشلىرى رەتلىك، پاكىز، كۆرۈنۈشى سالاپەتلىك ئىدى.

ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا كېرىم موللا ساتارنى تەڭكەش قىلىپ مۇقام ئېيتسا، ئاتاقلىق مۇقامچى شېرىپ بەگ داپ چېلىپ بېرەتتى، ئادالئېرىق كەنتىدىكى مۇقامچى ئەمەت ئاخۇنۇم تەمبۇر بىلەن،

يۇسۇپ ئاكا ياندىشىپ ساتار چېلىپ، ئەلنەغمە سورۇننى ئاجايىپ قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدۈرۈپ، جامائەتنىڭ ئالقىش ۋە ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولغان. كېرىم موللا ئۆزىنىڭ 98 يىللىق ھاياتىنىڭ 70 يىللىق ۋاقتىنى ئەل-جامائەتچىلىكنىڭ مۇقامچىلىق، ئەلنەغمىچىلىك ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان، مۇقامچىلارنى تەربىيىلىگەن ۋە يېتىشتۈرگەن: مەتقۇربان بەگ ساتارچى، يۇسۇپ ساتارچى، ئەمەت ئاخۇن ساتارچى، شېرىپ بەگ داپچى، ھەسەن تەمبۇرچى، ئەمەت (پەشناق) ساتارچى، مەمەت ئېلى (ئۆتەك) تەمبۇرچى قاتارلىق مەشھۇر مۇقامچىلار ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

كېرىم موللا 1953-يىلىدىن كېيىن كېرىيە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە تەكلىپ قىلىنىپ، مۇقامچىلىق ۋە ئەلنەغمىچىلىكنى يىلتىز تارتقۇزۇپ، خەلق مۇزىكىچىلىقى بويىچە سەنئەت يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەۋاتقان مەزگىلىدە، يەنى 1955-يىلى قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىگە، 1957-يىلى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئۇ 1970-يىلى ئۆز يۇرتى كېرىيەدە ۋاپات بولغان.

(رەتلىگۈچى: ئىبراھىمجان ئىمىن)

# ھەسەن تەمبۇر

(1873 — 1946)

ھەسەن تەمبۇر 1873-يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. غۇلجا شەھرىنىڭ « شەھەر ئىچى » مەھەللىسىدە ئولتۇراقلىشىپ، تېرە-تەسەك ئېلىپ-سېتىش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن.

غۇلجىدىكى نوپۇزلۇق خەلق سەنئەتچىلىرىدىن بولغان مەرھۇم ھېزىم موللا ئاكا ئۆزىنىڭ « ئىلى دەرياسى » ژۇرنىلى 1982-يىل 2-سانىدا ئېلان قىلغان بىر ئەسلىمىسىدە ھەسەن تەمبۇر ھەققىدە مۇنۇلارنى ئېيتقان: « ھەسسىنكام شەھەر ئىچىلىك ئادەم ئىدى. ئۆزى ئوتتۇرا بوي، چىنە چىراي، خۇش خۇي، ئىسسىق نەپەسلىك، ئاقكۆڭۈل كىشى بولۇپ، كونا يەرلىك ئادەم بولغانلىقتىن، ئىلىنىڭ كىلاسسىك چوڭ ناخشىلىرى بولسۇن، ئەر-ئايال ئۇسسۇل پەدىلىرى بولسۇن ۋە ياكى ئاياللارنىڭ قىسقا ئۇدارلىق ناخشىلىرى بولسۇن ھەممىسىنى دېگۈدەك ياخشى بىلەتتى. مۇزىكا جەھەتتە دۇتار، تەمبۇر چالاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكىدىكى ئالاھىدە تالانتى بىلەن خەلق ئىچىدە < ھەسەن تەمبۇر > دېگەن نام بىلەن شۆھرەت تاپقان. ئۇ ئامما ئېتىراپ قىلغان مەشھۇر ئۇستاز ئىدى. »

ئىلىدا مۇقامچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا ھەسەن تەمبۇرنىڭ قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى زور. ئۇ كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ (مۇھەممەت موللا) ئەڭ دەسلەپكى شاگىرتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە: كارۇشاڭ ئاخۇنۇم دەسلەپتە سورۇنلاردا مۇقام ئېيتقاندا،

ئاخۇنۇمنىڭ يېشى چوڭىيىپ قالغاچقا، ئاۋازى پەس بولۇپ، تازا تەسىر قوزغىيالمىغانىكەن. ھەسەن تەمبۇر كارۇشاڭ ئاخۇنۇمدىن ئۆگەنگەن ئاھاڭلىرىنى ياڭراق ئاۋاز بىلەن، يەرلىك ناخشىلارنىڭ پۇرىقىنى بېرىپ قايتا ئېيتقاندىن كېيىن، كارۇشاڭ ئاخۇنۇم ئېيتىپ يۈرگەن ئاھاڭلارغا تىڭشىغۇچىلارنىڭ باشقىدىن دىققىتى قوزغالغان.

ھەسەن تەمبۇر 30 - يىللىرى غۇلجىدا قۇرۇلغان سەنائىي نەفىسىنىڭ دەسلەپكى ئۇيۇشتۇرغۇچىسى ۋە مۇزىكا يېتەكچىلىرىنىڭ بىرى. شۇ يىللاردا ئىلى سەھنىلىرىدە ئوينالغان 40قا يېقىن سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە ئۇ مۇقام ۋە خەلق ئاھاڭلىرىنى سەپلىگەن ۋە يېڭى ئىجادىي ئاھاڭلارنى ئىشلەپ كىرگۈزگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ئۇ بەزى ئىجادىي ئاھاڭلارنى ئىشلەپ، ئۆزى دۇتار بىلەن چېلىپ، كوچا تەشۋىقات ئىشلىرىغا قاتناشقان. ھەسەن تەمبۇر روزى تەمبۇر باشلىق نۇرغۇن ياش تالانت ئىگىلىرىگە مۇقام ۋە باشقا خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگىتىپ، ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزگەن.

ھەسەن تەمبۇر 1946 - يىلى 73 يېشىدا غۇلجا شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

(رەتلىگۈچى: مەمتىمىن ھوشۇر)

# بارات تەمبۇر

(1875 — 1949)

بارات تەمبۇر 1875-يىلى قەشقەرنىڭ قوغان يېزىسىدا تۇغۇلغان. بالا ۋاقتىدا دادىسى تۆمۈر ئاخۇن ئۇنى ئىلىغا ئېلىپ چىقىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ «قارادۆڭ» مەھەللىسىگە ئورۇنلاشقان.

تۆمۈر ئاخۇن ئوغلى باراتنى دەسلەپتە ياغاچچىلىققا شاگىرت بەرگەن. بارات ئاخۇننىڭ بۇ ياغاچچى ئۇستىسى دۇتار، تەمبۇرلارنى ياساپ، رېمونت قىلىدىغان ھەم ئۆزىمۇ دۇتار چالىدىغان كىشى بولغاچقا، بارات ئاخۇن بۇ ئۇستىسىدىن دۇتار چېلىشنى ئۆگەنگەن. كېيىن تۆمۈر ئاخۇن ئۆز ئوغلىدىكى سازغا بولغان كۈچلۈك ھەۋەسنى بايقاپ، ئۇنى كارۇشاڭ ئاخۇنۇمغا شاگىرتلىققا بەرگەن. ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپنىڭ ئەسلىشىچە: ھەسەن تەمبۇرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بارات تەمبۇر كارۇشاڭ ئاخۇنۇم بىلەن 20 يىلغا يېقىن بىللە بولغان. ئۇ كارۇشاڭ ئاخۇنۇمدىن نۇرغۇن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن. دۇتار، تەمبۇر، ساتار، قالۇن، غىجەك، داپ قاتارلىق مۇزىكىلارنى چېلىشنى ئۆگەنگەن.

بارات تەمبۇرنىڭ ھازىر بار بولغان ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنىڭ ئەسلىشىچە: بارات ئاخۇن ئاق-سېرىق كەلگەن، ئوتتۇرا بوي ئادەم ئىدى. 42-يىللار ئەتراپىدا ئۇ غۇلجا شەھىرىنىڭ «شەھەر ئىچى» مەھەللىسىدىن جاي ئېلىپ، قارا دۆڭدىن كۆچۈپ كەلگەن. بىر مەزگىل موزدۇزلۇق كەسپى بىلەنمۇ

شۇغۇللانغان. كېيىن بازار ئىچىدە ۋاپۇرۇشلۇق دۇكان ئاچقان. بارات تەمبۇر ئائىلىسىنىڭ تۇرپانيۈزى يېزىسىدا ئازراق يەر-زېمىنمۇ بار ئىدى. بارات تەمبۇر ھەر يىلى يازدا تۇرپانيۈزى ۋە شۇ ئەتراپتىكى يېزىلارغا چىقىپ بۇرادەرلىرى بىلەن ئولتۇرۇش، مەشرەپلەردە ساز چالاتتى. بارات ئاخۇن ئەل ئىچىدە «بارات تەمبۇر» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان.

ئاتاقلىق مۇزىكانت روزى تەمبۇر بارات ئاخۇننى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى، دائىم يوقلاپ تۇراتتى. ئۇلار بىللە بولغاندا، مۇقام نەغمىلىرىنى بىرلىكتە ئورۇنلايتتى. بارات تەمبۇر 1949-يىلى غۇلجىنىڭ شەھەر ئىچى مەھەللىسىدە 74 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

(رەتلىگۈچى: مەتمىن ھوشۇر)



# جامى ئاكا

(1876 — 1959)

دىيارىمىزدىكى مەشھۇر مۇقامچىلارنىڭ بىرى بولغان جامى ئاكا 1876-يىلى يەركەنتتە تۇغۇلغان.

جامى ئاكىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى يەركەنت سۇ تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆتكەن داڭلىق سازەندىلەردىن ئىدى. بوۋىسى شاكىر ئاخۇن تەخمىنەن 1820-يىلى قەشقەرنىڭ خانىرىق دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ساتار، غىجەك، دۇتار، تەمبۇر قاتارلىق چالغۇلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىش بىلەن ئەل ئىچىدە تونۇلغان ۋە ئۆز ھۈنىرىنى ئوغلى زاكىر ئاخۇنغا ئۆگىتىپ، 1903-يىلى 83 يېشىدا يەركەنتتە ئالەمدىن ئۆتكەن.

جامى ئاكىنىڭ دادىسى زاكىر ئاخۇن 1845-يىلى يەركەنتتە تۇغۇلغان، ئۇ دادىسى شاكىر ئاخۇندىن قېتىرقىنىپ ساز ئۆگىنىپ، مۇزىكا چېلىشتىكى ماھارىتى بىلەن خەلق ئىچىدە داڭ چىقارغان. زاكىر ئاخۇن ئاتا-بوۋىلىرىدىن ئۆگەنگەن ساز چېلىش ھۈنىرىنى ئۆز ئائىلىسىدىكى ئوغۇل-قىزلىرىغا پىششىق ئۆگىتىپ، 1926-يىلى 87 يېشىدا يەركەنتتە ئالەمدىن ئۆتكەن.

جامى ئاكىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئائىلىسى دادىسى زاكىر ئاخۇننىڭ تەربىيىسىدە ھەقىقي سەنئەتكارلار ئائىلىسىگە ئايلانغان ئائىلە ئىدى. جامى ئاكىنىڭ ھەدىسى ئەسمىساخان (1873 — 1955)، سىڭلىسى دەناخان (1881 — 1946)لار دۇتار چېلىش بىلەن

داڭ چىقىرىپ، ئۆز زامانىسىدىكى ئاياللار سورۇنلىرىنىڭ گۈلىگە ئايلانغان جامى ئاكىنىڭ ئىنىسى ئۆمەرجان (1928 — 1884) مۇ ئۇستا دۇتارچى ۋە چاقچاقچى ئادەم ئىدى. بۇ قېرىنداشلار ئىچىدە، بولۇپمۇ جامى ئاكىنىڭ تالانتى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. جامى ئاكا دۇتار، تەمبۇر چېلىشتىكى ماھارىتى بىلەن ياش ۋاقتىدىلا يەركەت تەۋەسىدە تونۇلغان. 1921-يىللىرى ئەتراپىدا ئىلىغا ئۆتۈپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ «قارادۆڭ» مەھەللىسىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. جامى ئاكىنىڭ ئىلىدىكى پۈتۈن ئۆمرى ئەلنەغمىچىلىك بىلەن ئۆتكەن ۋە كاتتا ئىز قالدۇرغان.

ئىلىدىكى پېشقەدەم سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان مەرھۇم ھېزىم موللا «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1982-يىل 2-سانىدا ئېلان قىلغان بىر ئەسلىمىسىدە، جامى ئاكىنىڭ تەقى-تۇرقىنى: «جامى ئاكا دۈگلەكرەك كەلگەن، بۇغداي ئۆڭ، قارا كۆز، ئۆزىگە ياراشقان شالاڭ ساقاللىرى بار، ئوچۇق چىراي، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان كىشى ئىدى» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ھېزىم موللىنىڭ ئېيتىشىچە: جامى ئاكا سەككىز مۇقامنى داستان، مەرغۇللىرى بىلەن ئورۇندىيالايدىكەن. ئۇ ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن، يەنە بەزى بىلمىگەن يەرلىرىنى كارۇشاڭ ئاخۇنۇمدىن ئۆگىنىپ تولۇقلىغان. جامى ئاكا كۆپرەك مەسۇم توقۇم، مۇسا پاكا، نىياز ئاكا قاتارلىق ناخشا-سازچىلار بىلەن بىللە ساز چالغان. جامى ئاكا چاقچاقچى ئادەم بولۇپ، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى ماھارەت بىلەن چېلىشتىن سىرت، يەنە ئۆزى يەركەت تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن ئەجەم كورت، ئەشۋاي قاتارلىق پەدىلەرنى ئورۇنداپ، ئەينى يىللاردىكى ئىلىنىڭ توي-تۆكۈن، مەشرەپ، ئولتۇرۇشلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرغان.

جامى ئاكا ئەينى ۋاقىتتىكى ياش چالغۇچىلارغا كۆپ تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنى تەربىيىلىگەن سازەندىلەرنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە ھېزىم موللا يۇقىرىدىكى ئەسلىمىسىدە: «مەن 1930-يىللىرى

سۇ دەرۋازا مەھەللىسىدىكى باللارنىڭ مەشرەپلىرىدە بولغان چاغلىرىم دەل روزى تەمبۇرنىڭ بەزى مەرغۇللارنى جامىكامدىن ئۆگىنىۋاتقان ۋاقتى ئىكەن. روزى تەمبۇرنىڭ پۇرسەت تاپسىلا جامىكامدىن بەزى نەرسىلەرنى سوراپ يۇرگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. مەنمۇ دۇتار چېلىشتىكى قول ئۇرۇش قائىدىلىرىنى جامىكامدىن ئۆگەنگەنىدىم» دەپ يازىدۇ.

جامى ئاكا يالغۇز ياشلارنىلا تەربىيىلەپ قالماي، ئائىلىسىنىڭ سەنئەت ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆز باللىرىغا ساز كەسپىنى ئۆگىتىشكىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بولغان ھۆسەنجان جامى، ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق مۇزىكچىلار ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى داڭلىق مۇزىكانتلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

جامى ئاكا 1959-يىلى 83 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

# ئىسمايىل موللا

ئىسمايىل موللا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تېۋەت يېزىسىدىن بولۇپ، بۇنىڭدىن يۈز يىللار بۇرۇن ئۆتكەن (19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى) مەشھۇر مۇقامچى ئىدى. ئۇ ئەينى زاماندا قاراقاش تەۋەسىدىكى داڭلىق مۇقامچىلارنىڭ پىرى ئۇستازى سۈپىتىدە جامائەتكە تونۇلغان.

ئىسمايىل موللىنىڭ شاگىرتى توختى غوجا ئاكىنىڭ 80 نەچچە ياشلىق ئوغلى، ئاتاقلىق ناغرا-سۇنايچى ئىسمايىل ئاكىنىڭ دەللىلىشىچە: مۇقامچى ئىسمايىل موللا ياش ۋاقتىدىلا مۇزىكىغا ۋە مۇقامغا ئىشتىياق باغلاپ، يۇرت كېزىپ مۇقام پېشىۋالىرىنى زىيارەت قىلغان. يەكەن ھەم كىرىيىلىك ئاتاقلىق مۇقامچىلاردىن قالۇن، ساتار، تەمبۇر، غىجەك، بالمان، ناغرا-سۇناي قاتارلىق سازلارنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن ھەمدە مۇقامغا تەڭكەش قىلىپ چېلىشتا ئۆزگە خاس يېڭى پەللە ياراتقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇقام شاگىرتلىرىنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە تەربىيىسىدە ئىشان ئەندىك، توختى غوجا (1953-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، ئىبراھىم ئاقى ۋە ئىسمايىل ئاقى قاتارلىقلار خەلق ئارىسىدىن چىققان ئاتاقلىق مۇقامچى ۋە ئەلنەغمىچىلەردىن بولۇپ يېتىشكەن، جامائەتكە تونۇلغان مەشھۇر مۇقامچىلار ئىدى.

ئەپسۇسكى، بۇ مەشھۇر مۇقام پېشىۋاسىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى ئانچە ئېنىق ئەمەس.

(رەتلىگۈچى: ئىبراھىمجان ئىمىن)

# سېيىت نوچى

(1875 — 1923)

بىر ئەسىردىن بۇيان شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا نام-شەرىپى تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان ئاتاقلىق راۋابچى، قوشاقچى ۋە خەلق سۆيەر باتۇر سېيىت نوچى تەخمىنەن 1875-يىللىرى قەشقەر تۆمەن دەرياسى بويىدىكى خۇمدانچىلار مەھەللىسى كوزىچى يار بېشىدا قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

ئۇنىڭ دادىسى قاچا-قۇچا ياسايدىغان كوزىچى بولۇپ، سېيىت ئاخۇن بالا ۋاقتىدىلا ئالەمدىن ئۆتكەن. دادىسىدىن يېتىم قالغان سېيىت ئاخۇن بىر مەزگىل غۇربەتچىلىك ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇ كىچىككىدىنلا بەستلىك ۋە كۆچتۈڭگۈر بولغاچقا، ئانىسى ۋە ئىنىسى مۇھەممەتنى بېقىش ئۈچۈن، قەشقەرنىڭ ئاۋات بازارلىرىدىن بولغان تۆشۈك دەرۋازىسىدىكى بىر ناۋايخانىغا نىمكار بولۇپ كىرىپ ئىشلەيدۇ، بۇ ناۋايخانىدا ئەتىدىن-كەچكىچە خېمىر چەيلەپ، ئۇنىڭ ئىككى بىلىكى تېخىمۇ تاۋلىنىدۇ.

بۇ ناۋايخانىنىڭ يېنىدا بىر چايخانا بولۇپ، ئۇنىڭدىن داۋاملىق ناخشا-مۇزىكا ئاۋازى ياڭراپ تۇراتتى. ھەر تەرەپتىن كەلگەن داڭلىق راۋابچىلار بۇ چايخانىدا جەم بولۇشۇپ ئۆزئارا ماھارەت كۆرسىتەتتى. بۇ ھال سېيىت ئاخۇنغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ياش قەلبىدە مۇقام ۋە سازغا بولغان مۇھەببىتىنى ئويغىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چايخانىدىكى راۋابچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، راۋاب چېلىشنى

ئۆگىنىدۇ. باللىق ۋاقتىدىن تارتىپلا ئىرادىلىك ۋە جەسۇر تەبىئەتلىك بولۇپ ئۆسكەن سېيىت ئاخۇن تېز ئارىدىلا راۋاب چېلىشنى ئۆگىنىپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى قوشاققا قېتىپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا باشلايدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ ناۋايلىق تۇرمۇشىنى سۆرەتلەپ:

ئەگلەك بىلەن ئۇن تاسقاپ،
ئۆتمەكتە ئۆمۈر.
خېمىر چەيلەپ بىلەكلەر
بولۇپتۇ تۆمۈر.

دەپ ناخشا تۈزگەن.

سېيىت ئاخۇن 20 ياشلارغا كەلگەندە، خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ نامى چىقىشقا باشلايدۇ. چۈنكى ئۇ يوقسۇل پۇقرالارغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدىغان، ياۋاشنى بوزەك قىلمايدىغان، ياماندىن قورقمايدىغان باتۇر تەبىئەتلىك يىگىت بولۇپ ئۆسكەنىدى. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە چىرىك ئەمەلدارلارغا قارشى قۇرۇلغان خەلق تەشكىلاتى — «گېلاۋخۇي»-نىڭ شۆبىسى قەشقەردە قۇرۇلىدۇ. بۇ تەشكىلاتقا سېيىت ئاخۇن قىزغىنلىق بىلەن ئەزا بولۇپ قاتنىشىدۇ. بۇ تەشكىلاتقا قىساسكارلىق روھى كۈچلۈك بولغان شۇ زاماننىڭ كۆپىسى بار نوچىلىرى جەم بولغان بولۇپ، قەشقەردە ئۇلارنىڭ پائالىيىتى بىرمەزگىل تازا ئەۋج ئالىدۇ. سېيىت ئاخۇن بۇ سەپكە قېتىلغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى گېلاۋخۇيچىلارنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن بىرى بولغان يەكەنلىك مەشھۇر چامباشچى ھاشىم گېلاۋخۇي ① دىن چامباشلىق كۆپىسىنى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نامى ئەل ئارىسىغا يېيىلىپ، «سېيىت

---

①ھاشىم چامباشچى گېلاۋخۇيغا قاتناشقاچقا، خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ ئىسمى «ھاشىم گېلاۋخۇي» دەپ ئاتالغان.

گاڭگوڭ » (سېيت نوچى) دەپ ئاتىلدۇ. بۇ تەشكىلات شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ياش زىيالىلار ۋە ئۇنىڭ چېرىك ئەمەلدارلىرىغا قارشى ئالاھەزەل يەتتە يىل كۆرەش قىلدۇ.

بىراق، جاللات ياڭ زېڭشىڭ زور ھەربىي قوشۇن ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى گېلاۋخۇيچىلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇشقا كىرىشىدۇ. قەشقەرنىڭ پارىخور ئەمەلدارلىرى سېيت نوچىنىڭ ئۈستىدىن دادلاپ ماتىتەي① گە ئەرز-شىكايەت سۇنىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سېيت نوچى قەشقەردە تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، تەخمىنەن 1920-يىللىرى ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، قارا شەھەر، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە بىرمەزگىل سەرسانلىق-سەرگەردان بولۇپ ھايات كەچۈرۈپ، ئۆزىگە ئوخشاش نامراتلار بىللە بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرىغا چىقىپ كېتىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى تەنتەنە قىلىنىۋاتقان بۇ مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭى ئۆزگىرىشلەر سېيت نوچىنىڭ ئىدىيىسىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى ۋە مېھنەتكەشلەرنىڭ ئازادلىقىنى تەسۋىر-لەيدىغان « روسىيەدە ئاتقان تاڭ »، « دېھقانىنىڭ ئاھى »، « لېنىن يولى بىلەن »، « جەڭ قىلايلى خالايىق »، « شورا بىزنىڭ دوستىمىز » قاتارلىق كۆپلىگەن قوشاقلارنى تۈزۈپ راۋابىدا كۈيلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ تېزلا شۆھرەت تاپىدۇ.

سېيت نوچى تەخمىنەن 1923-يىلى ئۇچتۇرپان ئارقىلىق ئۆز ئېلىگە قايتىدۇ. ئۇ ئۇچتۇرپانغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى بۇرادەرلىرى بىلەن جەم بولۇپ، سوۋېت ئېلىدە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى زوق-شوق بىلەن سۆزلەپ، خەلقنى زۇلۇمغا قارشى تەشكىللەشكە باشلايدۇ.

---

① ماتىتەي 1911-يىلدىن 1923-يىلغىچە قەشقەردە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەربىي ئەمەلدار. ئەسلى ئىسمى مافۇشىڭ، « تىتەي » ئۇنىڭ مەنسەپ نامى.

ئۇنىڭ خۇش ناۋا راۋابىغا ۋە جەسۇر پالۋانلىقىغا قايىل بولغان ئۇچتۇرپان خەلقى سېيىت نوچىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلايدۇ. خەلق ئارىسىدا سېيىت نوچىنىڭ ئىناۋىتىنىڭ كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىدىن چۆچۈگەن ئۇچتۇرپاننىڭ ئامبىلى ماشاۋۇ ① ئۇنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. لېكىن سېيىت نوچىنى ئۇچتۇرپان خەلقى بەك چوڭ بىلگەچكە، ئۇنى بۇ جايدا يوقىتىۋېتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سېزىپ، ئۇنى باشقىچە يول بىلەن، يەنى ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلىتىپ ئۇجۇقتۇرماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھىيلىگەر تۈلكە سېيىت نوچىنى چاقىرتىپ: «ئانىڭىز قېرىپ قالدى، مەن ماتىنەيگە خەت يېزىپ بېرەي، ئۇ سىزگە ياردەم قىلىپ بىرەر ئەمەلگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئەگەر قەشقەردە تۇرۇشنى خالىسىڭىز، ئانىڭىزنى ئېلىپ ئۇچتۇرپانغا قايتىپ چىقىڭ. مەن سىزدەك نوچىغا موھتاج» دەيدۇ. ئانىسى ۋە ئۇكىسىنى ھەققەتەن سېغىنغان سېيىت نوچى ماشاۋۇنىڭ يامان غەرىزىنى سېزەلمەي قەشقەرگە قايتىشقا قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ ساۋاتسىز، نادانلىقىدىن پايدىلانغان ماشاۋۇ سېيىت نوچىنى قەشقەرگە بارغاندىن كېيىنلا دەرھال ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ھەققىدە ماتىنەيگە مەخپىي خەت يېزىپ، ئۇنى سېيىت نوچىنىڭ ئۆزى ئارقىلىق ئەۋەتىدۇ. (بىر ئەسىردىن بۇيان خەلق ئارىسىدا سېيىت نوچى ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئۆزى ئېلىپ بارغان دېگەن نەقىلنىڭ تارقىلىشى ئەنە شۇ سەۋەبتىن بولغان.)

شۇنىڭ بىلەن، تەخمىنەن 1923-يىلىنىڭ ئاخىرى بۇ داڭلىق راۋابچى، خەلق قوشاقچىسى ۋە جەسۇر پالۋان ماتىنەينىڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن قەشقەر مويتۇڭزىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. سېيىت نوچىنىڭ قەھرىمانلىق مەدھىيىسى بولغان «سېيىت نوچى» ناملىق

---

① ماشاۋۇ ئەسلىدە قەشقەرنىڭ دوتيىسى بولۇپ، كېلاۋخۇيچىلارنى باستۇرۇشتا داڭ چىقارغان. ئۇ قەشقەردىكى چېغىدىلا سېيىت نوچىنى تونۇيتتى.

داستاندىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغاندا، ئۆلۈمگە قىلچە پىسەنت قىلماي، مەردانە قىياپەت بىلەن مۇنداق ناخشا ئوقۇپ ماڭغانلىقى مەلۇم:

ھەي قەشقەرلىق، قەشقەرلىق،
مېنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.
مەندەك بولماي دېسەڭلار،
ھەرگىز نادان بولماڭلار.
نادانلىق ئېلىپ كەتتى،
يىگىتلىكتە باشىمنى.
مېنىڭدەك ئېلىپ كەتكەن،
ھاشىمدەك ئاداشىمنى.
خەتنى بىلمىگەن ئادەم
بېشىدا كېزەر ماتەم.
خەت بىلمەس نادانلارغا،
قاراڭغۇ ئىكەن ئالەم.①

ئۇنىڭ جاللاتلارنى مەسخىرە قىلىپ ئېيتقان:

مېنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات،
نا ئۇستاڭ يېقىن كەلمە.
سول كۆكسۈمنى چەنلەپ ئات،
جا ئۇستاڭ يېقىن كەلمە.②

دېگەن باتۇرلۇق قەسىدىسى خەلق ئاغزىدا ھازىرغىچە جاراڭلاپ كەلمەكتە.

---

①② «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى»، 1-كىتابتىن ئېلىندى.

# قاسىم ئەلنەغمە

(1877 — 1956)



قاسىم ئاخۇن 1877-يىلى قەشقەردە كەسپىي ئەلنەغمىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. قاسىم ئاكىنىڭ بوۋىسى ئوسمان ساتار بالا چېغىدىن تارتىپ دادىسى ۋە ئاكىلىرى نەغمە قىلغان سورۇندا ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئۇنىڭ شوخ ۋە رېتىملىق ئۇسسۇلىغا قاراپ، كىشىلەر چاقچاق قىلىپ ئۇنى «ئوسمان سەتەڭ» دەپ ئاتاشقان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئائىلە كىشىلىرىگە «سەتەڭ» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغان.

قاسىم ئاخۇن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئۆز ئائىلىسىدىكىلەردىن داپ، ساتار، تەمبۇر، قالۇن، غىجەك، دۇتار، راۋابقىچە بولغان ھەرخىل سازلارنى چېلىشنى ھەمدە تاغىسى ھاشىم داپتىن ساز قوراللىرىنى ياساشنى ئۆگەنگەن. كېيىنكى چاغلاردا ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆي-ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن، ئاساسەن

سازەندىلىك بىلەن ھايات كەچۈرگەن. يىللار ئۆتۈپ ئاتاقلىق مۇزىكانتلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىنى قەشقەردە قاسىم ئەلنەغمە، خۇدابەردى كولدۇرۇك، بەكرى تورۇمتاي دېگەن ئەلنەغمىچىلەر ئىگىلىگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇقام مۇزىكىلىرى، ئەلنەغمە مۇزىكىلىرى ۋە خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداشتا قاسىم ئەلنەغمە ئالاھىدە ماھىر بولغاچقا، ئۇ قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مۇقامچى، ئەلنەغمىچى سۈپىتىدە كاتتا شۆھرەت قازانغان.

قاسىم ئەلنەغمىنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى شۇكى، مەيلى مۇقام، مەيلى ئەلنەغمە مۇزىكىلىرى بولسۇن، ئۇ قەدىمكى مۇقام ئۇسلۇبىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ ئېيتقان مۇقام ۋە باشقا ناخشا ئاھاڭلىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بولۇپ، جەلپ قىلارلىقى ناھايىتى كۈچلۈك.

كېيىن ئۇ يەكەنگە تەكلىپ قىلىنىپ، بىرقانچە يىل يەكەندە ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يەكەندە ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلغان (1935-يىلى) مەزگىلدە، بىر مەزگىل يەكەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ سەنائىي نەفىسە ئۆمىكىدە مۇزىكا ئۇستازى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1940-يىللاردا ئۇ قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ باغچا كوچىسىدىكى ئۆيىدە ياشايدۇ. بۇ يىللار شېڭ شىسەينىڭ قانلىق تېررورلۇقى ئەۋج ئالغان يىللار بولۇپ، توي-تۆكۈن، نەغمە-ناۋالار ئازىيىپ، ئەلنەغمە پائالىيەتلىرى چەكلەنگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن قاسىم ئەلنەغمە خېلى بىر مەزگىل ئەلنەغمىچىلىكنى تاشلاپ، مۇزىكا ئەسۋابى ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كېيىن ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، سەنائىي نەفىسە مەسئۇلى ئابلىز شاھ قاسىم قەشقەردە تۇنجى قېتىم «غېرىب-سەنەم» درامىسىنى ئوينىغاندا، ئەمەت شاھ ھاجىم بىللە سەنائىي نەفىسە ئۆمىكىگە تەكلىپ قىلىنىدۇ.

1950 - يىلى مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا باشچىلىقىدا ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش، لېنتىغا ئېلىش ئىشى باشلىنىدۇ. بۇ چاغدا قاسىم ئەلنەغمە ئون ئىككى مۇقامدىكى بەزى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشتا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. مۇشۇ جەرياندا ئۈرۈمچىگە ئىككى قېتىم كېلىپ رەتلەنگەن، لېنتىغا ئېلىنغان مۇقاملارنى كۆزدىن كەچۈرۈش، تولۇقلاش خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاپتونوم رايوندىكى رەھبەرلەر، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ۋە جايلاردىكى مۇقامچىلار بىلەن تونۇشىدۇ. قاسىم ئەلنەغمە 1956 - يىلى 79 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

قاسىم ئەلنەغمىنىڭ 60 يىلدىن ئارتۇق ھاياتى مۇقام ئېيتىش ۋە ئەلنەغمىچىلىك بىلەن ئۆتكەن.

(رەتلىگۈچى شېرىپ خۇشتار)



# سېيىت ساتارچى

(1878 — 1954)

سېيىت ساتارچى 1878-يىللىرى ئاتۇش ئازاق يېزا ئىشتاچى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىلا مۇشۇ يۇرتتىكى داستانچى قارىكام (تەخمىنەن 1858 — 1938-يىللىرى) دېگەن داڭلىق ئەلنەغمىچىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ساتار ۋە دۇتار چېلىشنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن. ھەرقانداق مەشرەپ سورۇنلىرىدا ھەمىشە ئۇستازى بىلەن بىللە بولۇپ، ئاستا-ئاستا مۇقام نەغمىلىرىنى، بولۇپمۇ ئون ئىككى مۇقامنىڭ داستان قىسمىنى پۇختا ئىگىلىگەن.

سېيىت ساتارچى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ساتار چېلىش ۋە مۇقام داستانلىرىنى ئېيتىشتا كامالەتكە يېتىپ، ئۇستازى قارىكامدىن ئېشىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن «سېيىت ساتارچى»، «سېيىت مۇقامچى»، «سېيىت ئەلنەغمە» دېگەن ئاتاقلار بىلەن ئۇنىڭ نامى ئەتراپقا تارالغان.

سېيىت ساتارچى يالغۇز ئاتۇش تەۋەسىدىلا داڭ چىقىرىپ قالماستىن، قەشقەر تەۋەلىكىدىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇقامچى ۋە سازەندە بولۇپ تونۇلغان. شۇڭا ئۇ قەشقەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ مەشرەپ ۋە بەزمە پائالىيەتلىرىگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنىپ تۇرغان.

سېيىت ساتارچى ئۆز ئۆمرىدە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن. شۇ دەۋرلەردە ئاتۇش ئازاق يېزا تىجەن كەنتى

« ئۇلۇغ هويلا » مەھەللىسىدە قاسىم ئاخۇن قاتارلىق بىر بۆلۈك مۇقام ھەۋەسكارلىرى بولۇپ، ئۇلار سېيىت ساتارچىنى ئۇستازلىققا تەكلىپ قىلغان. سېيىت مۇقامچى ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تىجەنگە كېلىپ، ئۇلارغا مۇقام ئۆگەتكەن. نەتىجىدە تىجەندە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى بىرقەدەر تولۇق ۋە سىستېمىلىق ئوقۇيالايدىغان شاگىرتلار يېتىشىپ چىققان.

سېيىت ساتارچى ئاغۇ يېزىسىغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ھەرقايسى كەنتلەردىن توپلانغان مۇھەممەت تالىپ، قونام تالىپ، روزام خاكى، ئەشرەپ، دايىم ساتىراش قاتارلىق مۇقامچىلارغا ئۇستاز بولۇپ، ئۇلارغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن.

سېيىت ساتارچى ئۆز ئۆمرىدە يەنە بىرمۇنچىلىغان يېڭى ناخشىلارنى ئىجاد قىلىپ خەلق ئىچىگە تارقاتقان. مەسىلەن: « يا دوست » ، « يارەي » ، « قارا كۆز » ، « ئۆلۈم » قاتارلىق ناخشىلار خەلق ناخشىلىرىغا ئايلىنىپ، ھازىرغىچە خەلق ئاغزىدا جاراڭلاپ كەلمەكتە.

سېيىت ساتارچى ئاتۇشنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تارىخىدا بىر ئۆمۈر ـ ئون ئىككى مۇقام.. بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە ئاتۇش خەلقى بىردەك ئېتىراپ قىلغان مەشھۇر مۇقامچىدۇر. ئۇ بولۇپمۇ مۇقام داستانلىرىنى ئېيتىش، تولۇقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتلەردە ئۆچمەس خىزمەت كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

سېيىت ساتارچى 1954 - يىلى 76 - يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

(رەتلىگۈچى: ئابلەت ئاۋامسلىم)

# مامۇت زەيدىل

(1878 — 1987)

مەشھۇر دولان مۇقامچىسى ۋە يېتىشكەن سازەندە مامۇت زەيدىل ئاۋات ناھىيە ئايىاغ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى دولان كەنتىدە 1878 - يىلى سازەندە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ بالىلىق ھاياتىنى ئائىلىسىدە ئۆتكۈزۈپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇزىكىغا ئىشتىياق باغلاپ، دەسلەپكى قەدەمدە بەزى مۇزىكىلارنى چېلىشنى ئۆگىنىۋالغان. كېيىنچە تۆۋەنكى دولاندا ياشاپ ئۆتكەن توختى راۋابقا شاگىرت بولۇپ، ئۇنىڭدىن دولان راۋابى، غىجەك، ساتار، دۇتار، قەشقەر راۋابى، داپ قاتارلىق سازلارنى چېلىشنى تولۇق ئۆگىنىپلا قالماستىن، يەنە دولان مۇقاملىرىنى تولۇق ئىگىلەپ، ئەلنەغمىچىلىك بىلەن داڭ چىقارغان.

ئۇ يەنە شاگىرت تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، تۆۋەنكى دولاندىن مەتنىياز راۋاب (1915 — 1985)، ئىمانىياز راۋاب (1890 — 1970) ۋە مەشھۇر دولان راۋابچىسى مەمتاۋلا راۋاب، مامۇت ئەلنەغمە (1920 — 1978) ھەمدە ئۇغۇللىرىدىن ئاۋۇت مامۇت، ئابدۇكېرىم مامۇت قاتارلىقلارغا دولان مۇقاملىرى ۋە مۇزىكىلىرىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق مۇقامچىلىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققان.

مامۇت زەيدىل 1943 - يىلى غوروچۆلنىڭ خاڭگۈك دىگەن يېرىگە كۆچۈپ بېرىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە غوروچۆلدىكى

ئەلنەغمىچىلەر بىلەن بىرلىكتە دولان يۇرتلىرىدىكى توي-تۆكۈن، مەشرەپلەردە ساز چېلىش ۋە مۇقام ئېيتىش بىلەن ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن.

ئۇ 1987-يىلى 109 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

(رەتلىگۈچى: مۇھەممەت ئوسمان)



# مۇھەممەت دولان

مۇھەممەت دولاننىڭ ئەجدادى مەكىتلىك بولۇپ، ئۆزى تەخمىنەن 1880 - يىللىرى ئەتراپىدا ئۈرۈمچىنىڭ كازىۋەن دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بوۋىسى ئۇستا غىجەكچى بولۇپ، كازىۋەن بىلەن مىچۈەن ئارىلىقىدىكى 40 ئائىلىلىكلەر كەنتى (سىشىخۇ)دە دېھقانچىلىق قىلغان.

ئۇنىڭ ئائىلە جەمەتى ۋە ئەجدادلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەلگە تونۇلغان غىجەكچىلىرى بولۇپ، دولان مەشرەپ مۇقاملىرىغا كامىللىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. مۇھەممەت دولان بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپ ئەنە شۇنداق قويۇق سەنئەت مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان. 18 — 20 ياش مەزگىللىرىدە ئۈرۈمچى دائىرىسىدىكى داڭلىق غىجەكچى بولۇپ تونۇلغان. ئۇ ناخشا-مۇزىكىدا تېخىمۇ يۇكسىلىش ئۈچۈن، ئەسلى يۇرتى مەكىتكە بېرىپ، ئۇ يەردىكى داڭلىق دولان مۇقامچىلىرى ئارىسىدا بىر-ئىككى يىل تۇرۇپ، ئۇلاردىن دولان مۇقاملىرىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، يەنە كازىۋەنگە قايتىپ كەلگەن.

تەخمىنەن 1903-يىللىرى ئەتراپىدا ئۇ باقى راۋاب، ئابدۇللا سۇناي، ئىبراھىم باخشى قاتارلىقلار بىلەن ئەلنەغمە گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللىنىپ ئۈرۈمچى ۋە مىچۈەن رايونلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن توي-تۆكۈن، ھېيت-ئايەم، باراۋەت كۈنلىرى غىجەك بىلەن مۇقام ئورۇنداپ خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇ يەنە خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مۇقام كۈيلىرىدىن چىنچاڭ، شاڭشى، يۆجوي، ئەرخاڭ، خېنەن باڭزا قاتارلىق يەرلىك كۈيلىرىنىمۇ غىجەك بىلەن قالتىس چالاتتى، شۇڭلاشقا ئۈرۈمچى خەلقى ئۇنى مۇھەممەت ئەرخاڭ دەپمۇ ئاتىغان.

# تۇردى ئاخۇن ئاكا

(1881 — 1956)



مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا 1881-يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بولاقسۇ يېزىسىدا نەچچە ئەجدادىدىن تارتىپ ئەلنەغمىچىلىك بىلەن ياشاپ كەلگەن مۇقامچىلار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى تەۋەككۈل ئاخۇن ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق نەغمىچىسى ۋە مۇقامچىسى بولۇپ، قەشقەردى-كى مەدرىستە ئوقۇۋاتقان چاغلى-رىدا مۇقامچى ئاكا-ئۇكا ھېلىم ئاخۇن، سېلىم ئاخۇن، موللاخۇن مۇقام، سېتىۋالدى قاتارلىق مۇقام ئۇستىلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۆز ئارا بىر-بىرىدىن ئۆگەنگەن. بىراق تەۋەككۈل ئاخۇن جاھالەتلىك كونا جەمئىيەتتە ئىززەت-ئېتىبار تاپالماي، ساتارىنى ھەمراھ قىلىپ خارلىق ۋە سەرسانلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرگەن. ئۇ ياشاش يولى ئىزدەپ، ئائىلىسى بىلەن يېڭىسار ناھىيىسىگە كۆچۈپ بېرىپ لاۋا دېگەن كەنتكە ئورۇنلىشىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە

نەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، 88 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.
تەۋەككۇل ئاخۇن ئىككى ئوغلى ئىمىن ئاخۇن بىلەن تۇردى ئاخۇننى بالا ۋاقتىدىن باشلاپ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيلىگەن ھەمدە ئۆزىگە ئەگەشتۇرۇپ ئەلنەغمە سورۇنلىرىغا قاتناشتۇرغان ۋە ئون ئىككى مۇقامنى سىستېمىلىق ئۆگەتكەن. ئۇلار 15-16 ياشلارغا كىرگەندىن باشلاپ، ئاتا-بالا ئۈچەيلەن بىر ئەلنەغمە گۇرۇپپىسى بولۇپ ئويۇشۇپ، نەغمىچىلىك بىلەن ھايات كەچۈرگەن. تەۋەككۇل ئاخۇننىڭ ئۇستاز بولۇپ تەربىيلىشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشى نەتىجىسىدە ئىمىن ئاخۇن بىلەن تۇردى ئاخۇن پەزىلەتلىك، خۇش چاقچاق، ئېغىر بېسىق، چىقىشقاق مۇقامچىلاردىن بولۇپ يېتىلدى.
ئۇلار دادىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن دادىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ مۇقامچىلىق ۋە نەغمىچىلىك بىلەن ھايات كەچۈردى.
تۇردى ئاخۇننىڭ ھال-ئوقىتى بىرئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن ئۆي-ئوچاقلىق بولدى. تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بىرىنچى ئىغلى ھوشۇر ئاخۇنمۇ مۇقام داپچىسى بولۇپ يېتىشتى. ئۇلار بىر گۇرۇپپا بولۇپ يېڭسااردا ئون نەچچە يىل ئەلنەغمىچىلىك قىلغاندىن كېيىن، 1930-يىللىرى ئەتراپىدا يەكەنگە بېرىپ ئۆز كەسپىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ جەرياندا مۇقام يۇرتى — يەكەندىكى كۆپلىگەن داڭلىق مۇقامچىلار بىلەن تونۇشتى. ئۇلار ئون ئىككى مۇقامنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە ئۆزئارا ماھارەت كۆرسىتىشىپ، بىر-بىرىدىن ئۆگىنىدى. يەكەندىكى مۇقامچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۇردى ئاخۇن ئاكىغا قايىل بولۇپ «ئۇستاز» دەپ ھۆرمەتلەيدۇ. بۇ چاغلاردا ئۇ خوتەن چىرىيىدىن كەلگەن مۇقامچى سۇلايمان ئاخۇن بىلەن تونۇشىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئون ئىككى مۇقامنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىدۇ، كەم جايلىرىنى تولۇقلايدۇ. داڭلىق مۇقامچى ھېسابلانغان سۇلايمان ئاكىمۇ «سىلەر ئاكا-ئۇكا ئىككىڭلارنىڭ مۇقامچىلىق ماھارىتىڭلار يۇقىرى ئىكەن، مۇقامنى سىلەردىن ئۆگىنىش كېرەك ئىكەن» دەپ ئۇلارغا قول قويىدۇ.

ئۇلار بىر مەزگىل يەكەندە تۇرغاندىن كېيىن، قاغىلىق ناھىيىسىگە بېرىپ يەرلىشىپ قالىدۇ. قاغىلىق خەلقى ئۇلارنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ.

1945 - يىللىرى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرى بىلەن «تاشقۇرغان ئىنقىلابى» پارتلاپ، ئىنقىلابچىلار قاغىلىقنى ئىگىلەيدۇ. «بېتىم» نىڭ روھى بويىچە ئۇلار قاغىلىقتىن قايتقاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «ئىلى ئوغرىلىرىنى قارشى ئېلىپ ساز چالدىڭ» دېگەن باھانە بىلەن يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۆچلەرنى قۇترىتىپ ئاكىسى ئىمىن ئاخۇننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. تۇردى ئاخۇن ئاكىنى بولسا قاغىلىق ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن قامايدۇ. بىراق بۇ مۇقامچىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان قاغىلىق خەلقى بىرلىشىپ ساقچى باشلىقىغا نۇرغۇن پارا بېرىپ، تۇردى ئاخۇن ئاكىنى قاماقتىن ئېلىپ چىقىدۇ.

1946 - يىلى ئۆلكە رەئىسى جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى ۋە قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىقلار «ئون ئىككى بېتىم» نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەندە، ئۇلارغا بېرىلگەن زىياپەتتە مۇزىكا چالدۇرۇش ئۈچۈن تۇردى ئاخۇن ئاكىنى چاقىرتىدۇ. بۇ بەزمىدە تۇردى ئاخۇن ئاكا ئىجرا قىلغان مۇقام نەغمىسىنى ئاڭلىغان ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار ئۇنىڭ ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، تۇردى ئاخۇن ئاكىغا ھۆرمەت تونى كىيگۈزىدۇ.

تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ كىچىك ئوغلى قاۋۇل ئاخۇنمۇ دادىسىنىڭ تەربىيىسى بىلەن قالۇن، چاڭ چېلىشنى ئۆگىنىپ چىقىپ كۆزگە كۆرۈنىدۇ.

تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بوۋىسى قاۋۇل ئاخۇن ئاكا (ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئەجدادلىرى نامەلۇم) دىن تارتىپ ھازىر شىنجاڭ «مۇقام ئانسامبلى» دا ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىۋاتقان كىچىك ئوغلى قاۋۇل ئاخۇنغىچە نەچچە ئەجداد - ئەۋلادلار ئۆمۈر بويى مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئۆزۈلمەس دولقۇندەك زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلىشىدە ئۆچمەس تۆھپە

قوشقان ئەل سۆيەر مۇقام ئۇستازلىرىدۇر.

ناۋادا يەركەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر مۇقام ئۇستازلىرى قىدىرخان يەركەندى بىلەن مەلىكە ئامانىنسالار ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەپ، يۇرۇشلەشتۈرۈپ ئۇيغۇر مۇقام تارىخىدا ئۆچمەس خىزمەت كۆرسەتتى دېيىلسە، ئۇ چاغدا تۇردى ئاخۇن ئاكىنى ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئون ئىككى مۇقامنى قۇتقۇزۇپ قالغۇچى ۋە زامانىمىزغا يەتكۈزۈپ بەرگۈچى بىردىنبىر سەنئەت ئەربابى دېيىشكە بولىدۇ.

دەرۋەقە، تۇردى ئاخۇن ئاكا ئون ئىككى مۇقامنى چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپلىرى بويىچە ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ ساپ ساقلىغان پېشقەدەم نامايەندە ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ئاممىسىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ يېڭى ھاياتى باشلاندى. تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بىر ئۆمۈر كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ-ئارمانلىرىمۇ ئەمەلگە ئاشتى.

1950-يىلى 8-، 9-ئايلاردا ئۈرۈمچىدە ئون ئىككى مۇقام ۋە بىر قىسىم خەلق ناخشىلىرى تۇنجى قېتىم سىمغا ئېلىندى. بۇ ئەھمىيەتلىك ئىشقا پېشقەدەم مۇقامچى تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن، داستانچى روزى تەمبۇر، داڭلىق مۇزىكانت ۋە مۇقامچى زىكرى ئەلپاتتا، ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايۇۋ ھەمدە مۇزىكشۇناس ۋەنتوڭشۇ قاتارلىقلار قاتناشتى.

1955-يىلى ئون ئىككى مۇقام قايتىدىن تەپسىلىي لېنتىغا ۋە پلاستىنكىغا ئېلىندى. بۇ قېتىمقى لېنتىغا ئېلىشتا پېشقەدەم مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ساتار بىلەن ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق تېكىستلىرى بويىچە ئوقۇپ چىقىشى، ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن ئاكىنىڭ داپ چېلىپ بېرىشى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى مۇقام تارىخىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك خىزمەت دېيىشكە بولىدۇ.

تۇردى ئاخۇن ئاكا يەتكۈزۈپ بەرگەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ نوتىسى 1956-يىلى مەركىزىي مۇزىكا نەشرىياتى بىلەن مىللەتلەر

نەشرىياتى تەرىپىدىن رەسمىي ئىككى توملۇق كىتاب قىلىپ نەشر قىلىندى، تېكىستلىرى بولسا ئايرىم كىتاب بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئون ئىككى مۇقامنىڭ خەلقئارا نوتىغا ئېلىنىشى مۇقامنى يېڭى تارىخىي دەۋرگە ئېلىپ كىردى، مۇقام ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈردى، مۇقامنى سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزگە خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. بۇ خىزمەتلەردە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان تۇردى ئاخۇن ئاكا خەلقنىڭ مۇقام بايلىقلىرىنى خەلققە يەتكۈزۈش ئارزۇسىغا ئېرىشتى. مۇرات-مەقسىتىگە يەتكەن تۇردى ئاخۇن ئاكا 1956-يىلى 6-ئاينىڭ 8-كۈنى قەشقەر شەھىرىدە 75 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق بۇ قەدىمكى مۇقام ماكانىدا 50 نەچچە يىل مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. 1952-يىلدىن باشلاپ يەكەن ۋە قەشقەر سەنئەت ئۆمەكلىرىدە خىزمەت قىلغان مەزگىللىرىدە «باھارىم چىمەنزارىم» قاتارلىق 30 نەچچە ناخشىسىنى خەلققە سوۋغا قىلدى، «ھەممە دېھقانلار بىر ئائىلە»، «دوستلۇق» قاتارلىق يېڭى نەغمىلەرنى ئىجاد قىلدى. ئەڭ مۇھىمى 365 ئاھاڭ، 2526 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان ئون ئىككى مۇقامنى مېڭىسىگە قاچىلاپ ساقلاپ ۋە ئۇنى ساتارىغا تەڭكەش قىلىپ يادقا ئوقۇپ، جامائەتچىلىكنى ھەيران قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالدى. بۇ تۆھپىلىرى بىلەن خەلقىمىز ئارىسىدا يۈكسەك ئىناۋەتكە ئىگە بولغان تۇردى ئاخۇن ئاكا 1954-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان.

(رەتلىگۈچى: ئا. راخمان، ئېلى ئېزىز)

# شاھ ساۋۇت

(1930 — 1880)

شاھ ساۋۇت خوتەن كىرىيىلىك بولۇپ، 1980-يىلى ئوقۇمۇشلۇق دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالغاندىن كېيىن، بەزى تەركىدۇنيا كىشىلەرنىڭ پاناھىدا مازارلاردا يېتىپ-قوپۇپ، خەير-ساخاۋەت ھېسابىغا جان باقىدۇ، بالىلىق ھاياتى دەرۋىشلىك بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇ، بۇ جەرياندا ناخشا، مۇقام ئۆگىنىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە جاھان كېزىپ يۈرگەن دەرۋىشلەر ياش ساۋۇتنى ناخشا-مۇقام سەردارى مەنىسىدە «شاھ ساۋۇت» دەپ ئاتايدۇ.

شاھ ساۋۇت ئۆزىنى پاناھىغا ئالغان دەرۋىشلەرگە ئەگىشىپ خوتەندىن يېڭىسارغا كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇ ساتار چېلىپ مۇقام ئېيتىدىغان بىر ياش قىزغا «ئاشىق» بولۇپ قالىدۇ ھەمدە دەرۋىشلەردىن ئايرىلىپ، شۇ قىزنىڭ ئائىلىسىدە ئىشلەمچى بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ قىزدىن ساتار چېلىشنى، مۇقام ئېيتىشنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆز مۇھەببىتىنى ئۇ قىزغا ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ. بىر يىلى ئۇ ئايالى بىلەن قەشقەرگە ئافاق خوجا سەيلىسىگە كېلىدۇ. سەيلە كۈنلىرى ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ مۇقامچىلىرى بىرقېتىملىق مۇقام، مۇزىكا ئورۇنداش سورۇنىدا شاھ ساۋۇت ئورۇندىغان مۇزىكا، مۇقاملارنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق مۇقامچىسى توختىيار قالۇن شاھ

ساۋۇتنىڭ تالانتىنى بايقاپ، ئۇنى قەشقەردە ئېلىپ قالدۇ. كېيىن شاھ ساۋۇتمۇ قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ،توختىيار قالۇندىن مۇقام ۋە مۇزىكا ئۆگىنىدۇ. 1920-يىللاردا توختىيار قالۇن ۋاپات بولىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن شاھ ساۋۇت قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق مۇقامچىسى بولۇپ قالىدۇ.

شاھ ساۋۇت مۇقام مۇزىكىلىرىنى كۆپىنچە ھال پەدىگە چالىدىغان، ئۇنىڭغا خەلق ۋە ئۆزىنىڭ دەرد-ئەلەملىرىنى سىڭدۈرۈپ مۇقامنىڭ سېھرىي كۈچىنى كۆرسىتەلەيدىغان مۇقامچى ئىدى. شۇنداقلا تېكىست تاللاشقا بەكلا ئەھمىيەت بېرەتتى.

شاھ ساۋۇت تۆت ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنت كۆرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مۇقامچىلىق، سېھىركىچلىك، قورچاق ئويۇنى (ئۇيغۇرلاردا قورچاق ئويۇنى بىلەن رىۋايەتلەر، تارىخىي ۋەقەلەر، كۈلكىلىك ئىشلار، ھەرخىل ئىتوتلار ئوينىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن قالغان قورچاق تىياتىرچىلىقى، قورچاق ئويا ئويۇنى قاتارلىقلار 1949-يىلدىن كېيىن ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن ئۈزۈلۈپ قالغان). تاكا ئويۇنى قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللانغان خەلق سەنئەتكارلىرى ئىدى.

شاھ ساۋۇت 30-يىللاردا ئالەمدىن ئۆتكەن. بەزى پەرزەنتلىرى بىر مەزگىل ئاتا ئىزىنى باسقان بولسىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتتا ھەرخىل چەكلىمىلەر بىلەن سەنئەت ھاياتىدىن ئايرىلىپ، خىلمۇ خىل ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ تىرىكچىلىك قىلغان. بەزىلىرى ھېلىمۇ بىر-بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇيغۇر سېھىركىچلىكى ۋە سېھىرگەرلىك ھۈنىرى بىلەن شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقلىرى ئارىسىدا نام-شۆھرەتكە ئېرىشمەكتە.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)

# ماڭسۇر شەيخ

ماڭسۇر شەيخ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق پىسەن دېگەن يېزىدا 1883-يىللاردا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى قادىر قۇل بەگ 1886-يىلى ئائىلىسى بىلەن مەكىت ناھىيىسىگە كۆچۈپ بېرىپ، بازارغا يېقىن ئىزناپ ئۆستەڭ بويىدىن يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغان.

قادىر قۇل بەگ مۇزىكا خۇمار ئادەم ئىدى. ئۇ يېڭى ئاچقان يېرىدە دېھقانچىلىق قىلىش بىلەن بىللە (بۇ يەردە 1949-يىلغىچە «قادىر قۇل دۆڭلىكى» دېگەن بىرمو يەر ئورنىدا بىر دۆڭلۈك ۋە بىر ۋاب باغ بار ئىدى) بەزىدە ئۆز يېرىدىكى ئەنە شۇ دۆڭگە چىقىپ مۇقام ئوقۇپ، سۇناي چېلىپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى خۇشال ئۆتكۈزىدۇ. سۇناي ئاۋازى ۋە مۇقام ساداسىدىن زوقلانغان بازار خەلقى بارا-بارا بۇ يەرگە چىقىپ باغ سەيلىسى قىلىپ سۇناي، مۇقام ئاڭلايدىغان بولىدۇ. بۇ مەزگىللەردە ئوغلى ماڭسۇر تېخى ئون ياش ئەتراپىدا بولۇپ، دادىسىغا ئەگىشىپ سۇناي چېلىشنى ئۆگىنىۋاتقان چاغلار ئىدى.

قادىر قۇل بەگ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ماڭسۇر ئائىلىسىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ ئاتىسىدىن قالغان ھېلىقى يەر-زېمىنى «يەر خېتى يوق ئىكەن» دېگەن باھانە بىلەن ھۆكۈمەت مۈلكى قىلىۋېلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ماڭسۇر يەنە مەكىتنىڭ بېلىقچى دېگەن يېرىگە كۆچۈپ بېرىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مۇشۇ جەرياندا

دولان توققۇز مۇقامنى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېتىلگەن مۇقام سۇنايچىسى بولۇپ قالىدۇ.

ئۇ ئۇيغۇرلارغا مىڭ يىلدىن بۇيان ئادەت بولۇپ كېلىۋاتقان «ئوردام سەيلىسى» مەزگىللىرىدە بۇ يەرگە جەم بولغان ئاتاقلىق سۇنايچىلار بىلەن تونۇشىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئۆگىنىدۇ. كېيىن ئۇ مەكىت خەلقىگە تونۇلۇپ، بازار ئىچىگە كۆچۈپ كېلىپ 1933 - يىللارغىچە مۇقامغا سۇناي چېلىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. شۇ يىلى ماجۇڭيىڭ قىسمىدىكى چولاق زىيخۇي مەكىتنى ئىشغال قىلىپ ئۇيغۇرلاردىن ئەسكەر تۇتىدۇ. ماگسۇرنىڭ كۈچتۈڭگۈرلىكى ۋە خەلق ئىچىدىكى ئابرويىدىن ئەنسىرىگەن ماجۇڭيى پەرەس يۇرت ئاقساقاللىرى (ماگسۇر شۇ زامانلاردا پۈتۈن مەكىت بويىچە داڭلىق چېلىشچى ئىدى) ئۇنى مەجبۇرىي ماجۇڭيىغا ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بېرىدۇ. ماگسۇر ئەسكەرلىكتىن قېچىپ، تارىمغا يېقىن قۇمقسار، جەرەنپادا دېگەن چۆللەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ ۋە بۇ يەردە بىر ئايالغا ئۆيلىنىدۇ. 1939 - يىلى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى دەۋر سۈرگەن مەزگىللەردە شەھەرگە قايتىپ كېلىپ، دېھقانچىلىق قىلغاچ مۇقام ئېيتىش، ھېكايە، جەڭنامە سۆزلەش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ماگسۇر ئۆز ھاياتىدا سۇنىينى كۆتۈرۈپ «ئوردام سەيلىسى»گە 70 قېتىمدىن كۆپرەك بېرىپ، ئۇ يەرنى تاۋاپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، جامائەت ئۇنى «ئوردام»نىڭ كونا شەيخلىرىگە ئوخشاش كۆرۈپ «ماگسۇر شەيخ» دەپ ئاتىشىدۇ.

ماگسۇر شەيخ ئۆمرىدە سۇناي بىلەن مۇقام چېلىشنى 70 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشتۇرغان كىشى بولۇپ، مۇقام ئاھاڭلىرىغا سۇناينى تەڭكەش قىلىپ چېلىشتا ئۆز دەۋرىدىكى كاتتا مۇزىكانتلارنىڭ ئالدى ئىدى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «سۇنايچى ماگسۇر شەيخ» دەپ ئاتىشاتتى. ئازادلىقتىن كېيىن ماگسۇر شەيخ سۇنايچىلىق، مۇقام ئېيتىش، داستانچىلىق تالانتى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، ناھىيىلىك، ۋىلايەتلىك ۋە

ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت كۆرەكلرىگە قاتنشدۇ. ئۇ 70 ياشتىن ئاشقان مەزگىلدە مەملىكەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، سۇناي بىلەن يۇقىرى ماھارەت كۆرسىتىپ، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىدۇ.

ماخسۇر شەيخ ئۇزۇن يىللىق ئەمگىكى بەدىلىگە ناھىيىلىك 1-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ھەيئەتلىكىگە سايلىنىدۇ ۋە كېيىنكى ۋاقىتتا كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرىدۇ.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)



# ئەمەت قالتىس

(1884 — 1978)

ئەمەت قالتىس قومۇل خەلقى ئارىسىدا خېلى چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە ئەلنەغمىچىنىڭ بىرى.

ئەمەت قالتىسنىڭ فامىلىسى روزى بولۇپ، قومۇل راۋابىنى چېلىشتا ئالاھىدە ماھارەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا «قالتىس» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغان.

ئەمەت قالتىس 1884 - يىلى قومۇل لاپچۇقتا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى روزى شاڭيۇ (يەنە بىر ئىسمى روزى ياغاچ) دېگەن كىشى ئىدى. ئەمەت قالتىس ياشلىق مەزگىللىرىدە موزدۇزلۇق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. بوش ۋاقىتلىرىدا خەلق ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتىگە ئىشتىياق باغلاپ ناخشا ئېيتىش، ساز چېلىشتا ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلغان. ھەر خىل توي، مەشرەپ سورۇنلىرىدا پېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ، قومۇل ئون ئىككى مۇقامىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. بولۇپمۇ بۇ جەرياندا ئۇنىڭغا قۇربان توكۇر (قۇربان كەكلىك)، ھەسەن كەكلىك قاتارلىق مەشھۇر خەلق مۇقامچىلىرىنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرى چوڭقۇر بولغان. ئەمەت قالتىس ئۇلاردىن دۇتار، تەمبۇر، قومۇل غىجەكى، قومۇل راۋابى قاتارلىق چالغۇلارنى چېلىشنىڭ ئاساسىي ماھارەتلىرىنى ئىگىلىۋالغان. بولۇپمۇ قومۇل راۋابىنى چېلىشتا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تولغان ماھارىتىنى نامايان قىلغان. قومۇل راۋابى

كۆپ تارىلىق، پەدىسىز، چېلىشتا يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان خۇش ئاۋازلىق چالغۇ بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا قۇربان كەكلىك ۋە ھەسەن كەكلىكلەردىن قالسا ئەمەت قالتىس، پەششەپ ئاقبەكلەرلا قۇمۇل راۋابىنىڭ سېھىرلىك كۈچىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىپادە قىلالايتتى.

1936-يىلى قۇمۇلدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قارىمىقىدا ئۇيغۇر سەنئىتى نەفسە قۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەمەت قالتىس مەشھۇر خەلق ئەلنەغمىچىلىرىدىن تالىپ خېتىپ، پايىك سوپاخۇن، ئاق ئىبراھىم، نەمەت بوسۇق قاتارلىقلار بىللە سەنئىتى نەفسىگە قاتنىشىپ تاكى 1949-يىلغىچە قۇمۇلنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت ھەم ئاقارتىش ئىشلىرىدا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. 1949-يىلى 10-ئاينىڭ 13-كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسىملىرى قۇمۇلغا يېتىپ چىقىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش يولىدىكى سىياسىي تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرىدۇ. 1949-يىلى 10-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئەمەت قالتىسمۇ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ تەشۋىقات ئەترىتىگە قاتنىشىپ، قۇمۇل، پىچان، تۇرپان، ئۈرۈمچىلەردە بىر يىل تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئازادلىق تېڭىنى كۈتۈۋالىدۇ. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئەمەت قالتىس ئۈرۈمچى ھەربىي رايون سىياسىي باشقارمىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ۋە قۇمۇل شەھەر ئىچى بازارلىق سەنئەت ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا سەنئەت يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

ئەمەت قالتىس مۇقامنى قالتىس سۆيىدىغان ۋە ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ئىشق باغلىغان كىشى ئىدى. توي-تۆكۈن، مەشرەپلەر، باراۋەتلەر ئۇنىڭ ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىدىغان سورۇنلار ئىدى. 1963-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر مۇزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ ماسلىششى بىلەن قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تۇنجى ئون ئالغۇ خاتىرىسى

ئىشلەنگەندە، ئەمەت قالتىس مەشھۇر ئەلنەغمىچى مۇقامچىلاردىن مەرھۇم مەڭلىك ئۇستا، ئاقپاشا، ئاخۇنبەگ، سەيدۇللا ھەمدۇللا، سالى تۆمۈر، تالىپ خېتىپ، ئەسەت مۇختار، باسىت رەمنىياز قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىر قاتاردا بۇ خىزمەتكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، قۇمۇل خەلقىنىڭ سەنئەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك گۆھەر قۇمۇل ئۇن ئىككى مۇقامىنى ساقلاپ قېلىشتا مۇھىم تۆھپە قوشقان.

ئەمەت قالتىس 1978-يىل 28-ئاۋغۇست 94 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئەمەت قالتىسنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىنى خەلق سەنئىتىگە بېغىشلاشتەك ئالىيجاناب روھىنى خەلقىمىز ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ.

(رەتلىگۈچى: ئېلى ئىسمايىل، مەمەت ئېلى)



# خەلچە بانۇخانىم ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى

(1890 — 1937)

خەلچە بانۇ خانىم قەشقەر تۆرەيارباغ مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ھايات كەچۈرگەن. ئانىسى، ئاچىلىرى بىر ئۆمۈر قەشقەردە ئاياللار نەغمىچىسى بولۇپ، توي-تۆكۈن ۋە ئاياللار ئولتۇرۇشلىرىدا مۇقام ئېيتىپ، نەغمە قىلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ شۆھرەت قازانغان.

خەلچە بانۇ 30-يىللارنىڭ ئاخىرىدا 50 ياشلاردىن ئاشقان، ئېگىز بويلۇق، زىلۋا، تەققى-تۇرقى كېلىشكەن، سۇلكەت-سۇباتلىق، مىجەزى ئوچۇق، مېھماندوست ئايال ئىدى. كىشىلەر ئۇنى خەلچە بانۇ خانىم دەپمۇ ئاتايتتى.

خەلچە بانۇ تەخمىنەن 1890-يىللىرى تۇغۇلغان. سارى پىيپەك، خەلچە «دىڭ-دىڭ» (بۇ ئايال شوخ ئۇسسۇلچى بولغانلىقى ئۈچۈن «دىڭ-دىڭ» دەپ ئاتالغان)، ھاشى «كوممۇنىست» (بۇ ئايال 1924-يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن قايتىپ كەلگەن. ئۇ زامانىۋى كىيىنىدىغان، يۈزى ئوچۇق يۈرىدىغان ۋە سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر تەرىپىدىن «كوممۇنىست» دەپ ئاتالغان) قاتارلىقلار بىلەن بىر گۇرۇپپا ئەلنەغمىچىلەر ئىدى.

خەلچە بانۇ ساتار، تەمبۇر، دۇتار، راۋاب قاتارلىق سازلارنىڭ ئۇستىسى، داڭلىق ئۇسسۇلچى ھەم مۇقامچى بولۇپ، سارى پىيپەك

تەمبۇرچى، راۋابچى ھەم ناخشچى ئىدى. خەلچە «دىڭ-دىڭ» بولسا مۇشۇ گۇرۇپپىنىڭ ئۇسسۇلچىسى بولۇپ، ھاشى «كومۇنىست» يېڭى زامان ناخشچىسى، ئۇسسۇلچىسى، چاقچاقچىسى ۋە قىزىقچىسى ئىدى.

ئۇلار قەشقەردىكى ئاياللار بەزمىلىرى، توي-تۆكۈن، يۈز ئاچقۇ، چاچقوشاق ئولتۇرۇشلىرىغا دائىم تەكلىپ قىلىناتتى، ئۇ يەردە نەغمە قىلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، مۇقام ئېيتىپ، ئولتۇرۇش ئەھلىگە خۇشاللىق بېغىشلايتتى.

خەلچە بانۇ مۇزىكىغا كامىل، خۇش نەپەس، خەلقنىڭ كوچا ناخشىلىرىنى تاۋلاپ قېلىپلاشتۇرۇشقا ماھىر مۇقامچى ئايال ئىدى. ئۇ ھەرقانداق ناخشىنى باشلاشتىن ئىلگىرى تەمبۇر ياكى ساتارغا تەڭكەش قىلىپ، بىر-ئىككى مۇقام ئېيتىپ ئۇلۇغلار-ئۇستازلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇمايتتى. خەلچە بانۇ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇيغۇر كىلاسسىك ناخشىلىرى، نەچچە ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئاياللار ناخشىلىرىنى ئالاھىدە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن توپلاپ، رەتلەپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنى دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ كەلگۈچىلەر ئىدى. شۇنداقلا ئۇلار قېلىپلاشتۇرغان يېڭى زامان ناخشىلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

1937-يىللىرى ماخۇسەن باندىتلىرى قەشقەردە بۇلاڭ-تالانچىلىق قىلدۇ ھەمدە خەلچە بانۇ ۋە ئۇنىڭ ئىككى دوستىنى تۇتتۇۋېلىپ ئاياغ ئاستى قىلماقچى بولغاندا، ئۇلار قەتئىي قارشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن چاناپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدۇ.

خەلچە بانۇ خانىمدىن كېيىن قەشقەردە دولڭ-دولڭ پاشا، پايىز پاشا قاتارلىق ئايال ئەلنەغمىچىلەر ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسقان.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)

# ئەمەت سۇناي

ئەمەت سۇناي 79 ياشلىق ھاياتىدا 54 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سۇناي بىلەن مۇقام چېلىپ جامائەتچىلىككە تونۇلغان ۋە يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتى بىلەن خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان مۇقامچىلاردىن بىرى.

ئەمەت سۇناي تەخمىنەن 1890-يىللىرى قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇنىڭ دادىسى ھېيتكا جامەسىنىڭ جارۇپى ۋە بۇ جامەنىڭ پەشتىقىدا يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت مۇقامغا سۇناي چېلىپ ئۆتكەن ئەلنەغمىچى بولۇپ، 1910-يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئەمەت سۇناي دادىسىدىن ۋە دادىسىنىڭ يېقىن دوستى ئەمەت باللىخان دېگەن خانىېرىقلىق مەشھۇر سۇنايچىدىن سۇناي ئۆگەنگەن ۋە ئۇزاق يىل مەشىق قىلىش ئارقىلىق پىشىپ يېتىلگەن. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قەشقەر ھېيتكا جامەسىنىڭ سۇنايچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان. ئۇ مەشھۇر ناغرىچى ھاپىز باخشىنىڭ يېتەكلىشىدە سۇنايدىكى ھەرخىل ئۆزگىرىشلەرنى تولۇق ئىگىلەپ كامالەتكە يەتكەن. ھاپىز باخشى 80 نەچچە يېشىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن سىيلىشتۇرۇش، تاللاش ئارقىلىق مەشھۇر راۋابچى، مۇقامچى روزى باشى ناغرىچى بولۇپ تاللىندۇ. ئەمەت سۇناي شۇنىڭدىن كېيىن روزى باشى بىلەن 1933-يىلغىچە ناغرىغا سۇناي چالدۇ. روزى باشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شاگىرتى مويدىنخان ناغرىچى بىللە سۇناي چالدۇ. ئەمەت سۇناي 54 يىلدىن ئارتۇق سۇنايچىلىق جەريانىدا پۇۋدەشتىن زورۇقۇپ ئىككى كۆزى ئەما

بولۇپ قالدۇ ۋە دوۋسۇن كېسەللىكىگە گىرىپتار بولىدۇ. لېكىن ئۇ شۇنداق ھالەتتىمۇ سۇناي ۋە مۇقامدىن مېھرىنى ئۈزمەي، باشقىلارنىڭ يېتىلىشى بىلەن ھېيتكانىڭ ئېگىز پەشتىقىغا چىقىپ سۇناي چېلىشنى بىر ئۆمۈر داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئەمەت سۇناي قەشقەردىكى مۇقامچىلار ۋە مۇزىكىچىلار ئارىسىدا مۇقامنى سۇناي بىلەن ئورۇنداشتا ئاجايىپ ماھارەتلىك كىشى بولۇپ، مۇقام مۇزىكىلىرىنى ساماغا ئۈزلەشتۈرۈپ ئورۇنداشتا ھەرقايسى نازۇك ئۆزگىرىشلەرنى ماھىرلىق بىلەن يەتكەپ، نەچچە مىڭلىغان ساما ئۇسسۇلى ئوينىغۇچىلارنىڭ خۇددى بىركىشىدەك رىتىملىق ھەرىكەت قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە سەنئەتكار ئىدى.

ئەمەت سۇنايىنىڭ سۇنايچىلىق ماھارىتى ھەققىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقلىق بىر ئاپتور «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىنىڭ 45-يىلى سېنتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنغان «قەشقەردە ھېيت» ناملىق بىرپارچە ماقالىسىدە مۇنۇلارنى يېزىپ قالدۇرغان: «ھېيتگا جامەسى قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ جامە بولۇپ، قەشقەرگە كەلگەن كىشىلەرنىڭ دىققەت-نەزەرىنى ئۆزىگە تارتماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ كۆن چىقىش تەرەپكە ئېچىلغان چوڭ دەرۋازىسى، پەشتىقى، چوڭ گۈمبىزى، ئىككى تەرەپتىكى ئاسمانغا بوي تالاشقان چىرايلىق مۇنارلىرى شەھەرگە ئالاھىدە تۈس بېرىپ تۇرىدۇ. بەلكى شەھەرگە تۈس بېرىپلا قالماستىن، ھەر يىللىق ھېيت-بايرام كۈنلىرىدە خەلقنىڭ ھايات كۆڭۈللىرىنى ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئەنئەنىۋى ناغرا-سۇناي مۇقاملىرى بىلەن شادلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ يىل بويى تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىك ئۆتمۈشلىرىنى ئۇنتۇشقا خىزمەت قىلىدۇ. بۇ يەردىن ئىبادەتكوي كىشلەر 30 كۈن رامىزان بويى ناغرا-سۇناي مۇقاملىرىنى ئاڭلاپ، تۈن يېرىمىدا قوپۇپ ئاللاغا بولغان ئىلتىجالىرىنى ناغرا-سۇنايىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىغا قوشۇپ، ئۆز ئاھلىرىنى ئاللاغا يەتكۈزىدۇ. ھېيت كۈنلىرى يۈز مىڭلىغان ساما سالغۇچى، كۆرگۈچىلەر

ناغرا-سۇناي، مۇقام ساداسىدىن ھۇزۇر ئېلىپ، كۆڭۈل شادلىقىغا ئېرىشىدۇ. يىراق-يېقىندىكى قېرى-ياش، ئەر-ئاياللار بولسا ناغرا-سۇناي مۇڭىغا زوقلىنىپ «ھەق»، «ھەق» دېيىشىپ، تارىخىي مىراس ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىن ھۇزۇر ئالىدۇ.

ئېھ! ... بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ ھەيۋەتلىك پەشتىقىدا ئولتۇرۇپ، يۈز مىڭلىغان كىشىلەرگە زوق-شوق بېغىشلاپ، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق جاپالىق ئىسسىق ئەمگەك بەدىلىگە كەلگەن مۇقاملىرىنى جاراڭلىق ۋە مۇڭلۇق ياڭرىتىپ ئۆزلىرىنىڭ ناغرا-سۇناي ماھىرلىقى بىلەن ئۆز خەلقىگە تەقدىم قىلىۋاتقان كىشىلەر! ... ئۇلار كىم؟! ئۇلار كۇسى ئىسكەندەر زامانىنىڭ دۇمبىقى شاتۇرلىرىمۇ؟ رىۋايەتلەردىكى مۇڭلۇق سازى بىلەن كىشىلەرنى بەنت-سەرخۇش بىھوش قىلغۇچى شەپشەكى جادۇمۇ؟ ئۇلار قانچە ئەسىرلەپ، قانچە يىللاپ ئادەم روھىنىڭ ئوزۇقى بولغان مۇزىكا سەنئىتى بىلەن كىشىلەرگە روھىي ئوزۇق، بەخت بەخش ئېتىپ كېلىۋاتىدىغاندۇ؟ مەن ئۇلارنى سورىدۇم. بىلدىم. ئۇ نەچچە ئەجداد ئۇيغۇر مۇقامىنى ساقلاپ، ئەۋلاد-تىن-ئەۋلادقا يەتكۈزگەن، يەنى خەلقىنىڭ شادلىقىغا، ھۆرىيەتكە، مەدەنىيەتكە ئىنتىلىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەما ۋە گېرىچ (دوۋسۇن چىقىپ كېتىش) كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشىغا قارىماي، جەڭ قىلىپ كەلگەن مەدەنىيەت-سەنئەت جەڭچىسى ئەمەت ئاكا سۇناي ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئۇزۇن يىللار، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن زامانىدىن بۇيان ئۇيغۇر ئەجدادلىرى چېلىپ كەلگەن دۇمبىقى شاھ تاتۇر (ناغرا)نى مۇقام پەدىلىرىگە تەڭكەش قىلىپ، ھېلى زىل، ھېلى بوم ناغرىنى رېتىملىق ئۇرۇۋاتقان ئاددىيغىنە باققال يىگىت — مۆيدىن خان ئىكەن. مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈم. ئەمەت ئاكا يۈزلىرىمنى ئىككى قولى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، بىرقانچە ئەۋلاد سۇناي بىلەن مۇقام چېلىپ ئۆتكەن ئائىلىسى ۋە تۇرمۇشى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى ۋە ئۆزىنىڭ ئاخىرقى نەپسىگىچە ئۇيغۇر ناۋاسىنى

ياڭرىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قاراپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ شەخس ۋە مەدەنىيەت ۋارىسلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ يىراق كەلگۈسىگە نەزەر سالدىم-دە، ئەمەت ئاكىنىڭ قولىنى تۇتۇپ: 〈كۆپ ياشاڭ، ئۇيغۇر ناۋاسىنى جاھانغا ياڭرىتىڭ〉 دېدىم.»

خاتىمە: «مەن بۇ ماقالەمنى ئەمەت ئاكىنىڭ زىل ۋە ئۆسەك ئاۋازدا چالغان مۇڭلۇق مۇقامى، مۇيدىنخاننىڭ تەڭكەش قىلغان ناغرا ساداسى يۈرەك تارىلىرىمنى تىترىتىپ، غايىبى تۇيغۇلار بەخش ئېتىۋاتقان، يەنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يىراق كەلگۈسى ئۈچۈن يېڭى تۇيغۇلار پەيدا بولۇۋاتقان مۇھىم دەقىقىلەر ئىچىدە يازدىم، بەلكى ماقالەم بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئۇلۇغ سەنئەتكارلىرىغا، بارلىق خوش ناۋا بۇلبۇللىرىغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدىم.»

ئەمەت ئاكا ئەنە شۇنداق ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىدى.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)

# ئايۇپ راۋاب

(1891 — 1993)

دولان دىيارىدىكى داڭلىق دولان مۇقامچىسى ئايۇپ راۋاب 1891-يىلى هازىرقى ئاقسۇ شەهىرىگە قاراشلىق قارىتال يېزىسىنىڭ قاراقاش كەنتىدە تۇغۇلغان.

ئۇ كىچىك چېغىدىلا ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قىلىپ، دولان دەريا ۋادىسىدىكى بىپايان جاڭگاللىقلاردا بايلارنىڭ قوي-كالا پادىلىرىنى بېقىشتەك جاپالىق دالا تۇرمۇشىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، دالىدىكى دولانلىقلارنىڭ خەلق مەشرەپلىرىگە قىزغىن قاتناشقان ۋە بۇ مەشرەپتىكى تۇرلۇك مەشرەپ ئويۇنلىرى بىلەن دولان مۇقاملىرىنى ھېرىسمەنلىك بىلەن ئۆگەنگەن. ئۆزى ياسىۋالغان ئاددىيغىنە دولان راۋابىنى كىچە-كۇندۇز، قىش ۋە ياز چېلىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن داڭلىق دولان مۇقامچىسى بولۇپ يېتىشكەن. ئۇنىڭ دولان مۇقاملىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىش ۋە مەشرەپ ئاهاڭلىرىغا نەغمە قىلىش ماهارىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭسىز دولان دىيارىدا توي-تۆكۈن ۋە ھەرخىل بەزمە-مەشرەپلەر قىزىمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دولان دەرياسى بويىدىكى خەلق ئۇنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيتتى.

ئۇ، 1955-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتكارلىرى كۆرىكىگە قاتنىشىپ، ئۆز ماهارىتىنى كۆرسىتىپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

مەشھۇر دولان مۇقامچىسى ئايۇپ راۋاب ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر

ھاياتىنى خەلق مەشرەپلىرى ۋە سەنئەت تخۇمار دولانلىقلار ئارىسىدا ئۆتكۈزۈپ، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان توپلىغان دولان مۇقاملىرىغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىيال، مۇزىكا ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى دەۋرىمىزگە تولۇقى بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىپ، 1993-يىلى ئاپرېل، 102 يېشىدا ئۆز يېزىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

(رەتلىگۈچى: تۇنىياز مەتنىياز)

# مۇسا موغال

مۇسا موغال ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۇل دولان مەھەللىسىدىن بولۇپ، 1891 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئەسلىدە مارالبېشى، مەكىت، يوپۇرغا ناھىيىلىرىنىڭ تۇتىشىدىغان جايىدىكى «موغال» دەپ ئاتىلىدىغان يۇرتلۇق بولغاچقا، يۇرت نامى بۇ ئائىلىگە لەقەم بولۇپ قالغان.

مۇسا موغال ئائىلىسى بىر نەچچە ئەۋلادتىن تارتىپ ئەلنەغمىچىلىك ۋە مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەل - يۇرت ئارىسىدا يۇقىرى شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەيسا موغال (تەخمىنەن 1943 — 1859)، چوڭ دادىسى نايۇپخان موغال (تەخمىنەن 1909 — 1829)، بوۋىسى ئايۇپ موغال (تەخمىنەن 1883 — 1801)، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىلاخۇن موغال (تەخمىنەن 1856 — 1771) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر ئۆمۈر ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، دولان يۇرتىدا نامى مەشھۇر بولغان بۇ بىر قانچە ئەۋلاد مۇقامچىلار بىر - بىرىنىڭ ئىزىنى، بېسىپ دولان مۇقاملىرىنىڭ تارقىلىشى ۋە ساقلىنىشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

مۇسا موغال ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن شاگىرت تەربىيىلىگەن. ئوغلى ئابدۇقادىر مۇساغا مۇقام ۋە دولان ئۇسسۇلىنى ئۆگەتكەن. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرقانچىسى ئىقتىدارلىق مۇقامچىلار بولۇپ يېتىشىپ، ھازىرغىچە سەنئەت ساھەسىدە ئىشلەپ كەلمەكتە.

(رەتلىگۈچى: مۇھەممەت ئوسمان)

# ئاۋۇت ئەلنەغمە ۋە داۋۇت راۋاب

خەلق ئەلنەغمىچىسى ئاۋۇت ئاخۇن راۋاب 1896-يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى توققۇزاق رايون تېتىر يېزىسىدا سازەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئاۋۇت ئاخۇن كىچىكىدىن تارتىپ دادىسى داۋۇت ئاخۇننىڭ تەربىيىسىدە 15 يېشىدىلا راۋاب چېلىش ۋە قوشاقچىلىق بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن. ئۇ دادىسى داۋۇت ئاخۇن بىلەن 40 يىلدىن كۆپرەك ئەلنەغمىچىلىك قىلىش جەريانىدا خەلق داستانلىرىدىن «غېرىب-سە-نەم»، «يۈسۈپ-ئەخمەت»، «ھۆرلىقا-ھەمراجان»، «رابى-يە-سەئىدىن»، «سېيىت نوچى»، «ئابدۇراخمان خان غوجا» قاتارلىق خەلق داستانلىرىنى ئىجرا قىلالايدىغان ھالەتكە يەتكەندە، دادىسى داۋۇت ئەلنەغمە (1936-يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئاۋۇت ئاخۇن دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، مارالبېشى، خوتەن، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەرنى ئۆزىنىڭ پائالىيەت مەيدانى قىلىپ، بىر تەرەپتىن، خەلق داستانلىرىنى ئاساس قىلغان ئەلنەغمىچىلىكنى داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ يەرلەردىكى سازەن-دە-مۇقامچىلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەن. ئۇ خوتەن قارا قاراش ناھىيىسىدىن «ئات قىسسەسى» قاتارلىق ھەجۋى قىسسەلەرنى ئۆگىنىپ، ئۇنى مۇقام ئاھاڭىغا سېلىپ كۆپ سورۇنلاردا ئىجرا قىلغان ۋە تارقاتقان. شۇنىڭدەك ماتتەينىڭ زالىملىقىنى پاش قىلىدىغان ھەجۋى قوشاقلىرى ئارقىلىق زالىملارنى، جەمئىيەتتىكى ھەرخىل

ناچار ئۇللەتلەرنى پاش قىلىپ، ساپ مۇھەببەتنى، ساداقەتلىكنى بىر ئۆمۈر كۆيلىگەن ھەمدە ئوغلى داۋۇتنى كىچىكىدىن باشلاپلا يۇقىرى تەلەپچانلىق بىلەن تەربىيىلىگەن.

1955-يىلى ياش داۋۇت ئاۋۇت شىنجاڭ بويىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئىتى كۆرىكىگە قاتنىشىپ جامائەتنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان ھەمدە شۇ يىلى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن 6-قېتىملىق خەلقارا سەنئەت فېستىۋالىدا راۋاب چېلىپ ماھارەت كۆرسىتىپ ۋەتەنگە، مىللەتكە شان-شەرەپ كەلتۈرگەن. 1955-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، داۋۇت ئاۋۇت دادىسىدىن مىراس قالغان راۋابىنى قورال قىلىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن، مۇقامنى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە تولۇق ئىجرا قىلالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 300 دىن ئارتۇق خەلق مۇزىكا، ناخشىلىرىنى راۋاب بىلەن ئورۇنداشنى پۇختا ئىگىلىگەن، جۈملىدىن «مېنىڭ راۋابىم»، «كونا تاشۋاي» ۋە «گۈندىپاي» قاتارلىق داڭلىق مۇزىكىلارنى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئورۇنلاپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا «داۋۇت راۋاب» دېگەن نام بىلەن يۈكسەك شۆھرەتكە ئېرىشكەن.

ئۇ 1982-يىلى ئامېرىكىغا بارغاندا «راك تەزە مەرغۇلى»، «چارىگاھ تەزە مەرغۇلى»، «ئۇششاق نۇسخا مەرغۇلى»، «چەببىيات تەزە مەرغۇلى»، ۋە «غېرىب-سەنەم» نىڭ بىرنەچچە ناخشىلىرىنى راۋاب بىلەن ئورۇنداپ چەت ئەللىك دوستلارنىڭ يۇقىرى ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئامېرىكا گېزىتلىرىدە داۋۇت ئاۋۇت ھەققىدە مەخسۇس ئوبزور يېزىلىپ، ئۇنىڭ مۇزىكا ماھارىتىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىلدى.

خەلق ئەلنەغمىچىسى ئاۋۇت ئاخۇن ئاكىنىڭ تۇجۇپىلەپ يېتىشتۈرگەن بۇ كۆچىتى ئۆزىنىڭ مول ۋە شېرىن مېۋىلىرى بىلەن ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ شۆھرىتىنى دۇنياغا نامايان قىلىپ خەلقىمىزنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

(رەتلىگۈچى: ئېلى ئېزىز)

# تاھىر ئاخۇن ساتار

(1896 — 1956)

ئاقسۇ دىيارىدىكى مەشھۇر خەلق مۇقامچىسى تاھىر ئاخۇن 1896-يىلى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يۇرىچى يېزىسىدا ئوقۇمۇشلۇق مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى مۇزىكىغا ھېرىسمەن سەنئەتخۇمار ئادەم ئىدى. ئۇ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ مۇقامچىلىق ۋە ئەلنەغمىچىلىك كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كەلپىن خەلقى ئارىسىدا ئالاھىدە شان-شۆھرەتكە ئىگە بولغان ۋە خەلق سۆيگەن سەنئەتكار سۈپىتىدە داڭ چىقارغان.

تاھىر ئاخۇن كىچىك چېغىدىن باشلاپلا دادىسى ۋە ئۆز تەۋەسىدىكى باشقا خەلق ئەلنەغمىچىلىرىدىن ئون ئىككى مۇقام مۇزىكىلىرى ۋە يەرلىك خەلق مەشرەپلىرىدىكى خەلق ئەلنەغمىلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەن. ئۇ كېيىنكى چاغلاردا ساتار، تەمبۇر، راۋاب، دولان غىجەكى، قالۇن قاتارلىق ئۇيغۇر چالغۇلىرىنى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن چالالايدىغان ۋە بۇ خىل چالغۇلار بىلەن مەيلى ئون ئىككى مۇقام مۇزىكىلىرى بولسۇن، مەيلى دولان مەشرىپى ۋە يەرلىك خەلق مەشرەپلىرى بولسۇن، ئۇلارنى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئورۇندىيالايدىغان، نەغمە قىلالايدىغان ماھارەتنى يېتىشتۈرگەن.

تاھىر ئاخۇن ساتارچى كامالەتكە يەتكەن خەلق مۇقامچىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ماھىر خەلق قوشاقچىسى. ئۇنىڭ قوشاقلىرى

يېنىك، كۆپ خىل ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، تولىمۇ ئاممىباپ. تاھىر ئاخۇن ساتارچى 1956 - يىلى 60 يېشىدا كەلپىن ناھىيىسىدە ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىزى ئاسىم تاھىر، ئوغلى پەرھاد تاھىرلار ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاقسۇ سەھنىلىرىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، خەلق سۆيگەن سەنئەتكارلاردىن بولۇپ كەلمەكتە.

(رەتلىگۈچى: تۇنىياز مەتنىياز)



# ھېلىخان بەگ

(1956 — 1896)

ھېلىمخان بەگ قەشقەر پاختەكلە يېزىسىدا 1896-يىلى بىر نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ كىشىلەرنىڭ قوينى بېقىپ، شاللىق يېرىگە قاراپ بېرىپ، تولىمۇ غۇربەتچىلىكتە ئۆسكەن.

ھېلىخان بەگ ئۆزى بىلەن يادا باقىدىغان قۇربان مالچى دېگەن ئادەمدىن سۇناي چېلىشنى ئۆگەنگەن. كېيىنرەك قاقۇللا دېگەن يېزىغا جۇۋاز ھەيدەشكە بېرىپ، خۇدا بەردى ساتار دېگەن كىشىدىن ساتار چېلىشنى ۋە ساتار چېلىپ مۇقام ئېيتىشنى ئۆگەنگەن. شۇ مەزگىللەردە پاختەكلىلىك ئەمەت ھاجىم دېگەن باي توي قىلىدۇ. بۇ تويغا تەكلىپ قىلىنغان ئەلنەغمىچىلەر نەغمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىخان بەگ تەكلىپ بويىچە ساتارنى قولىغا ئېلىپ، ساتار بىلەن مۇقام پەدىلىرىنى ئورۇندايدۇ. ئۇنىڭ ساتار چېلىشتىكى ماھارىتى بىردىنلا ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، باشقا سازەندىلەرمۇ ھەيران قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ نامى چىقىپ، يۇرت ئەھلى ھېلىخان بەگكە ياردەم قىلىپ، بىر دانە ساتار ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى يۇرتنىڭ سازەندىسى قىلىۋالىدۇ.

1938-يىلى مەشھۇر دېموكراتىك زات ئابدۇكېرىم خان مەخسۇم قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت ۋالىيسى بولغان مەزگىلدە، پاختەكلە يېزىسىدا چوڭ بىر ئۆلۈم دېلوسى يۈز بېرىدۇ. يالغان گۇۋاھچىلارنىڭ ئاقنى قارا قىلىشى بىلەن، ئىككى يۈزبېشى ئارىسىدا يۈز بەرگەن

بۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلىش قىيىن بولىدۇ. شۇ پەيتتە، ھېلىخان بەگ جامائەت ئارىسىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزى كۆرگەن ھەقىقىي ئەھۋالنى مەردانىلىق بىلەن ئاشكارىلاپ دەۋانى بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن جامائەت ۋە ۋالىي ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قايىل بولۇپ، ئۇنى شۇ يۇرتنىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىخان بەگ بىر مەزگىل پاختەكلە يېزىسىنىڭ بېگى بولىدۇ. ئۇ گەرچە بەگ بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ۋاقىتلاردا مۇقامغا سۇناي چېلىپ، مۇقام ئېيتىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

ئازادلىققا قەدەر ئۇ ئۇزاق يىل ھېيت-بايرام، رامىزان كۈنلەردە خۇشاللىق بىلەن شەھەرگە كىرىپ، ھېيتكا پەشتىقىدا مۇقام پەدىلىرىگە سۇناي چېلىش بىلەن داڭ چىقىرىدۇ، ئۇنىڭ سۇناي چېلىشى ئۆزگىچە بولۇپ، روشەن ئالاھىدىلىك ۋە مۇڭغا ئىگە ئىدى. كىشىلەر ھېيتكا پەشتىقىدا چېلىنغان سۇناي ئاۋازىدىنلا «بۇ ھېلىخان بەگ چېلىۋاتقان سۇناي» دەپ ئۇنى بىلىۋالالايتتى. ھېلىخان بەگ ھازىرمۇ جامائەت ئارىسىدا مۇقام پەدىلىرىگە سۇناي چالىدىغان مەشھۇر سۇنايچى، تارىخىي شەخس سۈپىتىدە داۋاملىق ئەسلىنىپ كەلمەكتە.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)



# روزەك باشى

(1897 — 1973)

راۋاب چېلىشتا ئۆزىگە خاس ماھارىتى بىلەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە تونۇش بولغان خەلق سەنئەتكارى روزى مۇھەممەت (خەلق ئارىسىدىكى نام-شەرىپى «روزەك باشى») تەخمىنەن 1897-يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قوغان يېزىسى بۇچى كەنتىدە توقۇمىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1973-يىلى قەشقەر شەھىرى خامبازىرى كوچىسىدىكى ئۆيىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن 76 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئۇنىڭ بالىلىق ھاياتى دادىسى بىلەن بىرلىكتە توقۇمىنىدە ئۆتكەن. دادىسى مۇھەممەت توقۇمىچى راۋابقا ئىشتىياقى بار كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ توقۇمىنىدە دائىم بىر دانە قەشقەر راۋابى ئېسىقلىق تۇراتتى. مۇھەممەت ئاكا بوش ۋاقىتلىرىدا راۋابىنى چېلىپ ئىچ پۇشقىنى چىقىراتتى. ئوغلى روزاخۇن دادىسىنىڭ تەسىرى بىلەن 9—10 ياش ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا سازغا قىزىقىپ، بۇ راۋابىنى قولىدىن ئايرىمايدىغان بولىدۇ، ئۇلارنىڭ مەھەللىسى ھەزرەتكە يېقىن بولغاچقا، «ھەزرەت سەيلىسى» بولغان مەزگىللەردە ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك «ھەزرەت سەيلىسى»گە بېرىپ، «شەۋەت كۆل» ۋە «ئۈجمىلىك باغ»دا بەس-بەس بىلەن چېلىنىۋاتقان مۇزىكىلارنى، ھەرقايسى يۇرتلاردىن كەلگەن مۇقامچىلار ۋە ئەلنەغمىچىلەرنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازلىرىنى ناھايىتى

كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى ۋە كەچلىكى مەھەللىسگە قايتىپلا تۇگمەن بېشىغا چىقىپ راۋابىنى چېلىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى قېتىرقىنىپ مەشىق قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ يۇرتدىكى بۇنداق قويۇق ۋە جانلىق ناخشا-مۇزىكا مۇھىتى روزاخۇنىنىڭ تېز ئارىدىلا كۆزگە كۆرۈنگەن راۋابچى ۋە ناخشىچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولدۇ.

روزاخۇن 20 نەچچە ياشقا كىرگەن مەزگىللىرىدە يۇرتى بۇچى، قازىرىق، چۇمبۇس ھەتتا پۈتۈن بەشكېرەم تەۋەسىگە تونۇلغان داڭلىق راۋابچى سۈپىتىدە بۇ يۇرتلاردا بولىدىغان توي-تۆكۈن، سەيلە مۇراسىملىرىغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنىدىغان خەلق ئەلنەغمىچىسى بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ھاياتى ئەلنەغمىچىلىك بىلەن ئۆتتى. شۇ مەزگىللەردە قەشقەرنىڭ كاتتا بايلىرىدىن بولغان ئۆمەر باي بىر مەزگىل روزاخۇنىنى ئۆزىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى چايخانىسىغا سازەندە سۈپىتىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نام-شەرىپى ئەتراپقا تارقىلىپ، قەشقەردە راۋاب چېلىشتا داڭ چىقارغان ئاتاقلىق راۋابچى ۋە مۇقامچى«روزى باشى» (1864-يىلى تۇغۇلۇپ، 1933-يىلى ۋاپات بولغان) ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قەشقەر خەلقى ئۇنىڭ ئورنىنى باسقان روزاخۇنىنى ھۆرمەتلەپ «روزەك باشى» دەپ ئاتاشقان.

روزەك باشى راۋاب چېلىشتا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، ناخشىنى راۋابقا تەڭكەش قىلىپ ئۆزى ئېيتاتتى. ئاۋازى زىل ۋە يۇقىرى بولۇپ، ھەرقانداق يۇقىرى ئۇدارلىق ناخشىلارنىمۇ قىينالماستىن تەبىئىي ۋە ئەركىن ئېيتالايتتى. ئۇنىڭ راۋابىنىڭ بېشى باشقا راۋابلارغا قارىغاندا كىچىكرەك بولۇپ، 3—4 پەرگىلا پەدە باغلانغان. شۇڭا ئادەتتىكى راۋابچىلار ئۇنىڭ راۋابىنى ئاسانلىقچە پەدىگە كەلتۈرەلمەيتتى. لېكىن بۇ راۋاب روزەك باشىنىڭ قولىغا چىقسا، مۇزىكا ئاھاڭلىرىنىڭ ئەڭ نازۇك مىلودىيە ئۆزگىرىشلىرىمۇ تولۇق ئەكس ئېتەلەيتتى.

روزەك باشى كلاسسىك «ئاتۇش پەدىسى» نى ئۆزىگە

خاس ئۇسلۇب بىلەن بېغىشلىغان. ئۇ رەتلەپ چىققان «ئاتۇش ئۇسسۇلى» نىڭ مۇزىكىسى تا ھازىرغىچە سەھنىدە ئوينىلىپ، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. داڭلىق خەلق ناخشىلىرىدىن «لىۋەن يارلار» «ئاستاغىنە»، «ئاتۇشۇڭغا بارغۇنچە» قاتارلىق ناخشىلار روزەك باشى ئارقىلىق تارىلىپ خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشقان. ئۇ ئىقتىدارلىق راۋابچى ئەلنەغمە تۈزگەندە مۇقامنىڭ داستان قىسىملىرىنى خەلق ناخشىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر ئىدى.

بۇ ماھارەتلىك خەلق سەنئەتچىسى ئازادلىقتىن كېيىن كوچا تەشۋىقات ئەترىتىدە راۋاب چالغان. 1951-يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مۇزىكا ئەترىتىگە قوبۇل قىلىنغان. 1953-يىلى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىۋاتقان جۇڭگو پىدائىي قىسىملىرىدىن ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە چاۋشيەن ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ ھال سوراش ئويۇنى قويغاندا، ئۇ راۋاب بىلەن ئورۇندىغان «ئاتۇش پەدىسى» پىدائىي قىسىملارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

بىر ئۆمۈر ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق راۋابى بىلەن ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشقان بۇ تالانتلىق سەنئەتكار خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

# ئايىمخان ھاجى

(1898 — 1964)

ئايىمخان ھاجى ئاغا① قاراقاش بازار ئىچى تاناپپېشى مەھەللىسىدىكى مۇقامچى ھەمدۇللا ئاكىنىڭ ئائىلىسىدە مىلادى 1898-يىلى تۇغۇلغان.

ئۇ باللىق چېغىدىلا سەنئەتكە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، ئاتىسى ھەمدۇللا ئاكا بىلەن ئانىسى سوپىيخان دۇتارچى ۋە ئاكىسى مەشھۇر دارۋاز ھاشىم ھاجىلارنىڭ تەربىيىسى بىلەن دۇتار، تەمبۇر، ساتار، داپ، راۋاب قاتارلىق سازلارنى چېلىشنى ھەمدە مۇقاملارنى ئۆگىنىۋالغان.

مۇقامچى ۋە ئۇسسۇلچى ئايىمخان ھاجى ئاكىسى ھاشىم ھاجى دارۋاز بىلەن بىللە 1934-يىلى ھەج-تاۋاب قىلغىلى ئەرەبىستانغا يول ئالغاندا، ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك يېقىن دوستى ساتارنى ھەمراھ قىلىپ بىللە ئېلىپ ماڭغان. ئۇ چەت ئەلگە بېرىش-قايتىش جەريانىدا ئەرەبىستان، پاكىستان، كەشمىر قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولۇپ، چەت ئەل مېھمانخانىلىرىدا تەكلىپ بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى جانلىق ئورۇنداپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ قىزغىن ئالقىش، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

چەت ئەللىكلەر ئۇيغۇر قىزى ئايىمخان ھاجىنىڭ ناخشا-مۇزىكا،

---

① ئاغا-ئۇسسۇلچى ئايال دېگەن مەنىدە.

ئۇسسۇل، مۇقام سەنئىتىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭ چەت ئەلدە قىلىپ قىلىشىنى نەچچە قېتىم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئايىمخان هاجى ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى ۋە قېرىنداشلىرىنى سېغىنىپ قايتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ قەلبىدە سۆيۈملۈك ئانا ۋەتەن، خەلق مۇھەببىتىدىن ئۇلۇغ هېچقانداق سۆيگۈ، غەيرىي ئىشتىياق يوق ئىدى.

ئايىمخان هاجى ئۆز ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇقام، ئەلنەغمە سەنئىتىگە بېغىشلاپ، يۇرتى قاشتېشى دىيارى — خوتەن خەلقلىرىگە شان-شەرەپ كەلتۈرگەن ئاتاقلىق مۇقامچى، تۆهپىكار سەنئەتكار. ئۇ 1964-يىلى خوتەن قاراقاشتا ۋاپات بولغان.

(رەتلىگۈچى: ئىبراهىمجان ئىمىن)



# شاھ تاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

شاھ تاي 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر مۇقامچى ۋە ئەلنەغمىچى بولۇپ، ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئاغۇ يېزا يۇقىرىقى مەھەللە (كودا پەچچىم) كەنتىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. شاھ تاينىڭ ئەۋلادلىرىدىن قۇناخۇن تالىپ (1890 ــ 1965)، مۇھەممەت تالىپ (1898 ــ 1985) ئاكا-ئۇكىلار بىر ئۆمۈر مۇقام ئېيتىپ، ئەلنەغمىچىلىك قىلىپ، ناغرا، سۇناي، راۋاب، داپ، تاش، ساپايە ۋە بۇغا قاتارلىق مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى قورال قىلىپ، مۇقامنى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد، يۇرتمۇ يۇرت تارقىتىپ كەلگەن ۋە خەلق ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان.

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شاھ تاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مۇقام ئېيتىش، ئەلنەغمىچىلىك قىلىش ئۇسۇلى شۇ ئەسىر سىگانلىرىغا ئوخشايتتى. ئۇلار تۆرلۈك ساز قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ، يۇرتمۇ يۇرت يۈرۈپ مۇزىكا چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، قەيەردە كەچ بولسا شۇ يۇرتتا قونۇپ، يۇرتمۇ-يۇرت ئايلىنىپ يۈرۈپ ھايات كەچۈرگەن، مۇقامنى تارقاتقان، ئەلنەغمىچىلىك قىلىپ ئەلنى خۇش قىلغان. ئۇلار ئۆز يۇرتىدىن بىر قېتىم چىقسا كەتسە ئون كۈن، بىرەر ئاي، ھەتتا بىر نەچچە ئاي ئايلىنىپ، ئاندىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. بىر قېتىم ئۇلار ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ مۇقام ئېيتىپ، ئەلنەغمە قىلىپ، يۇرت ئارىلاپ ماڭغانچە ئۇزۇن سەپەر قىلىپ تاكى بېيجىڭغىچە بارغان. بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن، تەكلىپكە بىنائەن خان ئوردىسىغا كىرىپ، ئويۇن قويۇپ شۆھرەت قازىنىپ، ئاندىن ئۆز

يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنى شاھنىڭ ئوردىسىغان كىرىپ ئويۇن قويغان ئالاھىدە خاتىرىسى ئۈچۈن «شاھ تاي» دەپ ئاتاشقان.

شاھ تاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى كېيىنچە بىر-بىرلەپ ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يۇرتمۇ يۇرت يۈرۈپ مۇقام ئېيتىپ، ئەلنەغمە قىلىپ، ئىسسىق-سوغۇق، كۆڭۈللۈك-كۆڭۈلسىز كۈنلەردە ئەل بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇقامغا، سەنئەتكە قىزغىن مۇھەببەت باغلاپ ئۆتكەن مەنىلىك، قىزىقارلىق ھاياتىنى كەڭ ئاما ھېلىمۇ چوڭقۇر سېغىنىپ ئەسلىمەكتە.

(رەتلىگۈچى: ئابلەق ئاۋامسلىم)

# بايات مەخسۇم

بايات مەخسۇم 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغىچە قەشقەر شەھىرىنىڭ جانقۇرغان مەھەللىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر مۇقامچى.

بايات مەخسۇم 30-يىللاردا 65 ياش ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، رەڭلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان، مۇلايىم ۋە ئېتىك كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. پەقەت بۇ كىشىنىڭ ھەر كۈنى تۈن يېرىمىدا قوپۇپ، ساتارغا تەڭكەش قىلىپ بايات مۇقامىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇپ، قوشنا-قولۇملارنى ئويغىتىدىغان ئادىتى بولغاچقا، كىشلەر ئۇنى «بايات مەخسۇم» دەپ ئاتىغان.

بايات مەخسۇم 30 يىلدىن ئارتۇق ۋاقتىنى سەھەردە ساتارغا تەڭكەش قىلىپ زىل ۋە نەپىس ئاۋازدا مۇقام ئوقۇش، ھەر جۈمە كۈنى سىيىت ئارسلانخان ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ (ھۈسەيىن پەيزۇللا خوجا)، يۈسۈپ قادىرخان (ھازىرقى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، بۇ مازاردا ئەسلىدە يۈسۈپ قادىرخان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە يۈسۈپ قىدىرخان مەقبەرىسى بار) مازارلىرىغا چىقىپ مۇقام ئېيتىش ۋە «دۇئا-تىلاۋەت» قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئارىسىدا مۇقام سۆزى چىقسىلا «مۇقام ئوقۇساڭ بايات مەخسۇمدەك ئوقۇغىن، بولمىسا ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلما» دېگەن نەقىل تارقالغان.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)

# كىرىم بەگ

(1886 — 1936)

كىرىم بەگ ئەسلىدە كىرىيە ناھىيىسىنىڭ قالۇن ئۆستەڭ بويى مەھەللىسىدىن بولۇپ، باللىق چېغىدىلا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن چىرىيە ناھىيىسىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

كىرىم بەگ باللىق چېغىدىلا ساتار، تەمبۇر، دۇتار، سۇناي، نەي، داپ قاتارلىق سازلار بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئورۇنداشنى ئۆگەنگەن.

ئۇ پېشقەدەم مۇقام ئۇستازلىرىنىڭ سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ مەشىق قىلىش جەريانىدا، چەببىيات، مۇشاۋرەك، يەك (راك)، پەنجگاھ (چاگانەم)، ناۋا، بايات، ئەجەم قاتارلىق مۇقاملارنى خېلى مۇكەممەل ئىگىلەپ ئۆزلەشتۈرۈۋالغان.

ئەينى زاماندا ئۇ كاتتا باي ۋە چىرىينىڭ بېگى بولغاندىمۇ، ئەلنەغمە ۋە مۇقامچىلىقنى قىزغىن سۆيۈپ ۋە ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلاپ، بىر ئۆمۈر مۇقامچىلىقنى ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر كەسپى قىلغان ھەمدە ھەرقايسى جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا ساتار ۋە بەزىدە سۇناي بىلەن مۇقام ئورۇنداپ، ئەل-جامائەت ئوتتۇرىسىدا داڭق چىقارغان.

چىرىيە ناھىيىسىدىكى مۇقامچىلاردىن 73 ياشلىق نۇرمۇھەممەت خوجا بىلەن 88 ياشلىق مەتسەيدى قاتارلىق پېشقەدەملەر-

نىڭ دەلىللىشىچە، كېرىم بەگ ئۇن ئىككى مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپلىرىنى ئۆز سىستېمىسى ۋە ئۆز تەرتىپى، رىتىم بويىچە تولۇق ئىپتالايدىغان نوپۇزلۇق مۇقامچى بولۇش بىلەن، مۇقام ئېيتىش سورۇنلىرىدا باشقا ئەلنەغمىچىلەرگە باشلامچىلىق قىلغان، مۇقامنى بۇزۇپ ئېيتىدىغان ياكى خالىغانچە ئۆزگەرتىدىغان ئەھۋاللارنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭغا دەرھال تۈزىتىش بەرگەن، ئۇلگە كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭ كلاسسىكلىق خۇسۇسىيىتىنى ساقلاشقا تۆھپە قوشقان.

ئاتاقلىق مۇقامچى كېرىم بەگ ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقتىنى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئېيتىش ۋە ئۇنى تارقىتىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇشۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ئۈچ پەرزەنتىنى مۇقامچى قىلىپ يېتىشتۈرگەندىن باشقا يەنە سۇلايمان قالۇنچى، يۇنۇس ساتارچى، مۇھەممەت ئىبراھىم تەمبۇرچى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم مۇقامچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

(رەتلىگۈچى: ئىبراھىمجان ئىمىن)

# مەتنیاز ئاخۇن

مەتنیاز ئاخۇن كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قارلۇق ئۆستەڭبويى مەھەللىسىدىن بولۇپ، 19-ئەسىر ئىچىدە خوتەن دىيارىدا مۇقام ئېيتىش ۋە ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۆھرەت قازانغان مۇقامچىدۇر.

مەتنیاز ئاخۇن مۇقامنى قالۇن بىلەن ئورۇنداشنى ئالدىنقى ئەسىردە كېرىيە-چىرىيە ئارىلىقىدا ئۆتكەن مەشھۇر مۇقام پېشۋاسى مەتقارى غوجا ۋە مەشھۇر مۇقامچى ھەبىبۇللا ئاخۇندىن ئۆگەنگەن، ئۇ مۇقام ئۆگىنىش ئارزۇسى بىلەن جاپادىن قورقماي كىچىك چېغىدا يەكەن ۋە قەشقەرلەرگە بېرىپ، مۇقام پېشۋالىرىدىن مۇقام ئۆگىنىپ، كېيىنى تولۇقلاپ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرگەن ۋە مۇقامنىڭ تولۇق سىستېمىسىنى ساقلاپ، مۇكەممەللەشتۇرۇپ ئەتراپقا تارقاتقان.

مەتنیاز ئاخۇن ئۆزىنىڭ 100 يىللىق ھاياتىدا ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇر سەنئىتى، مۇقامچىلىق كەسپى بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، مۇشۇ جەريانلاردا كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيلەپ قاتارغا قوشقان. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن: كېرىيىدە ھەسەن تەمبۇرچى، شېرىپ بەگ، قادىر رېھىم، ئەبەي تەمبۇرچى، سوپىخان دۇتارچى (مۇقامچى ئايىمخان ھاجىنىڭ ئانىسى)؛ چىرىيەدىن توختى غوجا، نۇرۇللا ئاكا، كېرىم بەگ، سۇلايمان قالۇنچى؛ لوپ ناھىيىسىدىن بەردى ئاخۇن سازەندە، شادى ئاخۇن، نەسرۇللا ئاكا؛ خوتەندىن توختى ھاجى، مەتتۇردى ئاكا، ئېلى ئاخۇن، بۇلبۇل ئاخۇن؛ قاراقاشتىن ئىسمايىل موللام... قاتارلىق مۇقامچىلار ئۆز يۇرتىنىڭ خەلق ئەلنەغمە مۇقامچىلىق سەنئىتىدە زور تۆھپە ياراتقان.

(رەتلىگۈچى: ئىبراھىمجان ئىمىن)

# تۇردى ھاجى

تۇردى ھاجى كىرىيە ناھىيىسىنىڭ قارلۇق ئۆستەڭبويى مازار ئېرىق مەھەللىسىدىن بولۇپ، تەخمىنەن 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن. ئۇ ئەينى زاماندا كىرىيە تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى چىرىيە، لوپ، خوتەن قاتارلىق ھەرقايسى ناھىيە خەلقلىرى ئىچىدە، ھەتتا ئەرەبىستان، پاكىستان قاتارلىق چەت ئەل كىشىلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى سۇناي بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ داڭق چىقارغان تالانتلىق مۇقامچى.

ئۇ كىچىك چېغىدىن تارتىپ مۇقامغا ئىشتىياق باغلاپ ۋە قىزىقىپ ئۆگىنىپ، مەشرەپ سورۇنلىرىدا سۇناي ئارقىلىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ۋە ھىمايىسىگە مۇيەسسەر بولغان.

ئۇ ئۆز دەۋرىدە ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ئەرەبىستانغا قاراپ يولغا چىققاندا، سۇناينى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ بىللە ئېلىپ ماڭغان. ئۇ ھەج تاۋاپ قىلىش سەپىرىدە پاكىستان، ئەرەبىستان قاتارلىق جايلاردا سۇناي ئارقىلىق چەببىيات، مۇشاۋۇەك، ناۋا، چارىگاھ، ئۆزھال، بايات... قاتارلىق بىر قانچە مۇقامنى تولۇق، جانلىق، ئوبرازلىق ئورۇنداپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ قىزغىن ئالقىش-ھىمايىسىگە سازاۋەر بولغان.

ئاتاقلىق مۇقامچى تۇردى ھاجى تەكلىپكە بىنائەن ھەرەمدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ساقىسىز بولۇپ قالغان، ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھېلىقى سۆيۈملۈك سۇناينى ئانا يۇرتى

كىرىيىدىكى شاگىرتى يۈسۈپ ئاكا سۇنايچىغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىپ بەرگەن.

يۈسۈپ ئاكا سۇنايچى ئەينى چاغلاردا مۇشۇ سۇناينى ئېلىپ خوتەنلىك ئەخمەت سۇنايچى بىلەن بىللە قەشقەرگە بېرىپ، قەشقەر كونىشەھەر سېپىلى ئۈستىدە تۇرۇپ سۇناي بىلەن مۇقام كۈيلىرىنى ئورۇندىغاندا، قەشقەر خەلقى ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ، بۇ بىر جۈپ ماھارەتلىك سۇنايچى مۇقامچىغا ئاپىرىن ئوقۇغان ۋە ئالقىش ياغدۇراتقان.

(رەتلىگۈچى: ئىبراھىمجان ئىمىن)



# روزى تەمبۇر

(1900 — 1957)



ئاتاقلىق مۇزىكانت روزى تەمبۇر 1900-يىلى تۇغۇلغان. روزى تەمبۇرنىڭ ئاتىسى ئەزىز-ئاخۇن ئەسلى قەشقەرلىك كىشى بولۇپ، كېيىن روسىيەگە ئۆتۈپ چېلەكتە تۇرۇپ قالغان. روزى تەمبۇر ئەزىز ئاخۇننىڭ چېلەكتىن ئالغان ئايالىدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئىدى. ئەزىز ئاخۇن قاسساپلىق ۋە سوپۇنچى-لىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇ سازەندىلەر بىلەن باردى-كەلدى-سى قويۇق، ناخشا-ساز خۇمار ئادەم ئىدى. ئوغلىنى دائىم ئولتۇرۇش، مەشرەپ سورۇنلىرىغا ئەگەشتۈرۈپ باراتتى. روزى تەمبۇرنىڭ مۇزىكا ئىقتىدارى ئاشۇ بالا ۋاقتىدىلا بىلىنىپ، 13—14 ياشلار-غا يەتمەستىنلا دۇتار-تەمبۇر چېلىش بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن.

روزى تەمبۇر ئېسىنى تاپقاندىن كېيىن ئىلىغا ئۆتۈپ، سۈيدۈڭدە بىر مەزگىل تۇرغان. سۈيدۈڭ روسىيە بىلەن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان

چوڭ يول ئۈستىگە جايلاشقان ناھىيە بازىرى بولغاچقا، يۇرت-يۇرتلار-
دىن كەلگەن مۇساپىرلار، سودىگەرلەر، كاسىپلار بىلەن ئاۋات
ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ بازار شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ ئەڭ
چوڭ ھاكىمىيەت ئورنى جايلاشقان كۈرەگە يېقىن بولغاچقا، كۈرەگە
ئاشلىق، نەرسە-كېرەكلەرنى توشۇيدىغان ھارۋىكەشلەر
بېرىش-كېلىشىدە سۇيدۇڭگە چۈشمەي ئۆتمەيتتى. بۇ يەردە
چوڭ-چوڭ دەڭ-سارايلار، قاتارلىشىپ كەتكەن سودا دۇكانلىرى،
نەشە چېكىدىغان، قىمار ئوينايدىغان مەيدانلار، خېرىدارلىرى بېسىق
بولۇپ تۇرىدىغان داڭلىق ئاشخانا، چايخانىلار بار ئىدى. بۇ يەردە
يەنە موللا ئابدۇللا (ئابلا دۇمباق)، ئابدۇرېھىم چاڭغا ئوخشاش
داڭلىق چالغۇچىلارمۇ بولغان. ئىلى ھېكىمبەگلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى
بولغان جاھانگىر غوجىنىڭ (ھېكىمبەگ غوجا) ئوغلى پاشا غوجىغا
دەپ بېرىشچە، روزى تەمبۇر رۇس يېرىدىن سۇيدۇڭگە كېلىپ
تەمبۇر چېلىپ يۈرگەندە، تەمبۇر بىلەن رۇس ئاھاڭلىرىنىمۇ ناھايىتى
قاملاشتۇرۇپ چالاتتىكەن. كېيىن ئۇ ئابدۇللا دۇمباقتىن كلاسسىك
نەغمىلەرنى ئۆگەنگەن. خەلق ئىچىدە بالا سازەندە دېگەن نام
بىلەن داڭق چىقارغان.

1916-يىللىرى ئەتراپىدا سۇيدۇڭدىكى موللا قۇتلۇقباي، ئابلەتباي
دېگەن كىشىلەر تويلاشقاندا، بۇ تويغا غۇلجىدىن پاشا غوجا،
مەنسۇرجان ئاقساقال قاتارلىق يۇرت چوڭلىرى تەكلىپ بىلەن چىققان.
توي مەرىكىسىگە سۇيدۇڭدىكى داڭلىق ئەلنەغمىچىلەر قاتارىدا
روزى تەمبۇرمۇ تەكلىپ قىلىنغان. شۇ كۈنى بۇ «بالا سازەندە».
نىڭ ناخشا-سازدىكى ماھارىتى شەھەردىن كەلگەنلەرنى ھەيران
قالدۇرغان. قايتىشىدا ئۇلار روزى تەمبۇرنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىللە
غۇلجىغا ئېلىپ كەتكەن. ھەمدە روزى تەمبۇرنى شەھەردە تۇرۇپ
قالسۇن دەپ، جامائەت ئۇنىڭغا ئەمەت لوزۇڭ دېگەن كىشىنىڭ
قىزىنى ئېلىپ بېرىپ ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلغان.

غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن، روزى تەمبۇرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ

چوڭ ۋەقە ئۇنىڭ كارۇشاڭ ئاخۇنۇم بىلەن ئۇچرىششى بولدى. روزى تەمبۇر ئۆزىگە خاس مۇزىكا تۇيغۇسى، دىتى، تالانت ئىگىلىرىگە خاس نەزەرى بىلەن، كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ ئۇلۇغ مۇزىكا ئالىمى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن تىرىشىپ ئۆگەنگەن باشلىدى. ئەپسۇسكى، روزى تەمبۇرنىڭ كارۇشاڭ ئاخۇنۇم بىلەن بىللە بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ۋاقتى 1917 - يىلىدىن كېيىن، يەنى كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغان يىللىرى ئىدى. شۇنداقتىمۇ روزى تەمبۇر ئۆز ئۇستازىدىن نۇرغۇن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆزلەشتۈردى ۋە مۇقام ئاھاڭلىرىنى تەمبۇردا ئىجرا قىلىشنىڭ ئالاھىدە ئۇسلۇبىنى ياراتتى.

روزى تەمبۇر 1934 - يىلى غۇلجا سەنائىي نەفىسە قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە سەنئەت ئۆمەكىنىڭ مۇزىكا يېتەكچىسى بولغان. شۇ يىللاردا ئۇ بىرقانچە نۆۋەت مۇقام ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. ھازىرغىچە شىنجاڭ، قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستانلاردا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۆھپە قوشقان زىكرى ئەلپەتتا، نۇرمۇھەممەت ناسىر، مەتتايىر ھەسەن، ئەمەتخان بارات، زوردۇن نۇسرەت، ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ، ئابلاخۇن كېپەك، سەيدۇللا رەخمىتۇللا، سۇلتان مۇرات، غوپۇر دىڭخۇلۇ، قادىر رازى، ئابدۇكېرىم رازى، مۇساجان روزى، ھۇسەنجان جامى، ئابلىزخان مامۇت، ئابلىكىم ئابدۇللا، ئابدۇكېرەش ئەلى، قۇربان ئۆمەر، غىياسىدىن بارات قاتارلىق مۇزىكانتلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شۇ كۇرسلاردا روزى تەمبۇردىن تەلىم ئالغانلاردۇر.

روزى تەمبۇر ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ ھەرقاندىقىنى ماھىرلىق بىلەن چالالايتتى. ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ: روزى تەمبۇر مۇزىكا ئورۇندىلىۋاتقاندا بىرەر چالغۇچىنىڭ چېلىۋاتقان سازىنى توختىتىپ قويۇپ سازلاۋاتقانلىقىنى كۆرسە ئاچچىقى كېلەتتى. ئۆزى تەمبۇر چېلىۋاتقاندا تەمبۇرنىڭ سازى يېشىپ كەتسە، چېلىپ كېتىۋېتىپلا

سازلىۋالاتتى، دەيدۇ. مەرھۇم زىكرى ئەلپەتتا ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە: روزى تەمبۇر چالغ، ساتار غىجەك، نەي، سۇناي قاتارلىق ئەسۋابلارنى چېلىشقا ماھىر بولۇپ، چالىدىغان چالغۇ تېپىلمىغان سورۇنلاردا چىنە-قاچىلارغا سۇ قۇيۇپ تەڭشەپ، چوكا بىلەن چالغۇ ئورنىدا چالاتتىكەن. يەنە بەزىلەر: روزى تەمبۇرنىڭ قامچىسىنىڭ دەستىسى نەي بولۇپ، ئۇنى ئاتلىق كېتىۋېتىپ چالاتتى. بەزى ئولتۇرۇشلاردا پەدىسىنى جايىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان دۇتارلار قولىغا چۈشۈپ قالسا، يانچۇقىدىن قەلەمتۇرىچىنى چىقىرىپ پەدىلەرنى باشتىن-بويىغا كېسىپ چىقىرىۋېتىپلا پەدىسىز چېلىۋېرەتتى، دەپ تەرىپلىشىدۇ.

روزى تەمبۇر ئەينى يىللاردا ئۇيغۇر خەلق داستانى «غېرىب-سەنەم»نى سەھنىلەشتۈرۈشكە مۇھىم ھەسسە قوشقان. ئۇ ئىلى رايونىدا تۇنجى بولۇپ مۇقام نەغمىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئاھاڭ ئىشلەپ، خەلق داستانلىرىنى سەھنىلەشتۈرۈشكە ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى. شۇنداقلا ئۇ «غېرىب-سەنەم»دە ساتارچى بوۋاي ۋە جۇنەيدىن باغدادى روللىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. سەنائىي نەپسە قۇرۇلۇپ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلى سەھنىلىرىدە ئوينالغان نۇرغۇن سەھنە ئەسەرلىرىگە روزى تەمبۇر مۇقام ۋە خەلق ئاھاڭلىرىدىن پايدىلىنىپ مۇزىكا ئىشلەپ، سەھنە ئەسەرلىرىنى جانلاندۇرغان ۋە تاماشىبىنلارغا بولغان تەسىرىنى كۈچەيتكەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش مەزگىللىرىدە روزى تەمبۇرنىڭ ئەينى يىللاردىكى تەشۋىقات شېئىرلىرىغا نۇرغۇن ئاھاڭلارنى ئىشلىگەنلىكى مەلۇم. روزى تەمبۇرنىڭ ئۆز ئۆمرىدە سەھنە ئەسەرلىرىگە سەپلىگەن ئاھاڭلىرىنىڭ قايسىلىرى خەلق ئاھاڭلىرى، قايسىلىرىدا مۇقام ئاھاڭلىرىدىن پايدىلانغانلىقى، قايسىلىرى ئۆزىنىڭ ئىجادى ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە

تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

روزى تەمبۇر ئابدۇللا دۇمباق، كارۇشاق ئاخۇنۇم، ھاسان تەمبۇر، بارات تەمبۇر، جامىكام قاتارلىق ساز ئۇستىلىرىدىن ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، رەتلەپ، تولۇقلاپ ئىلى ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئاساسى گەۋدىسىنى قايتا تىكلىگەن. ئۇ 1951-يىلى ئاتاقلىق ناخشىچى ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، مۇقام ئۇستازى تۇرداخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھوشۇرئاخۇنلار بىلەن بىللە ئون ئىككى مۇقامنى قۇتقۇزۇپ قېلىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. شۇ قېتىمدا روزى تەمبۇر ليېنتىغا بەرگەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى ۋارىيانتى 12مۇقەددىمە، 22داستان، 22 مەرغۇل، 44مەشرەپ، جەمئىي 100 نەغمە ئاھاڭدىن تەركىب تاپقان ① بولۇپ، ئۇلار مىللىتىمىزنىڭ سەنئەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك مىراستۇر.

روزى تەمبۇر 1956-يىلى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت مۇزىكىچىلىرىغا ۋەكىل بولۇپ بېيجىڭغا بېرىپ، جۇڭگو مۇزىكانتلىرىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيغا قاتناشقان ۋە جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلانغان. شۇ قېتىم ئۇ پايتەخت سەھنىلىرىدە ئۆز تەمبۇرىنىڭ ئاۋازىنى ياڭرىتىپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ 1957-يىلى غۇلجا شەھىرىدە كونا ئۆپكە كېسىلىنىڭ تۇيۇقسىز قوزغىلىشى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

(رەتلىگۈچى: مەمتىمىن ھوشۇر)

---

① ئەمەتجان ئەخمىدى، «ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدا» 155-بەت.

# تۇردى هامىر

(1900 — 1984)

خەلقىنىڭ داڭلىق سەنئەتكارى تۇردى هامىر 1900 - يىلى تۇرپان كونىشەھەر نەمۇڭ بازىرىدا ئاددىي ئەمگەكچى ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بىر ئۆمۈر مۇقامچىلىق ۋە سازەندىچىلىك بىلەن هايات كەچۈرۈپ، 1984 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن 84 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

تۇردى ئاخۇننىڭ ئاتىسى ۋە ئانىسى سەنئەتخۇمار داڭلىق ئەلنەغمىچىلەردىن ئىدى. ئاتىسى هامىر ئاخۇن ساتار ۋە سۇناي چېلىپ مۇقام ئېيتاتتى. ئانىسى نىيازخاننىڭ ئەسلى يۇرتى قۇمۇل بولۇپ، قۇمۇل مۇقاملىرى ۋە تۇرپان مۇقاملىرىنى ياخشى بىلەتتى.

تۇردى ئاخۇن مۇشۇنداق سەنئەتكار ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاچقا، كىچىدىنلا سەنئەتكە چوڭقۇر ھەۋەس باغلىغان. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيىسى ئارقىسىدا ساتار ۋە سۇناينى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ناھايىتى تېزلا مۇقامچىلار ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن مۇقام ۋە ساز ئۆگىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، تۇرپان شەھرى نەمۇڭلۇق مەشھۇر سۇنايچى تاھىر ئاخۇننى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن. ئۇ 30 ياشلارغا كىرگەندە تۇرپان رايونىدا ساتار ۋە سۇناي بىلەن مۇقام چېلىشتا ۋە يەرلىك شىۋىدە مۇقام ئېيتىشتا ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان.

تۇردى هامىر 1950 - يىلى توقسۇن ناھىيىسىگە كۆچۈپ بارغان.

ئۇ يەردىمۇ ساتار، سۇناي چېلىپ مۇقام ئېيتىپ، نەغمىكەشلىك بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە بىر قانچە مۇقام ھەۋەسكارىنى ۋە ساتار، سۇنايچىنى يېتىشتۈرگەن.

ئۇ 1962-يىلى توقسۇن ناھىيىسىدىن تۇرپاننىڭ چاتقال يېزىسىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە ئەلنەغمىچىلىك بىلەن ھايات كەچۈرگەن.

تۇردى ھامىر مۇقام ئورۇنلاشتا ئىنتايىن ئەستايىدىل بولۇپ، داپ، ناغرىنىڭ ئۇدار-رىتىملىرىغا قاتتىق دىققەت قىلاتتى ھەم باشقىلارغىمۇ قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئۇ بىر ئۆمۈر نەغمىچىلىك ھاياتىدا سانسىزلىغان توي-تۆكۈن، ئاممىۋى مەشرەپلەردە ساتار، سۇناي چېلىپ، مۇقام ئېيتىپ خەلقنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان خەلق سەنئەتكارى.

1975-يىلى تۇردى ھامىر ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، تۇرپان مۇقاملىرىدىن ئالتە مۇقامنى ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا بېرىپ، تۇرپان مۇقاملىرىنى توپلاشقا زور تۆھپە قوشقان.

تۇردى ھامىر 1984-يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن 84 يېشىدا چاتقال يېزىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ يېتىشتۈرگەن رەخمىتۇللا سۇنايچى قاتارلىق شاگىرتلىرى ئۇنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، تۇرپان مۇقاملىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇناسىپ ھەسسە قوشۇپ كەلمەكتە.

(رەتلىگۈچى: مامۇت قاسىم)

# ئاخۇنبەگ

(1901 — 1986)

ئاخۇنبەگ سۇبۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ماكانلىرىدىن بىرى بولغان قۇمۇل دىيارىدا تۇغۇلۇپ ۋە ياشاپ، قۇمۇل خەلق مۇقاملىرىنى دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ كېلىشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان ئاتاقلىق مۇقامچى، يېڭى زامان قۇمۇل خەلق ئەلنەغمىچىلىرى-نىڭ ئۇستازى.

ئاخۇنبەگ 1901-يىلى قۇمۇل شەھەر ئىچى ساڭخىي مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مۆمىن بولۇپ، ئاخۇنبەگ ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى. ئاخۇنبەگ كىچىكىدىنلا قۇمۇل ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتىگە، جۈملىدىن قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامغا ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا خېلى نۇرغۇن ناخشا-قوشاقلارنى ئۆگىنىۋالغان. بولۇپمۇ ئۇ قۇمۇل غىجەكنى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە قىزىققان ۋە بۇ ساھەدە ماھارىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئازنابازار مەھەللىسىدىكى مەشھۇر غىجەكچى كۆسۆ نىياز ئاكىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن قۇمۇل غىجەكنى چېلىشنى ئۆگەنگەن.

ئاخۇنبەگ يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن چاغلىرىدا، قۇمۇل غىجىكىنىڭ گاھى شوخ ۋە كۆتۈرەڭگۈ، گاھى مۇڭلۇق ۋە غەمكىن ئىپادىلىنىدىغان سېھرىي كۈچىنى ناھايىتى تولۇق ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ تالانتىنى نامايان قىلدى ۋە پېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەرنىڭ يۇقىرى

باھاسىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ يەنە ئوردا ھېيزى قۇربان توكۇر، نومچى ھادى بۋۋىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تېكىست ھەم ئاھاڭلىرىنى تەرتىپلىك ھەم سىستېمىلىق ئۆگىنىدۇ. مەڭلىك سەيپۇڭدىن قوشاق، بېيىت ئۆگىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخۇنبەگ ياشلىق مەزگىللىرىدىلا قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ناخشا-كۈيلىرىنى مۇكەممەل ئۆزلەشتۈرۈپ، يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ، قۇمۇل بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغ خەلقى ئارىسىدا زور شۆھرەت تاپىدۇ ھەمدە قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتنىڭ يارلىقى بىلەن ئوردا ئەلنەغمىچىلىرى ئىچىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا شاھ مەخسۇتنىڭ ئەلنەغمىچىلىرى ئىچىدە ئاخۇنبەگ ئەڭ ياش خەلق ئەلنەغمىچىسى ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن ئاخۇنبەگ ئۆز ئەركىنلىكىنى تېپىپ، قۇمۇل خەلقىنىڭ ھەقىقىي ئەلنەغمىچىسىگە ئايلاندى. قۇمۇل خەلقىنىڭ ھېيت-بايرام، توي-تۆكۈن، سەيلە-باراۋەتلىرى ئۇنىڭسىز قىزىمايتتى. ئاخۇنبەگ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا قۇمۇل ناخشا-مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ بۇ ئېسىل سەنئەت بايلىقىنى ساقلاش، توپلاش ۋە خەلقى-ئالەمگە تونۇتۇشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە يۈرەك قېنىنى قۇمۇل ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتى، جۈملىدىن ئون ئىككى مۇقامىنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرىنى تەربىيلەشكە خالىس سەرپ قىلغان. ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىشى، تەربىيلىشى، ئۆگىتىشى نەتىجىسىدە قۇمۇلنىڭ يېڭى زامان مەشھۇر ئەلنەغمە سەنئەتكارلىرىدىن مەرھۇم ئاقپاشا، ئىلىياز تۆمۈر، نەمەت، بوسۇق، سالى تۆمۈر، ئەسەت مۇختار، ئۆمەر قارى، ئەسەت ئىسمايىل، نىياز سوپا، مەمەتنىياز (غىجەكچى) قاتارلىق مۇقامچى، سازەندىلەر يېتىشىپ چىققان.

ئاخۇنبەگ قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى توپلاش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىگىمۇ ئۇنتۇلماس ئەجىر سىڭدۈرگەن تۆھپىكار

خەلق سەنئەتكارى. ئۇ ئەڭ دەسلەپ، يەنى تەخمىنەن 1920-يىللاردا شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا ئېلىپ بېرىلغان قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى يازما خاتىرىگە ئېلىشتا ئەڭ ياش ئەلنەغمىچى سۈپىتىدە قاتناشقان بولسا، ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تەشكىللىشى ئاساسىدا 1963-، 1975-، ۋە 1982-يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان بىر نەچچە قېتىملىق قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەش، توپلاش، جۈملىدىن ئۈنئالغۇغا ئېلىش خىزمەتلىرىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى ۋە يېگانە باشلامچىسى بولغان.

پۈتۈن ھاياتى ۋە قىزغىنلىقىنى خەلق ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتىگە بېغىشلىغان بۇ مەشھۇر سەنئەتكار 1986-يىل 4-يانۋاردا 84 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ شانلىق ئوبرازى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. خەلقىمىز بۇ پېشقەدەم سەنئەتچىنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ.

(رەتلىگۈچى: ئېلى ئىسمايىل، مۇھەممەت ئېلى)



# نىساخان (جىلدىر)

(1902 — 1987)

مەشھۇر خەلق ناخشىچىسى نىساخان ئابدۇۋەلى 1902-يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى سەنئەتخۇمار سازەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن باشلاپلا ئاتىسى ئابدۇۋەلى ئاخۇن، ئانىسى پاتەمخاندىن داپ بىلەن دۇتارنى بىر كىشى بىرلا ۋاقىتتا نەغمە قىلىشنى، كۇچا خەلق ناخشىلىرىنى چوڭقۇر، لىرىك تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتلىق ئېيتىشنى ئۆگەنگەن. 18 ياشقا كىرگەندە كۇچا خەلقى ئارىسىدا داڭلىق ناخشىچى ھەم سازەندە بولۇپ تونۇلغان.

نىساخان 1950-يىلىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ياڭراق ھەم يېقىملىق ناخشىلىرى بىلەن ئازاد يېڭى زامانىنى كۈيلەپ، خەلققە چوڭقۇر مەنىۋى ئوزۇق بەرگەن.

ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە خەلق سەنئىتىدىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت تۇپراقتىن ئوزۇقلىنىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئۆزگە خاس يەرلىك تۈرى بولغان كۇچا خەلق ناخشىلىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزگەن.

ئۇ كۆز يۇمغانغا قەدەر ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ۋە مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەت تارماقلىرىنىڭ 20 قېتىمدىن ئارتۇق ماددىي ۋە مەنىۋى مۇكاپاتىغا مۇيەسسەر

بولغان. 1958-يىلى بېيجىڭدا مەملىكەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەر خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، ماۋزېدوڭ، ليۇشاۋچى، جۇئېنلەي قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ سەنئەت ماھارىتى بېيجىڭ سەھنىلىرى ئارقىلىق مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان.

نىساخان ئۆز ئۆمرىدە 300 پارچىدىن ئارتۇق كۇچا خەلق ناخشىسىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ ئېيتىپ ۋە سەھنىلەردە ئورۇنداپ، ئۇنى كەڭ خەلق ئارىسىغا تارقاتقان. بۇ ناخشىلارنىڭ ئەۋلاد-تىن-ئەۋلادقىچە داۋاملىشىشىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرىگە ئاساسەن جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، كۇچا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان.

ئۇ 1987-يىلى 85 يېشىدا كۇچادا ۋاپات بولغان.

مەشھۇر خەلق ناخشىچىسى نىساخان ئۆز ئۆمرىدە كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ سانسىزلىغان ۋارىسلىرىنى يېتىشتۈرگەن. ئۇ يېتىشتۈرگەن ناخشىچىلار ھازىر كۇچا ناھىيىلىك، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى قاتارلىق سەنئەت گۈلزارلىقىدا خەلققە ئۆز ماھارىتى ئارقىلىق روھىي لەززەت ئاتا قىلماقتا.

(رەتلىگۈچى: تۇنىياز مەتنىياز)

# هېيت قادىر

(1903 — 1987)

ئاتاقلىق ئەلنەغمىچى هېيت قادىر 1903-يىلى كورلا شەھىرىنىڭ ئاۋات يېزا ئاۋات كەنتى شاھ قەلەندەر مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1987-يىلى 84 يېشىدا ئۆز يۇرتىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

هېيت ئاخۇننىڭ ئاتا-بوۋىسى ئەل ئىچىدە داڭق چىقارغان ئەلنەغمىچىلەردىن ئىدى. ئاتىسى سادىر ئاخۇن ئاتا-بوۋىسىنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىسى ئاستىدا ئۇلارنىڭ ئەلنەغمە كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كۈندۈزى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، كېچىلىرى ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۇلارغا ئەگىشىپ توي-تۆكۈن، هېيت-بايرام ۋە سەيلە-مەشرەپلەرگە قاتنىشىپ، ئۆز كەسپىي ماھارىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، زامانداشلىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئەلنەغمىچى بولۇپ يېتىشكەن.

هېيت ئاخۇن سادىر ئاخۇننىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇپ، كىچىكىدىنلا ئاتىسىنىڭ چالغان سازىغا ۋە ئېيتقان مۇقام، مەشرەپ نەغمىلىرىگە ئىشتىياق باغلايدۇ. شۇڭلاشقا سادىر ئاخۇن ئوغلىغا بەكمۇ ئامراق بولۇپ، ئۇنى ئۆز كەسپىگە ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ئىستىكىدە كىچىكىدىن تارتىپلا ئەلنەغمە پەدىلىرىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەيدۇ.

هېيت ئاخۇن كىچىكىدىنلا زېرەك، ئەقىللىق بولۇپ، ئاتىسى ئۇنى ئۆزىگە جۈپ-ھەمراھ قىلىپ ھەر خىل ئەلنەغمە سورۇنلىرىغا

بىرگە ئېلىپ باراتتى. ئانىسىمۇ سەنئەتخۇمار ئايال بولغاچقا، ئوغلىنىڭ داڭلىق نەغمىچى بولۇپ چىقىشىنى تىلەيتتى. بۇنداق قويۇق سەنئەت مۇھىتى ئىچىدە ئۆسكەن ھېيت ئاخۇن 12 ياشقا كىرگەن چاغلىرىدا ھەر خىل يەرلىك مەشرەپ ۋە مۇقام كۈيلىرىنى ئەگىشىپ ئېيتالايدىغان بولغان. ئوغلىنىڭ سەنئەتكە بولغان ھېرىسمەنلىكىدىن مەمنۇن بولغان سادىر ئاخۇن ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا داپ چېلىشنى ئۆگەتكەن. ھېيت ئاخۇننىڭ ئاۋازى ناھايىتى يېقىملىق ۋە سۈزۈك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەپچىللىك بىلەن ئۇرغان داپ تاكتىلىرى ئىچىدە ئېيتقان ناخشىلىرى بارغانسېرى مەشرەپچىلەرنىڭ ۋە جامائەتنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ، «بالا نەغمىچى» دېگەن ئاتاقنا ئېرىشكەن.

ھېيت ئاخۇن پۇتۇن زېھنى بىلەن بېرىلىپ ئۆگىنىۋاتقان مەزگىلدە ئاتىسى قازا قىلدۇ. ئاتىسىدىن يېتىم قالغان ھېيت ئاخۇن تۇرمۇشتا ھەر خىل ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئاتا - بوۋىسىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نەغمىچىلىك كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىش ئىرادىسى بىلەن يۇرت ئاتلاپ، ئاتىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى كەسپداش دوستى،قارا يۇلغۇنلۇق داڭلىق نەغمىچى تاھىر ئاخۇن، يەھيا ئاخۇنلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ داڭقى كەڭ تارقىلىپ، لوپنور، بۈگۈر، كۇچا، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارغا تەكلىپ قىلىنىپ ئەلنەغمىچىلىك قىلىدىغان مەشھۇر ئەلنەغمىچىگە ئايلانغان.

ھېيت ئاخۇن خۇش خۇي، چىقىشقاق، ئابرويلۇق كىشى بولۇپ، كورلا رايونىنىڭ ھەممە يېزا، كەنت توي-مەشرەپ، ھېيت-بايراملىرىغا نۆۋەت بىلەن بېرىپ قاتنىشاتتى ۋە بۇ سورۇنلاردا شاگىرتلىرىنى تەربىيىلەپ چېنىقتۇراتتى.

ئەلنەغمە كەسپىدە تازا كامالەتكە يېتىپ، ئەل ئىچىدە زور تەسىر قوزغىغان ھېيت ئاخۇن بەزى يەرلىك مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلىدىن چەتكە قېقىلىپ، قاتتىق بېسىم ئاستىدا

ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، كۇچا، بۈگۈر قاتارلىق جايلاردا مۇساپىرلىق تۇرمۇشى كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ بارغانلا جايىدا ئەلنەغمىچىلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ، شاگىرت تەربىيىلەيدۇ ۋە مۇقام ئاساسىدا رەتلەنگەن كورلا سەنىمى قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە نەغمىلەرنى ئۇمۇملاشتۇرۇش ۋە تەشۋىق قىلىش بىلەن بولىدۇ.

ھېيت ئاخۇن گەرچە ساۋاتسىز بولسىمۇ، ئالاھىدە مۇزىكىلىق سېزىمغا ئىگە سەنئەت سۆيەر كىشى بولغاچقا، ئۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە يەرلىك نەغمىلەرنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ كورلا سەنىمنى يۇرۇشلەشتۈرگەن. ئەسلىدە كورلا سەنىمى ئۇسسۇللۇق سەنەمدىنلا ئىبارەت بولغان. ھېيت ئاخۇن ئون ئىككى مۇقام ۋە دولان مۇقامىدىن پايدىلىنىپ، كورلا سەنىمنىڭ ئالدىغا ئەركىن ئۇدارلىق مۇقەددىمە قوشقان. كەينىدىن ئۇسسۇللۇق سەنەم ۋە نەغمە چۈشۈرگىلىرىگە ئايرىپ يۇرۇشلەشتۈرۈپ ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرگەن.

ھېيت ئاخۇن 1953-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر كۆرىكىگە كورلا ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتى بىلەن قاتنىشىپ 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئۇ يەنە 1959-يىلى ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، جۇڭگو مۇزىكانتچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ھەم ھەيئەت ئەزاسى بولغان. بايىنغولىن موڭغۇل ئوبلاستى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆپ قېتىملىق سەنئەت كۆرەكلىرىگە قاتنىشىپ، كۆپ قېتىم ماددىي ۋە مەنىۋى مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

1983-يىلى 80 ياشقا كىرگەن ھېيت نەغمىچى، نەجمىدىن قارى، ئەيسا قارى قاتارلىق شاگىرتلىرى بىلەن بىرگە 28 يۇرۇش كورلا سەنەم ئاھاڭلىرى ۋە 1000 كۇبلېتتىن ئارتۇق خەلق قوشاقلىرىنى مەزمۇن قىلغان خەلق ناخشىلىرىنى لېنتىغا ئېرىپ،

كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ۋە كورلا يەرلىك نەغمىلەرنى تەتقىقات قىلىش ئۈچۈن ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. بۇ قىممەتلىك مەدەنىي بايلىقلار ھازىر بايىنغولىن ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمەكىنىڭ ئىجادىيەت بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

(رەتلىگۈچى: مامۇت قاسىم)



# ئابدۇكېرەمخان

ئەل ئارىسىدا ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق ھەم يېقىملىق مۇزىكىلىرى، خۇش چاقچاقلىقى بىلەن شۆھرەت تاپقان مۇقامچى، سازەندە ئابدۇكېرەمخان 1903-يىلى ئاقسۇ ناھىيە ئايكۆل يېزا سايئېرىق كەنتىنىڭ قوشئېرىق مەھەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر، ئوقۇمۇشلۇق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ كىچىك چېغىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغاندىن كېيىن، ئائىلىسىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى سەنئەت ھاياتىنىڭ تەسىرىدە خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇزىكىسىغا زور قىزىقىش ۋە چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن ھەۋەس باغلاپ، يۇرتىدىكى پېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەردىن ۋە خەلق مەشرەپلىرىدىن كۆپلىگەن خەلق ئاھاڭلىرىنى ھەمدە ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ قۇمباش يېزىسىدىكى ئاكا-ئۇكا سازەندە مۇھەممەتجان ۋە يۈسۈپجانلاردىن ساتار، تەمبۇر، راۋاب، داپ قاتارلىق چالغۇلارنى چېلىشنى ئۆگىنىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە چوڭ-چوڭ جامائەت سورۇنلىرىدا ئەلنەغمىچىلىك قىلغان.

ئابدۇكېرەمخان ئون ئىككى مۇقامغا ۋارىسلىق قىلىپ، راك، چەببيات، مۇشاۋرەك، چارىگاھ، پەنجىگاھ، ئۆزھال، ئۇششاق، ناۋا قاتارلىق سەككىز مۇقامنى پۈتۈن قىسمى بويىچە يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئورۇنداپ، ئۆز زامانىسىدىكى سەنئەتخۇمار خەلقنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

ئۇ ئاقسۇ دىيارىدىكى مەشھۇر مۇقامشۇناس، سازەندە بولۇپلا قالماستىن، يەنە خەلق سەنئىتىنىڭ تەلەپچان ئۇستازى ئىدى.

ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ناھايىتى كۆپ سازەندىلەرنى ۋە مۇقامچىلارنى تەربىيىلىگەن. بۇلاردىن مەرھۇم ماموت ئەلەم ساتارچى، ئابدۇقادىر مەخسۇم، ھامۇتخان قاتارلىق سازەندىلەر ئەل ئارىسىدا بۈگۈنگە قەدەر يادلىنىپ كەلمەكتە. ھازىر ئاقسۇ دىيارىدا ئۇنىڭ سەنئەت ۋارىسلىرىدىن ئىبراھىم روزى، مىجىت ساۋۇت قاتارلىق پىشقەدەم خەلق سازەندىلىرى ۋە مۇقامچىلار ئۆزىنىڭ ياڭراق ھەم يېقىملىق ئاۋازى بىلەن كۈي ياڭرىتىپ كەلمەكتە.

(رەتلىگۈچى: تۇنىياز مەتنىياز)



# ھۇسسىين تەمبۇر

(1904 — 1938)



تالانتلىق چالغۇچى ھۇسسىين تەمبۇر 1904-يىلى ئىلىدا تۇغۇلغان.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئىلىدا كۆن-خۇرۇم ئىشلەش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، موزدۇزلۇق كەسپىمۇ كەڭ راۋاجلانغان. شۇ چاغدىكى موزدۇزلار ئىچىدىن نۇرغۇن ناخشا-ساز ئۇستىلىرى چىققان. ھۇسسىين تەمبۇر ئىلى موزدۇزلىرى ئىچىدىن چىققان كۆزگە كۆرۈنگەن تالانت ئىگىسى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەمبۇرغا ناخشا ئورۇنلاشتىكى ماھارىتىنى ئومۇم ئېتىراپ قىلغان. غۇلجىدىكى ئاتاقلىق سازەندىلەرنىڭ بىرى بولغان زوردۇن نۇسرەت ئەينى ۋاقىتتا: «مېنىڭ سازەندە بولۇپ قېلىشىمغا سەۋەبچى بولغان نەرسە ھۇسسىيىننىڭ تەمبۇرغا ناخشا ئېيتىشى. ئۇنىڭ ئۇسسەك ئاھاڭىغا يەككە چالغان بىر قېتىمقى سازى يۈرىكىمگە تەمبۇر ئۆگىنىش ئوتىنى تۇتاشتۇرغانىدى» دېگەن.

ھۇسيىن تەمبۇر روزى تەمبۇردىن كېيىنلا كارۇشالىڭ ئاخۇنۇمدىن ساز ئۆگىنىشكە باشلاپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن ئاھاڭلارنى ئۆزلەشتۈرگەن. ھۇسيىن تەمبۇر سۇيىدۇڭدە كۆپ ۋاقىت تۇرغان ۋە سازغا كامىللىقى بىلەن داڭق چىقارغان. 30-يىللارنىڭ بېشىدا ئۇ كۈرەدە ئېچىلغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ساز مۇئەللىمى بولغان. 1934-يىلى غۇلجىدا سەنائىي نەفىسە قۇرۇلغاندا، ئەڭ دەسلەپكى قابىل سازچىلار قاتارىدا چاقىرتىلغان. ئۇ ھەسان تەمبۇر، روزى تەمبۇر قاتارلىق مۇزىكا ئۇستىلىرى بىلەن بىللە ئەينى يىللاردا سەھنىلەشتۈرۈلگەن خەلق داستانلىرى «غېرىب-سەنەم»، «پەرھاد-شېرىن» قاتارلىق ئەسەرلەرگە مۇقام ئاھاڭلىرىنى كىرىشتۈرۈشتە كۆپ ھەسسە قوشقان. ھۇسيىن تەمبۇر «جۇنۇن ئىككىنچى»، «دېھقان ناخشىسى»، «مۇجدى كەلدى»، «كىردىم يولۇڭغا» قاتارلىق يېقىملىق ئاھاڭلارنى ئىشلىگەن.

ھۇسيىن تەمبۇر خۇشخۇي، چاقچاقچى، ئاۋازى ساز سەنئەتكار بولۇپ، مۇقام ۋە خەلق ئاھاڭلىرىنى تەمبۇردا نەپىس ئورۇنداپ، تەمبۇرغا ناخۇل چېكىشنى كامالەتكە يەتكۈزگەن. ئەپسۇسكى شۇم ئەجەل بۇ ياش تالانت ئىگىسىنى 1938-يىلى 34 يېشىدىلا ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتتى. ھۇسيىن تەمبۇرنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى خەۋەر ئەينى چاغدا ئىلىنى تەۋرىتىۋەتكەن. دەپنە مۇراسىمىغا مۇزىكا ئەترەتلىرى قاتنىشىپ، مەرھۇمنىڭ جەستى ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۇزىتىلغان. روزى تەمبۇر بۇ تالانت ئىگىسىنىڭ ئۆلۈمگە ھەسرەت چېكىپ، بېلىگە ئاق باغلاپ، تاۋۇتنىڭ ئالدىدا يىغلاپ ماڭغان.

(رەتلىگۈچى: مەمتىمىن ھوشۇر)

# زوردۇن نۇسرەت

(1904 — 1975)



زوردۇن نۇسرەت ئىلى خەلقى ئېتىراپ قىلىدىغان تالانتلىق سازەندىلەرنىڭ بىرى. ئۇ 1904-يىلى غۇلجا شەھرىنىڭ توغرا كۆۋرۈك مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. زوردۇن كىچىكىدىنلا دورامچى، قىزىقچى، سازغا ھەۋەسمەن بالا ئىدى. تولا ۋاقىتلاردا قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ قويۇپ سازچىلار نەغمە قىلىۋاتقان سورۇنلارنى قوغلىشىپ كېتىپ قالاتتى. ئۇ دەسلەپتە سىدىقجان دېگەن كىشىدىن ساز ئۆگەنگەن.

غۇلجىدا 30-يىللارنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا سەنائىي نەفىسە تەشكىل قىلىنغاندا زوردۇن نۇسرەت بۇ ئۆمەككە قاتناشقان. ئۆمەكتە ھەسان تەمبۇر، روزى تەمبۇر، ھۆسيىن تەمبۇر قاتارلىق مەشھۇر نەغمىچىلەردىن ساز ئۆگەنگەن. سەھنە ئەسەرلەردە ھەجۋىي روللارغا چىققان. «غېرىب-سەنەم» ئوپېراسىدا ئابدۇللا شاتىر رولىنى ئالغان. زوردۇن نۇسرەت

ئۇسسۇللۇق نومۇر «قارا يورغام» نى ئورۇنداش ۋە كومېدىيىلەردە قىزىقچىلارنىڭ رولىنى قاملاشتۇرۇش بىلەن مەشھۇر ئىدى. شۇنداقلا ئۇ ئىلىدىكى مەشھۇر چاقچاقچىلارنىڭ بىرى. ئاتاقلىق خەلق قىزىقچىسى ھېسام قۇربان دائىم: «ئەسلىدە مەن چاقچاقلىشىشنى زوردۇنكامدىن ئۆگەنگەن» دەيدۇ.

زوردۇن نۇسرەت دۇتار، تەمبۇر چېلىشقا ماھىر ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ تەمبۇرنى ناھايىتى قائىدىلىك، نەپىس چالاتتى. مۇقام ئاھاڭلىرىنى تەمبۇر بىلەن ئورۇنداشتا ئۇنىڭ تۆھپىسى زور. خۇش چاقچاق، چوڭچىلىقى يوق، تەمەدىن خالىي، ئاق كۆڭۈل بۇ ئادەم پۈتۈن ئۆمرىدە مۇقامغا ئىشتىياق باغلاپ، سەنئەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، 1975-يىلى غۇلجا شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

(رەتلىگۈچى: مەمتىمىن ھوشۇر)



# خەيرنساخان

(1905 — 1970)

خەلق ناخشچسى ۋە مۇقامچسى خەيرنساخان قەشقەر شەھەر تەۋەلكدكى موللازەدە مەھەللسدە تەخمنەن 1905-يللرى تۇغۇلغان. ئۇنڭ دادسى ئاتاقلق مۇقامچلاردن ئدى.

خەيرنساخان تۇغۇلشدلا ئەما بولۇپ، باللق دەۋردە دادسدن مۇقام ۋە خەلق ناخشلرنى ئاڭلاپ قۇلقنى پشۇرغان، دۇتار چېلشنى ئۆگەنگەن، كېينچە دادسى ئالەمدن ئۆتۈپ، ئانسى بلەن ئگە-چاقسز قالغان.

ئۇنڭ ئاۋازى ناھايتى ساز ۋە مۇڭلۇق بولۇپ، ناخشلرى ئۇنڭ پېغان-ھەسرەتلك تۇرمۇشى بلەن زچ برلشپ كەتكەن. خەيرنساخان ئۇستا دۇتارچى بولۇپ، ئۇ ئۆزى تۈزگەن قوشاقلارنى ئۆزى ئاھاڭغا سېلپ ئوقۇپ، بولۇپمۇ ناۋا مۇقامنى راسا ۋايغا يەتكۈزۈپ ئېيتپ، كشلەرنڭ قەلبنى لەرزگە سالاتتى.

ئازادلقتن كېين خەيرنساخاننڭ سەنئەت ھاياتى يېڭدن باشلانغان. 1952-يلى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن جەنۇبى شنجاڭ بويچە 1-قېتملق خەلق سەنئەتكارلرى كۆركدە خەيرنساخان ئۆزنڭ يېقملق ناخشسى بلەن 1-دەرجلك مۇكاپاتقا ئېرشتى.

1953يلى ئۇ قەشقەر سەنئەتكارلرنڭ ۋەكلى سۈپتدە شنجاڭ ئۆلكلك ئەدەبيات-سەنئەتچلەر برلەشمسنڭ 1-قېتملق

قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ھەمدە بۇ قۇرۇلتاي مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئۆلكىلىك خەلق سەنئەتكارلىرى كۆرىكىگە قاتنىشىپ، زور ئالقىشقا ئېرىشكەن. بۇ ئەما مۇقامچىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىنى قاپلىغان. خەلق سۆيگەن بۇ سەنئەتكار 1955-يىلى مەملىكەتلىك خەلق سەنئەتچىلىرى كۆرىكىگە قاتنىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان ھەمدە كۆرەك مەزگىلىدە يولداش ماۋزېدوڭ قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەممىي قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. مەركەز ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بۇ تالانتلىق مۇقامچىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، بېيجىڭدا ئۇنىڭ كۆزىنى داۋالاشقا ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تۇغما ئەما بولغاچقا، داۋالاپ ساقايتىشقا ئامال تېپىلمىغان. شۇنداق بولسىمۇ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلغان. ئۇ بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان ھەمدە يەرلىك ھۆكۈمەت غەمخورلۇق قىلىپ، كونىشەھەر ناھىيىسىدىن ئۆي-ماكان بېرىپ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرغان. شۇنداق قىلىپ تۇل ياشىغان خەيرىنساخاننىڭ 40 يىلغا يېقىن ھاياتى مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرىنى ئوقۇش بىلەن ئۆتكەن. ئۇ يەنە خەلق قوشاقچىسى بولۇپ، ئەركىنلىك ۋە ئازادلىقنى، بەختىيار تۇرمۇشنى ۋە سوتسىيالىزمنى مەدھىيىلەيدىغان كۆپلىگەن قوشاقلارنى تۈزۈپ ناخشا قىلىپ ئوقۇغان. خەيرىنساخاننىڭ ئاۋازى تەبىئىي يۇقىرى ئاۋاز بولۇپ، كۈچلۈك مىللىي پۇراققا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ناخشىلىرى خەلق ئارىسىدا يۇقىرى شۆھرەت قازانغان. بۇ تالانتلىق خەلق ناخشىچىسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پېنسىيە پۇلى بىلەن تۇل ياشاپ، 1970-يىلى 65 يېشىدا ۋاپات بولغان.

# قاسىمجان قەمبىرى

(1906 — 1956)



قاسىمجان قەمبىرى 1906 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بۇيامەت كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

قاسىمجان قەمبىرى دەسلەپ ئاتۇشتا ئېچىلغان پەننىي مەكتەپتە، كېيىنچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەركەت، تاشكەنت قاتارلىق جايلىرىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇپ يۇقىرى مەلۇمات ئالغان. ئۇ كىچىكىدىنلا ئەدەبىيات-سەنئەتكە قىزىقاتتى. ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئەدەبىيات-سەنئەت كۇرژۇكلىرىغا قاتنىشىپ ئەدەبىيات-سەنئەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى سەنئەت ھەركىتى ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. كېيىن ئۇ تاشكەنتتىكى چەت ئەل پۇقرالىرى ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىرگەندە، زامانداشلىرى شائىر ئۆمەر مۇھەممىدى (1906 — 1931)، شائىر ھېزىم ئىسكەندەرلەر (1906 —؟) بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىدە بىللە بولغان.

ئۇ 1931 - يىلى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ يېڭى مەدەنىيەت تارقىتىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كېيىن مەھەللىۋى سەنئەت ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوينالغان ھەرقايسى درامىلاردىن بەزى ئېپىزوتلارنى تاللاپ ئوينايدۇ. قالاقلىق، فېئوداللىق، خۇراپاتلىقنى سۆكىدىغان تىياتىرلارنى ئويناش ئارقىلىق، خەلقنىڭ يېڭى زامان تىياتىرىغا بولغان ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، تىياتىر سەنئىتىگە بولغان ھەۋىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

1934 - يىلى 11 - ئايدا ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. قاسىمجان بۇ ئۇيۇشمىنىڭ مەسئۇل كاتىپى بولىدۇ ۋە ئۇيۇشما قارىمىقىدا يېڭىدىن سانائىي نەفىسە قۇرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ مەسئۇللىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي سەنائىي نەفىسە «يالغان تېۋىپ»، «پېرىخۇن» قاتارلىق درامىلارنى ئوينايدۇ ھەمدە سۇيدۇڭ قاتارلىق جايلاردىن روزى تەمبۇر، ھەسەن تەمبۇر، ئابلا دۇمباق قاتارلىق مۇقامچى — سازەندىلەرنى سەنائىي نەفىسگە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلار ئورۇندىغان مۇقام ۋە مۇقام مۇزىكىلىرى قاسىمجاننى خۇشال قىلىدۇ. ئۇ، بۇ مۇزىكىلاردىن پايدىلىنىپ چوڭ دراما ئىشلەش نىيىتىگە كېلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ سوۋېت ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئىسمايىل ساتتاروپ تۈنجى بولۇپ ياۋروپا تىياتىرى قائىدىسى بويىچە سەھنىلەشتۇرگەن «غېرىب-سەنەم» داستانىنى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ مۇزىكا بايلىقىدىن پايدىلىنىپ رەسمىي مۇزىكىلىق دراما قىلىپ ئىشلەپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا بىللە بولغان جالال يەھياروپ دېگەن بۇرادىرىنىڭ ياردەمچى رېژىسسورلىقىدا، ئۆزى غېرىبنىڭ رولىنى، ئايالى رازىيە خانىم سەنەمنىڭ رولىنى ئېلىپ سەھنىلەشتۇرىدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ مۇقام مۇزىكىلىرى تىياتىر سەنئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا كىرىشىدۇ.

1936 - يىلى قاسىمجان قەمبىرى جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامالغان.

1942-يىلىنىڭ ئاخىرى جامائەتنىڭ بېسىمى بىلەن تۈرمىدىن بوشىتىلىپ، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما سەنائىي نەفىسە ئارتىس ۋە رېژىسسور بولۇپ ئىشلەيدۇ ۋە «غېرىب-سەنەم»، «پەرھاد-شېرىن» دراملىرىدا باش رول ئالىدۇ.

ئۇ 1946-يىلى قەشقەرنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، 1950-يىلى يەكەننىڭ ۋالىيسى بولغان ۋاقىتلىرىدا سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپە قوشىدۇ. بولۇپمۇ ئون ئىككى مۇقامنىڭ رەتلىنىپ بۈگۈنكى تەرەققىياتقا ئىگە بولۇشىدا قاسىمجان قەمبىرى زور رول ئوينايدۇ. ئۇ ۋالىي بولغان مەزگىلدە (1950-يىلى) ھەرقايسى ناھىيىلىك، يېزىلىق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلارغا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، خەلق ناخشا-مۇزىكا بايلىقلىرىنى قېزىپ-رەتلەش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىدۇ. شۇ چاغدىكى قاغىلىق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى مەرھۇم ئابدۇرشىت ئىسلام (داموللا) مەشھۇر مۇقامچى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ قاغىلىقتا خەلق ئەلنەغمىچىلىقى بىلەن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى قاسىمجانغا دوكلات قىلغاندا، قاسىمجان قەمبىرى تۇردى ئاخۇن ئاكىنى يەكەنگە ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ مۇقامچىلىقتىكى كارامىتىنى كۆرىدۇ-دە، ئۇنى دەرھال ئائىلىسى بىلەن يۆتكەپ كېلىپ، يەكەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ساز ئۇستازى قىلىپ بېكىتىدۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش، لېنتىغا ئېلىش توغرىسىدا دوكلات يازغان. بۇ ئىشقا سەيپىدىن ئەزىزى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇنى يەكەن ۋىلايىتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرغان. كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە يەكەنگە بېرىپ تۇردى ئاخۇن ئاكا ئېيتقان مۇقام ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ ئىشنى ئۆلكىلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ھەيئىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرغان. شۇنىڭ بىلەن تۇردى ئاخۇن ئاكا باشلىق ھەرقايسى جايلاردىكى داڭلىق مۇقامچىلار ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ، ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش، تولۇقلاش، لېنتىغائېلىش

خىزمىتىنى باشلايدۇ. بۇ ئۇنتۇلماس خىزمەتتە قاسىمجان قەمبىرىنىڭ رولى ئىنتايىن زور.

قاسىمجان قەمبىرى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى تىياتىر سەنئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، رەتلەش، قېزىش، تولۇقلاش ۋە ساقلاپ قېلىشقا يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ مۇقام ئورۇنداش جەھەتتە ئاجايىپ ئىقتىدارلىق سەنئەتكار ئىدى. ئۇ 1956-يىلى 3-ئاينىڭ3-كۈنى كۈنى قەشقەردە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان. مەرھۇم قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتى ۋە مۇقام تەرەققىياتى يولىدا كۆرسەتكەن تارىخىي تۆھپىسىنى خەلقىمىز مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)

# ئەمەت سېتنىياز

(1906 — 1978)

مۇقامچى ۋە داڭلىق سەنئەتكار ئەمەت سېتنىياز (لەقىمى پەمباش) تۇرپان يەرلىك مۇقام-مەشرەپلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، يۇرۇشلەشتۈرۈپ، كۆپلىگەن شاگىرت يېتىشتۈرگەن، تۇرپان مۇقاملىرىنى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن مەشھۇر مۇقامچىلاردىن بىرى.

ئەمەت سېتنىياز 1906-يىلى تۇرپان ۋىلايىتى پىچان ناھىيىسى كارىز يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1978-8-ئايدا قىزىلئۆڭگەچ راكى بىلەن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئەمەت سېتنىيازنىڭ چوڭ دادىسى موللا هامۇت پەمباش ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ، مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتقان، تونۇلغان ئەلنەغمىچىلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى سېتنىياز پەمباشمۇ (ئەمەت پەمباشنىڭ ئاتىسى) مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى. ئۇ بىر كىچىك مەسچىتنىڭ ئىمامى بولۇپ، تېۋىپچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. سېتنىياز پەمباش كىچىكىدىن تارتىپلا ئاتا-ئانىسىنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىسى ئاستىدا، يەرلىك مۇقام ۋە خەلق قوشاقلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئەل ئىچىدە شۆھرەت قازانغان.

ئەمەت پەمباش مۇشۇنداق سەنئەتكار ئائىلىدە تەربىيە

كۆرۈپ ۋە ئۆگىنىپ ناھايىتى تېزلا ئەلنەغمىچى بولۇپ تونۇلغان. ئۇ ئەۋەيدۇللا، تۇردى ئاخۇن، مامۇت چېلەك، ئەخمەت باماقچى قاتارلىق تەڭتۇشلىرى بىلەن مۇقام ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، مەھەللىنىڭ چەت-يىراق جايلىرىغا بېرىپ مۇقام ئۆگىنىپ ساتار، داپ قاتارلىق سازلارنى مەشق قىلىپ ماھارىتىنى ئۆستۈرگەن ھەمدە پېشقەدەم مۇقامچىلارنى ئۇستاز تۇتقان. مۇشاۋرەك مۇقامنى ساتار بىلەن چېلىپ ئېيتىش ئارقىلىق ئۇن نەچچە يېشىدىلا ئەل ئىچىگە تونۇلۇشقا باشلىغان. كېيىن مۇشاۋرەك، ئۇششاق، رەك (راك) پەنجىگاھ، ناۋا، سابا، بايات، چەببىيات، دولان مۇقامى تۇيۇق بايات ۋە چارىگاھ قاتارلىق مۇقاملارنى تولۇق ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ تەسىرى ۋە يېتەكلىشى ئارقىسىدا بىر تۇغقان ئىنىلىرى يۈسۈپ پەمباش، سېيىت پەمباشلارمۇ مۇقام ۋە ساز ئۆگىنىپ، خەلق ئىچىدە داڭقى بار خەلق ئەلنەغمىچىلىرىدىن بولۇپ يېتىلگەن. ئۇ ئوغلى نىياز ئاخۇننىمۇ كىچىكىدىن چىڭ تۇتۇپ تەربىيىلەپ ئىز باسار قىلىپ يېتىشتۈرگەن. ئۇ ئۆز رايونىدا كۆپلىگەن ھەۋەسكارلارنى تەربىيىلەپ، «مۇقام ئۇستازى» دېگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان.

ئەمەت پەمباش يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئەلنەغمىچىلىك ھاياتىدا تۇرپان مۇقاملىرىنى ۋە يەرلىك خەلق قوشاقلىرىنى تولۇق ئىگىلەش بىلەن بىرگە، بۇ مۇقاملارنى يۇرۇشلەشتۈرۈش، رەتلەش ۋە ئۇنىئالغۇغا بېرىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئىز قالدۇرۇش يولىدا سەممىي ئەجىر قىلغان.

(رەتلىگۈچى: غۇپۇر ئەخمەت، مامۇت قاسىم)

# تۆمۆر سۇناي

(1908 — 1967)

تالانتلىق سەنئەتكار ۋە مۇقامچى تۆمۆر بەكرى 1908-يىلى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازىرىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

زېرەك، ئەقىللىق تۆمۆر بەكرى كىچىكىدىنلا سەنئەتخۇمار بالا بولۇپ ئۆسكەن. ئۇ دەسلەپتە تەشتەككە تېرە تارتىپ ناغرا ياساپ چېلىپ تەڭتۇشلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاچقان. كېيىن بوش ۋاقىت تاپسىلا ناغرا، سۇنايچىلارغا ئەگىشىپ يۈرۈپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئۆگەنگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپان ئەلنەغمىچىلىكىنىڭ مۇھىم ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان لۈكچۈن بازىرى ئۇنىڭ مۇقام ۋە ساز ئۆگىنىشى ئۈچۈن قولايلىق شارائىتقا ئىگە ئىدى. ئۇ ناھايىتى تېزلا سۇناي، ناغرا، داپ، چاڭ، نەي، راۋاب، دۇتار، تەمبۇر قاتارلىق ھەرخىل مىللىي چالغۇلارنى پۇختا ئىگىلەپ ئەل ئىچىدە شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ داڭقى لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىغا يېتىپ، ئوردا سازەندىسى قىلىپ تاللانغان. ئۇ ئوردىدىكى نەغمە پائالىيەتلىرىدە ۋە ئاممىۋى مەشرەپلەردە ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىپ «تۆمۆر سۇنايچى» دەپ نام ئالغان.

ئۇ 1940-يىلى لۈكچۈندە قۇرۇلغان «ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» غا قوبۇل قىلىنىپ، ئۇيۇشمىنىڭ سەنئەت ئۆمىكىدە غوللۇق سازەندە بولۇپ ئىشلىگەن ھەمدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ

ئۇرۇمچىدە ئېچىلغان سەنئەت تايانچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئەۋەتىلىپ بىلىم ئاشۇرغان. 1944-يىلى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئاساسىدا ئىشلەنگەن «غېرىب-سەنەم» دىرامىسىنى لۇكچۇندە تەييارلاپ ئورۇندىغاندا ئاساسلىق روللارنى ئالغان ھەم ساز چالغان.

ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن سودا، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئورۇنلىرىدا مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن سەنئەتتىن، بولۇپمۇ سۇنايچىلىقتىن زادىلا قول ئۈزمىگەن ھەمدە نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرگەن. لۇكچۇنلۇك شېرىپ سۇنايچى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى داڭلىق ناغرىچى ئىمىن نىياز قاتارلىقلار تۆمۈر سۇنايىنىڭ شاگىرتلىرىدۇر.

مەشھۇر سۇنايچى ۋە مۇقامچى تۆمۈر بەكرى «مۇزىكا ئۇستازى» دەپ ئاتىلىپ، خەلقنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتلاردا ئورۇندىغان سۇناي ئاھاڭلىرى ئۈنئالغۇغا تولۇق ئېلىنمىغان. پەقەت پېشقەدەم مۇقامچى سىدىق ساقال بىلەن بىرلىكتە ئورۇندىغان «مۇشاۋىرەك»، «سابا» مۇقاملىرىنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسى كېيىنكىلەرگە خاتىرە بولۇپ قالغان.

1967-يىلى 1-ئايدا بۇ تالانتلىق سازەندە ۋە مۇقامچى كېسەل سەۋەبى بىلەن 59 يېشىدا ۋاپات بولغان.

(رەتلىگۈچى: غوپۇر ئەخمەت. مامۇت قاسىم)

# راجى غوجامنىياز

پېشقەدەم ئەلنەغمىچى ۋە قوشاقچى راجى غوجامنىياز 1909-يىلى ئاراتۈرۈك نوم يېزىسىنىڭ قىرساي مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

ئۇ ئۆسمۈرلۈك چېغىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان. ئۇ كىچىكىدىنلا شوخ ھەم زېرەك بولۇپ، ناخشىغا ئامراق ئىدى. ئۇ ئۇستازى ھادى بوسۇقنىڭ تەسىرىدە قوشاق، بېيىت ئوقۇش ۋە مۇقام ئېيتىشقا بېرىلىپ، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى تەرتىپى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈپ ئالاھىدە داڭ چىقارغان.

راجى غوجامنىياز 1880-يىلدىن ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە قۇمۇلدا بولۇپ ئۆتكەن زور ۋەقەلەر ۋە شەخسلەر توغرىسىدىكى قوشاق، بېيىت، داستانلار، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ھەمدە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەت، مەۋسۇم، مۇراسىم پائالىيەتلىرىگە ئائىت قوشاقلار، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل تېمىلارغا مۇناسىۋەتلىك بېيىت-قوشاقلارنى مۇكەممەل بىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇلارنى ئاھاڭغا سېلىپ مۇزىكا ئارقىلىق ئورۇنداش ماھارىتىدىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن نامى مەشھۇر. 1982-يىلى 12-ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىي-مائارىپ باشقارمىسى ئۇيۇشتۇرغان ئاراتۈرۈك ناھىيە نوم يېزىسىدىكى قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەش، توپلاش، ئۈنئالغۇغا ئېلىش پائالىيىتى جەريانىدا، راجى غوجامنىياز ئۆزىنىڭ قۇمۇل مۇقاملىرىنى ئورۇنداشتىكى ماھارىتى بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ

مۇكەممەل ساقلىنىپ قېلىشىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان.

راجى غوجامنىياز گەرچە ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مۇقام ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەش- يېتىشتۈرۈشكە يەنىلا تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە.

(رەتلىگۈچى: ئېلى ئىسمايىل، مۇھەممەت ئېلى)



# مۆيدىنخان ناغرىچى

(1910 — 1977)

مۆيدىنخان ناغرىچى قەشقەر شەھىرىدىن بولۇپ، 1910 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ھېيت- بايرام، رامىزانلاردا قەشقەر ھېيتكا پەشتىقىدا چېلىنىدىغان مۇقام مۇزىكىلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايدۇ. ئۇ كېيىنچە بوش ۋاقىتلىرىدا ھېيتكا جامەسىنىڭ پەشتىقىغا چىقىپ دوم ناغرا (يالغۇز ئۇرۇلىدىغان چوڭ ناغرا) چېلىشنى ئۆگىنىدۇ ھەمدە كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك مۇقامنىڭ مۇزىكا رېتىمىگە ماسلاشتۇرۇپ ناغرا چېلىشنى مەشىق قىلىپ، جامائەت ئارىسىدا داڭلىق ناغرىچى بولۇپ يېتىشىدۇ.

1933 - يىلى ئاتاقلىق ناغرىچى روزى باشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قەشقەر ھېيتكا جامەسى پەشتىقىنىڭ ناغرىسى مۆيدىنخانغا مىراس بولۇپ قالىدۇ. مۆيدىنخان شۇنىڭدىن باشلاپ 40 يىل ئەتراپىدا ھېيتكا جامەسىنىڭ پەشتىقىدا ئون ئىككى مۇقامغا تەڭكەش قىلىپ ناغرا چېلىپ، مۇقام ئاھاڭلىرىنى ناغرا بىلەن ئۇرۇنداشتىكى ئاجايىپ ماھارىتى بىلەن قەشقەر خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇ يىللاردا ئۇ روزى چاقماق دېگەن بىر ناغرا ھەۋەسكارىنى ناغرىچى قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ (روزى چاقماق ھايات، بۇ يىل 80 ياش). مۆيدىنخان 1977 - يىلى قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)

# توختاشخان ئانا

( 1910—1993 )

توختاشخان 1910 - يىلى قۇمۇل دىيارىنىڭ ھازىرقى پالۋانتۇر يېزىسىغا قاراشلىق لەنگەر كەنتىدە موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ «ناخشىچى ئايلا» دەپ ئاتاشقان.

توختاشخان ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا ناخشىغا ھېرىسمەن بولۇپ، قۇمۇلنىڭ ئەينى چاغدىكى داڭلىق مۇقامچىلىرىدىن مەڭلىك ئۇستا، روزىقىزموما، كىچىك ئاپئاق، غىجەكچى روزى ئاكا قاتارلىق ئەلنەغمىچى ۋە جۇۋان-چوكانلاردىن قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بارلىق چۇشۇرگە تەركىبلىرى، ئەلنەغمە ئاھاڭلىرىنى ۋە داپ چېلىشنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن، ئۆزىنىڭ جاراڭلىق، قىزغىن، ھېسسىياتقا تولۇپ-تاشقان ئاۋازى بىلەن توي-مەشرەپ سورۇنلىرىنى جانلاندۇرۇپ كەلگەن خەلقنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلگەن.

توختاشخان 40 ياشلارغا كىرگەن چاغلىرىدا قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى پۈرۈشى بىلەن تولۇق ۋە مۇكەممەل ئۆزلەشتۈرۈپ، قۇمۇلدا تونۇلغان مەشھۇر ئايال ئەلنەغمىچىلەردىن بولۇپ قالغان.

ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ ئاتاقلىق ئەلنەغمىچى مۇقامچىلاردىن ئاخۇنبەگ، كىچىك ئاپئاق، يۇنۇس سۇلەت، ئاقپاشا، نەمەت بوسۇق قاتارلىقلار بىللە بىلەن خەلقنىڭ ھەر خىل توي-مەشرەپ سورۇنلىرىدا خەلقنىڭ دىلىغا مەنىۋى لەززەت ئاتا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشى

بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىرنەچچە قېتىملىق قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى توپلاش، رەتلەش، ئۈنئالغۇغا ئېلىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ ئاكتىپ رول ئوينىغان.

ئۆزىنىڭ بارلىقىنى قۇمۇل خەلقىنىڭ ئەلنەغمە ئىشلىرىغا بېغىشلىغان بۇ خۇشناۋا غەزەلخان 1993-يىلى 6-ئاينىڭ 17-كۈنى 82 يېشىدا كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن. قۇمۇل خەلقى بۇ خۇشناۋا ناخشىچى ئايالنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

(رەتلىگۈچى: ئېلى ئىسمايىل، مۇھەممەت ئېلى)



# نۇراخۇن

(1910—1979)

نۇراخۇن (لەقىمى نۇرسۇۋاك بولۇپ، سۇۋاك بۇ ئائىلىنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان لەقىمى) پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازار ئىچىدە 1910-يىلى دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1979-يىلى قىزىلئۆڭگەچ راكى بىلەن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 69 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

نۇرسۇۋاكنىڭ ئاتىسى پولات سۇۋاك ئاتىسىنىڭ مۇقامچىلىق كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تۇرپان مۇقاملىرىنى زور ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، زاماندashلىرى ئىچىدە شۆھرەت قازانغان مۇقامچى ئىدى. ئوغلى نۇرسۇۋاكنىڭمۇ ئۆزىدەك خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ داڭلىق مۇقامچى بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

نۇرسۇۋاكنىڭ ئانىسى ئايىنساخانمۇ نەغمىگە ھېرىسمەن ئايال بولۇپ، تۇرپان مۇقام-مەشرەپلىرىنى ئېيتاتتى. ئاتىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىتىشى ۋە ئانىسىنىڭ قوللىشى بىلەن نۇراخۇن كىچىك چېغىدىلا ئەلنەغمىچى بولۇپ يېتىلگەن. ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى مەشھۇر مۇقامچى ھاسان بالا، نەمەت بالا ۋە تۆمۈر سۇنايچى، چىگە نىياز قاتارلىق مۇقامچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىدۇ. دۇتار، تەمبۇر، ساتار، داپ، ناغرا، راۋاب قاتارلىق چالغۇلارنى پىششىق ئىگىلەيدۇ. بولۇپمۇ ساتار، ناغرا، داپ چېلىشتا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ يەنە ئاۋازىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە

يىقىملىقلىقى بىلەن جامائەتنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

نۇرسۇۋاك ئىجتىھات بىلەن تۇرپان مۇقاملىرىنى ئۆگىنىپ ۋە تولۇقلاپ، تۇرپان مۇقاملىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇشقا تۆھپە قوشقان، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تۇرپان مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ زامانىمىزغا يەتكۈزۈپ بەرگەن مەشھۇر مۇقامچى. ئۇ ھاياتىدا كۆپلىگەن شاگىرت يېتىشتۈرگەن.

1978-يىلى نۇرسۇۋاك ئۇزى ساتار چېلىپ، ئىسمايىل مەزۇننىڭ داپتا تەڭكەش قىلىشى بىلەن راك، چەببىيات، مۇشاۋىرەك، چارىگاھ، پەنجىگاھ، ناۋا، سابا، يېگى چەببىيات (ئۆزھال)، ئۇششاق، بايات ھەمدە دولان مۇقاملىرىنى تولۇق ئورۇنلاپ، ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا بېرىپ، مۇقام تەتقىقات ئىشلىرى ۋە كەلگۈسى ئىز باسارلار ئۈچۈن قىممەتلىك بايلىق قالدۇرغان.

(رەتلىگۈچى: مامۇت قاسىم)



# مەرۇپ ناسىرى



مەرھۇم پېشقەدەم، قابىل خەلق ئارتىسى ۋە مۇزىكانت مەرۇپ ناسىر غۇلجا شەھەر تەغورى كۆۋرۈك مەھەللىسىدە كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 18 يېشىدىلا ئون ئىككى مۇقام ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن ھايات كەچۈرگەن. تۇرمۇشنىڭ قاتتىقلىقىدىن 1928-يىلى سوۋېت قازاقىستانغا كېتىپ، ئالماتا ئۇيغۇر تىياتىرىدا ئارتىسلىق قىلغان. ئالماتادا بىرىنچى قېتىم قويۇلغان «ئانارخان» درامىسىغا قاتنىشىپ «زامانەڭگە ئوقۇپ لەنەت، غېرىپ-مىسكىن ئاتاڭ قالدى» دېگەن ناخشىنى دۇتار بىلەن ئورۇنداپ، ئالماتا سەھنىسىنى زىل-زىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن. كېيىن بۇ ناخشىنى ئىلىغا ئېلىپ كېلىپ تارقاتقان. «ئا جېنىم شەرۋانىخان»، «باسىللا بىللە بارايلى»، «نودىركام»، «كۆچ-كۆچ» قاتارلىق ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا چوڭ ھەسسە قوشقان. ئۇ 1934-يىلدىن 1952-يىلغىچە ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشما تىياتىر ئۆمىكىدە ئارتىس بولغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا

قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مەدھىيەلىگەن نۇرغۇن قوشاقلارنى ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىغا سېلىپ ئوقۇپ، تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. مانا مۇشۇنداق قايناق كۈرەش ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن چىققان بۇ پېشقەدەم مۇقامچىمىز ئون ئىككى مۇقامنى بېيىتىشقا ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇش بىلەن نۇرغۇن شېئىرلارغا «ئۆزھال»، «ئۇششاق»، «ئەجەم» قاتارلىق مۇقام ئاھاڭلىرىنى سېلىپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەنپەر- ۋەرلىك يولىدا ئون ئىككى مۇقامنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغان.

ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرى ئىشلىتىلگەن «غېرىپ-سەنەم»، «پەرھات-شىرىن» قاتارلىق دراما، ئوپېرالارغا قاتنىشىپ ئاساسلىق روللارنى ئالغان. مەسىلەن، «غېرىپ-سەنەم» ئوپېراسىدا شاھى ئابباس، ئابدۇللا شاتىرى، خىزىر بوۋاي، «پەرھات-شىرىن» ئوپېراسىدا خىسراۋ، ۋەزىر، «ئارشىن مالان» كومېدىيىسىدە سۇلتانباي، «شاخەي كېچىسى» دراممىسىدا روللارنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەققىدە يېزىلغان دراما، كومېدىيە، كوچا تەشۋىقات ئويۇنلىرىدىن 37سىگە قاتنىشىپ ئاساسلىق روللارنى ئالغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ «ياپوننى قوغلاپ، ۋەتەننى قوتقۇزايلى» دېگەن تېمىدا ئېيتقان قوشاقلىرىنى مۇقام ئاھاڭلىرىغا سېلىپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بارغان.

مەسىلەن:

شەرقتىن بىر سادا كەلدى،
شۇئىرغان جۇت ھاۋا كەلدى.
تۇتەك باسقان ئاراللاردىن،
سېرىق شەيتان ۋابا كەلدى.

ۋابادىن دىل يارا بولدى،
بۇ دىشۋار ئەل ئارا بولدى،
بېسۋالغان زىمىنلارنىڭ،
خەرىتى قاپ-قارا بولدى.

كېتەر قىشنىڭ زىمستانى،
ئېلىم جوڭخۇا زىمستانى.
غەربىتىن بىرلا قوزغالدى،
تۈمەنمىڭ ئىشچى دېھقانى

چېچىپ يەنئەن-ئادالەتنى،
پاچاقلاپ شۇم جاھالەتنى.
ۋەتەنپەرۋەر بولۇشقا ئۇ،
بېرەر يۈكسەك سائادەتنى.

فورتىنلاردا بۈيۈك ئىنسان،
كۆرەش قىلغاچقا مىليون جان.
فاشىت قانخور ياپونلارنى،
قىلىشتى يەر بىلەن يەكسان.

ياشا غالىب قېرىنداشلا،
ئۇلۇغ مىللەت ۋەتەنداشلار.
غەلبە ئۈچۈن تەڭكەش قىلىپ،
مۇقام سازىڭنى تەك باشلا.

بۇ مەرھۇم مەرۇپ ناسىرىنىڭ ئۇن ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىغا سېلىپ ئېيتقان ۋەتەن توغرىسىدىكى قوشاقلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. قالغان قىسمىنى تېخى رەتلەپ بولالمىدۇق.

ئۇيغۇر ئىچىدىن چىققان كومدىك، قابىل ئارتىس ۋە مۇزىكانت مەرۇپ ناسىرى 1952-يىلى يەر ئىسلاھاتى ۋە ئىجارە كېمەيتىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، كېسەل سەۋەبى بىلەن قازا قىلغان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ پەرزەنتى، ئاتاقلىق ئەرباب ئەخمەتجان قاسىمى 1947-يىلى نويابىردا «مەرۇپ ناسىرى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان چاپلىن» دېگەن.



# سەمەت ئابدۇللا

(1911 — 1976)

سەمەت ئابدۇللا 1911-يىلى قەشقەر شەھىرىدە سەنئەتكار ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى ياساش ئۇستىسى ئابدۇللا تۇردى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. سەمەت ئابدۇللانىڭ ئاتا-بوۋىلىرى مەشھۇر مۇقامچىلاردىن بولۇپلا قالماي، يەنە ئاتاقلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى ياساش ئۇستىسى ئىدى.

1929-يىلى ئابدۇللا ئاكا جاھان كۆرۈش نىيىتىدە ئوغلى داۋۇت ئاخۇن بىلەن سەمەت ئاخۇننى ئېلىپ ئۆزبېكىستاننىڭ ئوش ئوبلاستىغا چىقىپ «قىزىل چايخانا» دا ئەلنەغمىچىلىك قىلغان ھەمدە تەكلىپ بويىچە شۇ يەردە مۇزىكا ئەسۋابلىرى ياساش كارخانىسىغا كىرىپ ئىشلىگەن. بۇ يەردە ئۇ بىر تەرەپتىن قەشقەرنىڭ ئاق سۆگەكتىن نەقىش ناۋا چىقىرىپ ياسىلىدىغان دۇتار، تەمبۇر، راۋابلىرىنى ياساپ كەڭ خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوغۇللىرى بىلەن بىللە ئىسكىرىپكا ياساشنى ئۆگەنگەن. ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ئىسكىرىپكا چېلىشنىلا ئەمەس، ياۋروپاچە ئىسكىرىپكىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ياساشنى ئۆگىنىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئاتا-بالا ئەلنەغمىچىلەر ئىسكىرىپكا، چاڭ ۋە ساتارنى تەڭكەش قىلىش ئارقىلىق ئوش شەھىرىدە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ياڭرىتىپ، ئوش خەلقىنىڭ قىزغىن ھۆرمەت-ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. ئىسكىرىپكا ياساش ھۈنىرىدە سەمەت ئابدۇللا ئۆز ئىقتىدارى، پەم-پاراسىتىنى

تېزلا نامايان قىلغان. ئۇ ئىسكىرىپكىدا چېلىش ھۈنىرىدە بىر قاتار تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئىسكىرىپكىنى ئېڭىكىگە تاقاپ چېلىشنى تىزىغا قويۇپ چېلىشقا ئۆزگەرتكەن. تىزىغا قويۇپ چېلىش ئۇچۇن ئىسكىرىپكىنىڭ ئاستىغا ئاي شەكىللىك ھەرىكەتچان دىيەك قويغان ۋە بۇ تىپىك ياۋروپاچە مۇزىكىنى دادىل تەتقىق قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ئۇنى مىللىيلاشتۇرغان ۋە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇرغان. ئۇشتا تۇرغان مەزگىلدە ياش سەمەت ئابدۇللا ئىسكىرىپكىنى تىزىغا قويۇپ چېلىشنى كەشىپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرىدىن «ئۇششاق» مۇقامىنىڭ چوڭ نەغمە-مەشرەپ، مەرغۇللىرى ۋە «غېرىب-سەنەم» داستان-ناخشىلىرىنىڭ بىر نەچچە بۆلەكلىرىنى ئۆز نەغمىسىدە ئىجرا قىلىپ داڭ چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە قەدىمكى ئۇيغۇر چالغۇسى بولغان غىجەكنى زىل، ئوتتۇرا، بوم ئاۋازدا چېلىنىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق مۇزىكا قورالىغا ئۆزگەرتىپ ياساپ، ئۇيغۇر چالغۇ ئىسلاھاتىغا كاتتا تۆھپە قوشقان.

1933-يىللىرىنىڭ ئاخىرى ئابدۇللا ئاخۇن بالىلىرى داۋۇت ئاخۇن بىلەن سەمەت ئاخۇنلارنى ئېلىپ ئۇشتىن ئانا ماكانى — قەشقەر شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، مۇزىكا ئەسۋابلىرى ياساش كارخانىسى قۇرۇپ، ساتار، تەمبۇر، چاڭ، راۋاب، ئىسكىرىپكا، غىجەك، دۇتار، داپ... قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش بىلەن شۇغۇللانغان. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يىراق-يېقىن جايلىرىدىن كېلىپ چالغۇ ئەسۋابلىرىنى سېتىۋالىدىغان خېرىدارلارمۇ، ساز چېلىشنى ئۆگىنىدىغان ياشلارمۇ كۆپەيگەن. شۇ كۈنلەردە «قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» يېڭىدا تەشكىل قىلىنغان قەشقەر سەنئەت ئۆمىكى سەمەت ئاخۇننى ئۆمەكنىڭ مۇزىكانتلىقىغا تەكلىپ قىلغان، ئۇ يەنە قوشۇمچە يېتىملار مەكتىپىنىڭ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەيىنلەنگەن.

سەمەت ئابدۇللا 1935-يىلدىن 1941-يىلغىچە بولغان بەش

قارارلىق ئوقۇش مەۋسۇمىدە 250 نەپەر ئوقۇغۇچىغا ئىسكىرىپكا، چاڭ، راۋاب، غىجەك، دۇتار، ساتار قاتارلىق مۇزىكىلارنى تەڭشەش، چېلىش، تەڭكەش قىلىش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى يارامىلىق مۇزىكانت قىلىپ يېتىشتۈرگەن.

سەمەت ئابدۇللانى 1941-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى سەنائىي نەفىسە (سەنئەت ئۆمىكى) ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ، ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك داستانى «غېرىب-سەنەم» نى سەھنىلەشتۈرۈش ۋە مۇزىكىسىنى ئىشلەش خىزمىتىگە قاتناشتۇرغان.

ئازادلىقتىن كېيىن سەمەت ئابدۇللا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ 5-كورپۇسىغا ئۆزگەرتىلگەن مىللىي ئارمىيىنىڭ قەشقەر رايونىدا تۇرۇشلۇق 13-دىۋىزىيە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باش مۇزىكانتى قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇ، بۇ ئۆمەكنىڭ مۇزىكانت ئوركېستىرىنى تەشكىللىگەن ۋە بىر مۇنچە ناخشا-ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىنى ئىشلىگەن.

1953-يىلى قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئۆمىكى تەسىس قىلىنغاندا، سەمەت ئابدۇللا بۇ ئۆمەكنىڭ مۇزىكا گۇرۇپپىسىغا باشلىق بولغان.

سەمەت ئابدۇللا ئۇيغۇر مۇزىكا تەرەققىيات تارىخىدا ئون ئىككى مۇقامدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن ناخشا-ئۇسسۇل ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مۇزىكىلىرىنى ئىشلىگەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن «ئۆلكەم»، «زامان بىزنىڭكى»، «كاككۇك»، «زامانىمىنى كۈيلەيمەن»، «ئىشچىلارغا سالام»، «يا دوست» قاتارلىق ناخشىلىرى، سىمفونىيە تۈسىنى ئالغان «باھار» ناملىق ئوركېستىر-مۇزىكىسى، «يېزىدىكى شادلىق» قاتارلىق سىمفونىيە مۇزىكىلىرىدا ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇزىكىلىق پۇرىقى قويۇق ئىپادىلەنگەن.

سەمەت ئابدۇللا «قارا كۆزلەر»، «نۇرلۇق ھايات»، «رابىيە-سەئىدىن» قاتارلىق يىرىك سەھنە ئەسەرلىرىنى

مۇزىكىلاشتۇرغان. ئۇ 1940-يىللاردا قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىدە تەييارلانغان «تاھىر-زۆھرە»، «چىن مودەن»، «پەرھاد-شىرىن» (نىم شىھىت ئارمىيە ئېلى يازغان). «غېرىب-سەنەم»لەرنى سەھنىلەشتۈرۈشتە ئىجادىي ئەمگەك سىڭدۈرگەن.

1946-يىلى «ئۇن بىر بىتىم» ۋاقتىدا جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزىلەر قەشقەرگە كەلگەندە، ۋالىي ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ باغ زىياپىتىدە ئەخمەت ئەپەندىم مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا قاتارىدا سەمەت ئابدۇللاغىمۇ ئايرىم-ئايرىم ھۆرمەت تونى كىيگۈزگەن. ئەخمەتجان قاسىمى سەمەت ئابدۇللاغا: «خەلقىنىڭ جانىجان مۇقامىنى جانلىق ئالغا سۈرگەنلىكىڭىزنى ئاڭلىدىم ھەم كۆرۈپ خۇشال بولدۇم. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىز باسارلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن.

مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى ياساش ئۇستىسى ۋە ئىسلاھاتچىسى سەمەت ئابدۇللا 1976-يىلى 65 يېشىدا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

(رەتلىگۈچى: ئېلى ئەزىز)



# ئابلىز ھاجى

(1911 — 1987)

سەنئەت ساھەسىدە كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىقتىدارغا ئىگە بولغان ئابلىز ھاجى 1911 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، قەشقەر شەھىرىدە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. شۇ مەزگىللەردىلا ئۇ سەنئەتكە ھەۋەس قىلىپ، ناخشا ۋە مۇزىكا ئۆگىنىشكە باشلىغان.

1933 - يىلى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنىگە كىلىپ ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن غۇلجىغا تەقسىم قىلىنىپ، 1942 - يىلىغىچە سەنئەت مائارىپى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا ئۇ مەكتەپتە سەنئەت كۇرژوكى تەشكىللەپ سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى كلاسسىك ناخشا - مۇزىكىلىرىنى پىششىق ئىگىلەش بىلەن بىرلىكتە، ئون ئىككى مۇقامنىڭ داستان ۋە مەشرەپ قىسىملىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ داڭ چىقارغان ھەمدە سەھنىدە رول ئېلىش جەھەتتىمۇ يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولغان.

ئابلىز ھاجى 1942 - يىلى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىدە باش رولچى ۋە رېژىسسور بولغان. بۇ مەزگىللەردە ئۇ «غېرىب - سەنەم»، «پەرھاد - شېرىن» قاتارلىق بىرقانچە ناخشا - مۇزىكىلىق ئوپېرانى سەھنىلەشتۈرۈپ، ئۆزى باش رول ئالغان.

بۇ كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتلىق سەنئەتكار 1947 - يىلى شىنجاڭ ياشلار سەنئەت ئۆمىكى تەركىبىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى نامايان قىلغان. 1950 - يىلى شىنجاڭدىن تاللانغان داڭلىق خەلق سەنئەتكارلىرى قاتارىدا تۇنجى قېتىملىق غەربىي شىمال سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ يۇقىرى ئالقىشقا ئېرىشكەن.

1953 - يىلى شىنجاڭدىن تەشكىللەنگەن جۇڭگو پىدائىي قىسىملاردىن ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەن ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ ماھارەت كۆرسەتكەن. كېيىن ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئىشلەپ، مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان.

ئابلىز ھاجى غۇلجىدا تۇرغان مەزگىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر يېڭى زامان تىياتىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان، قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قايتا قۇرۇشقا بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ ئېلى خەلق ناخشىلىرىنى ئۆز ئۇسلۇبى بويىچە پۇختا ئۆگەنگەن بولۇپ، ئېلى ناخشىلىرىنىڭ قەشقەرگە تارقىلىشىدا باشلامچىلىق رول ئوينىغان. ئۇ ناھايىتى تەلەپچان ۋە خۇش پېئىل سەنئەتكار بولۇپ، ئۆمرىدە نۇرغۇنلىغان سەنئەتكارلارنى تەربىيىلىگەن. خەلق ئارىسىدىكى داڭلىق مۇقامچىلارنى ۋە خەلق سەنئەتكارلىرىنى توپلاپ ئۆزىگە جەلپ قىلغان ۋە ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەن.

بىر ئۆمۈر سەھنە ھاياتى بىلەن ئۆتكەن ئابلىز ھاجى 1987 - يىلى 76 يېشىدا قەشقەردە يۈرەك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغان.

# ئابلاخان

(1912—1989)

ئابلاخان كېيەك ئوغلى ئىلىدىكى تەسىرى بار مۇقامچىلارنىڭ بىرى. ئۇ 1912 - يىلى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. بالىلىق دەۋرى ناھىيىتى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. كېيىن موزدۇزلۇققا شاگىرت كىرگەن. ئەينى يىللاردا ئىلىدىكى موزدۇزلار ئارىسىدا داڭلىق ناخشىچى - سازەندىلەر كۆپ ئىدى. ئابلاخان بۇ ساز ئۇستىلىرىنىڭ تەسىرىدە دۇتار ئۆگەنگەن. ئابلاخان شۇ يىللاردىكى يوقسۇللۇق، يالغۇزچىلىقنىڭ دەردىنى دۇتار بىلەن مۇڭدىشىپ ئۆتكۈزۈپ، مۇزىكىدىن ئۆزىگە تەسەللى تاپقان.

ئابلاخان 1936 - يىلى ئۆزبېك سەنئەت ئۆمىكىدە ئابلاخان ھەببۇللا نەيچى دېگەن كىشىدىن نەي چېلىشنى ئۆگەنگەن. كېيىن ئۇ زىكرى ئەلپەتتانىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن شەھەر ئىچى مەھەللىسىدىكى سەنئەت كۇرژۇكىغا قاتنىشىپ نەي چالغان، سەنئەت نومۇرلىرىغا قاتناشقان. سەنئەتتىكى تالانتى كۆزگە تاشلىنىپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى سەنائىي نەفىسگە قوبۇل قىلىنغان. بۇ يەردە ئۇ دەسلەپتە نەي چالغان، كېيىن «غېرىب - سەنەم» دە قۇرئانداز، ساتارچى بوۋاي، جۇنەيدىن باغدادى قاتارلىق روللارغا چىققان.

ئابلاخان 1939 - يىلى چۆچەككە بېرىپ، چۆچەك، دۆربىلجىن قاتارلىق ئورۇنلاردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىگە قاتنىشىپ ياشلارغا

مۇزىكا ئۆگەتكەن، ئۇلار بىلەن بىللە «ئارشىن مال ئالان»، «قانلىق داغ» قاتارلىق ئەسەرلەرنى سەھنىگە ئېلىپ چىققان.

1944-يىلى ئابلاخان يەنە غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن. 1946-يىلى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرىدىن «ئىتتىپاق تىياتىرى»نى تەشكىللىگەندە، ئابلاخان كېپەكمۇ كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتچىلەر قاتارىدا ئۆمەككە چاقىرتىلغان. ئابلاخان ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا روزى تەمبۇر ئاچقان بىر نەچچە قېتىملىق مۇقام ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىپ، مۇقام ئاھاڭلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. شۇ ئاساستا ئۇ روزى تەمبۇر ۋاپاتىدىن كېيىن ئىلى رايونىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن مۇقامچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

ئابلاخان 1953-ۋە 1961-يىللىرى سەنئەت ئۆمەكلىرى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، «قارا يورغا» نومۇرلىرى بىلەن قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن. ئابلاخان كېپەك 1989-يىلى قۇربان ھېيت كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ مۇقام ئاھاڭلىرىغا پىششىق سەنئەتچى بولۇش بىلەن بىللە، يەنە داڭلىق دراما ئارتىسى، كومېدىيىلىك روللارنىڭ ئۇستىسى ئىدى.

(رەتلىگۈچى: مەتىمىن ھوشۇر)

# ئەمەتخان بارات

(1912—1977)



ئەمەتخان بارات ئىلىدا روزى تەمبۇردىن كېيىن كۆزگە كۆرۈنگەن مۇقامچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئاتاقلىق مۇقامچى بارات تەمبۇرنىڭ چوڭ ئوغلى. ئەمەتخان 1912 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ شەھەر ئىچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. دەسلەپ تە دىنىي مەكتەپتە، كېيىن پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچىمۇ بولغان.

ئەمەتخان بارات كىچىكىدىنلا ئويۇن-تاماشىغا ئامراق، ناخشا-سازغا ھېرىسمەن بالا ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ تەسىرىدە ساز چېلىشنى ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ داپ، ناغرا چېلىشتا ئالاھىدە تالانتى بار ئىدى. ئەمەتخان داپ تاكتىلىرىنى پىششىق ئىگىلەش ئۈچۈن دائىم باخشى-داخانلار پېرە ئۆتكۈزگەن ئورۇنلارغا ئوغرىلىقچە بېرىۋالاتتى.

1934 - يىلدىن كېيىن جايلاردا سەنئەت ئۆمەكلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىغاندا، ئەمەتخان بارات شەھەر ئىچىدىكى سەنئەت كۇرژۇكىغا

قاتنىشىپ زىكرى ئەلپەتتا بىلەن بىللە بولغان، كېيىن « خانىقا مەكتەپ » تىكى سەنئەت ئۆمەككە كىرىپ روزى تەمبۇرلەر بىلەن بىللە ئىشلىگەن. دادىسىدىن ئۆگەنگەن مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ تولۇق بولمىغان يەرلىرىنى بۇ يەردىكى ئۇستازلاردىن تولۇقلىغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، ئىلىدا « ئىتتىپاق تىياتىرى » قۇرۇلغاندا، ئەمەتخان بارات بۇ ئۆمەككە رەسمىي قوبۇل قىلىنغان.

ئەمەتخان بارات دۇتارنى ناھايىتى سىلىق، قائىدىلىك چالاتتى. سازچىلار تەركىبىدە ئۇ كۆپرەك داپ چالاتتى. شۇڭا ئۇ « ئەمەتخان داپ » دېگەن نام بىلەن تونۇلغان. ئەمەتخان مۇقامچى ئائىلىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغاچقا، مۇقام ئاھاڭلىرىغا قۇلىقى ناھايىتى پىششىق ئىدى. كېيىنكى ياشلارغا مۇقام داستان، مەشرەپلىرىنىڭ رەت تەرتىپىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە كۆپ ئىلھام بەرگەن، ئۇلارنى يېتەكلىگەن. ئۇ ئەينى يىللاردا بىر قىسىم يېڭى ئاھاڭلارنىمۇ ئىجاد قىلغان.

ئەمەتخان بارات 1974 - يىلى پېنسىيىگە چىقىپ، 1977 - يىلى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى غۇلجىدا 65 يېشىدا ۋاپات بولغان.

(رەتلىگۈچى: مەمتىمىن ھوشۇر)

# سەيدۇللا ھەمدۇللا

خەلق سەنئەتكارى سەيدۇللا ھەمدۇللا ئاكا قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ سادىق ۋارىسلىرى ھەم پېشۋا ئۇستازلىرى ئاخۇنبەك، ئاقپاشا ئاكىلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان مەشھۇر مۇقامچى. ئۇ كۆچ-غەيرىتىنى قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد ۋارىسلىرىنى تەربىيىلەشكە سەرپ قىلىۋاتقان تۆھپىكار مۇقام ئۇستازى.

سەيدۇللا ئاكا 1912-يىلى قۇمۇل ناھىيە قارىتال يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە دىنىي مەدرىستە ئوقۇغان ۋە شۇ مەزگىللەردىن باشلاپلا مەشھۇر ئەلنەغمىچى سىدىق ھاجىنىڭ تەسىرىدە ناخشا ۋە مۇقام ئېيتىشقا ئىشتىياق باغلاپ، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى پۈتۈن يورۇشلىرى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ۋە غىجەك، قۇمۇل راۋابى، دۇتار، بەرباب، (چاڭ)، تەمبۇر، سۇناي قاتارلىق بىرنەچچە خىل سازنى چالالايدىغان بولغان. ئۇ 1953-يىلى «ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق ئەلنەغمىچىلىرى كۆرىكى»گە قاتناشقان ھەمدە 1962-، 1963-، 1975-، 1982-يىللىرى قۇمۇل شەھەرلىك رادىئو ئۇزىلى، مەركىزىي مىللەتلەر مۇزىكا تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قۇمۇلدا ئېلىپ بارغان قۇمۇل مۇقامىنى رەتلەپ لېنتىغا ئېلىش ئىشىغا قاتنىشىپ ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن. 1980-يىلى مەشھۇر ئەلنەغمىچىلەر

بىلەن بىللە قۇمۇلدا شەرقىي شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ۋە 1993-يىلى 8-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن قۇمۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى باشلامچىلىق بىلەن ئورۇنداپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىس-ئالىملار ھەم ھەر ساھە ئاممىسىنى قايىل قىلغان.

سەيدۇللا ئاكا ئۆمرىنى قۇمۇل خەلقىنىڭ مىللىي سەنئەت مىراسلىرىنى ئۆگىنىش، ئۆگىتىش ۋە تەرتىپكە سېلىشقا بېغىشلىغان بولۇپ، قۇمۇلنىڭ قارىتال، شۇمشۇق، بوغاز، چاڭغۇ، شەھەر ئىچى قاتارلىق جايلىرىدا مۇقام ۋە ئەلنەغمىگە مۇھەببەت باغلىغان بىر تۈركۈم ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئەلنەغمىچىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىر زامانىمىزدىكى داڭلىق مۇقامچىلاردىن بولۇپ قالغان.

(رەتلىگۈچى: ئېلى ئىسمايىل، مۇھەممەت ئېلى)



# داۋۇتخان ساتارچى

(1912—1983)

مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى داۋۇتخان دادىسى مامۇت قالۇن، بوۋىسى ئەمەت ساتارچىلاردىن مىراس قالغان تەۋەررۈك ساتارنى بىر ئۆمۈر چېلىپ ۋە ئۇنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، خەلق ئارىسىدا «داۋۇتخان ساتارچى» دېگەن نام بىلەن داڭ چىقارغان مۇقامچىلاردىن بىرى.

داۋۇتخان 1912-يىلى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ مىسكەرچى كوچىسىدا، سەنئەتكار-ئەلنەغمىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن باشلاپ دادىسىغا ئەگىشىپ، چوڭ-چوڭ جامائەت سورۇنلىرى، توي-تۆكۈن، باغ سەيلىلىرى ۋە كاتتا ئاشپۇزۇللار، چايخانىلاردا تەكلىپ بىلەن نەغمە قىلىپ، ئاۋات، ئاقسۇ قاتارلىق ناھىيىلەردىمۇ داڭق چىقارغان. ئۇ يالغۇز ساتار چېلىشقا ماھىر بولۇپلا قالماستىن، تەمبۇر، قەشقەر راۋابى، غىجەك، داپ قاتارلىق چالغۇلارنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالالايتتى.

ئۇ ئۆمرىدە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىمۇ يۈكسەك ئابرويغا ئىگە ماھىر سازەندە ۋە مۇقامچىلاردىن بولۇپ يېتىشكەن.

ئۇ مەشھۇر ئۇيغۇر كلاسسىك داستانى — «سۇلتانى جەمجەمە» نى، «ئۆزھال» مۇقامىنىڭ داستانى ۋە مەشرەپ ئاھاڭلىرىنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن ئالاھىدە جانلىق ئورۇنداپ،

جامائەت ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

داۋۇتخان «سۇلتانى جەمجەمە» داستانىنى ساتار بىلەن ئورۇندىغاندا، ئاڭلىغۇچىلاردا گويا سەلتەنەتلىك پادىشاھ قايتىدىن تىرىلىپ، پۇقرالارغا پەندى-نەسىھەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى. ئاقسۇ رايونى دائىرىسىدىكى سازەندىلەر ۋە مۇقامچىلار ئارىسىدا ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنى بىر قەدەر تولۇق بىلىدىغان ۋە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىيالايدىغان مۇقامچى داۋۇتخان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

داۋۇتخان 1953-يىلى ئاقسۇ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ماھارەت كۆرسىتىشىگە تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلانغان. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ۋە ياڭراق ساتارىنى ئاڭلايدىغانلار تېخىمۇ كۆپەيگەن.

داۋۇتخان 1962-يىلى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنىپ، جام، بوزدۆڭ يېزىلىرىدا ۋە ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1963-يىلى جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان. ئۇنىڭ ساتار بىلەن ئورۇندىغان ئۇيغۇر خەلق داستانى «سۇلتانى جەمجەمە» 1982-يىلى لېنتىغا ئېلىنغان. ئۇ 1983-يىلى 4-ئايدا ۋاپات بولغان.

(رەتلىگۈچى: تۇنىياز مەتنىياز)



# زىكرى ئەلپەتتا

(1915—1986)



زىكرى ئەلپەتتا مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا ۋە روزى تەمبۇرلاردىن كېيىن، ئون ئىككى مۇقامغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان ئاتاقلىق مۇقامشۇناسلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 1915-يىلى غۇلجا شەھرىدىكى بىر ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.① ئۇنىڭ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئۆمرى مىللىتىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش بىلەن ئۆتكەن.

زىكرى ئەلپەتتا 1934-يىلى غۇلجىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدا سەنائىي نەفىسە قۇرۇلغاندا ئەڭ دەسلەپتە قاتناشقان سەنئەتچىلەرنىڭ بىرى. ئۇ سەنائىي نەفىسەدە مۇزىكا ئىجادىيىتى

① ئەلقەم ئەختەم: «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986-يىل 8-سانىدا ئېلان قىلغان «ئۇنىڭ ھاياتى» دېگەن ماقالىسىدا زىكرى ئەلپەتتانىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى «1912-يىل 5-ئاينىڭ 21-كۈنى» دەپ كۆرسەتكەن.

بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە، يەنە نۇرغۇن سەھنە ئەسەرلىرىدە روللارغا چىققان. مەسىلەن، ئۇ ئەينى يىللاردا ئوينالغان «قانلىق داغ»دا ناسىر رولىغا، «باي ۋە مالاي»دا باي رولىغا، «غېرىب-سەنەم»دە شاھى ئابباس رولىغا، «پەرھاد-شىرىن»دا خۇسراۋ ۋە پەرھاد روللىرىغا چىقىپ ئالقىشقا ئېرىشكەن، سەھنە ئەسەرلىرىگە خەلق ئاھاڭلىرىنى سەپلەش، يېڭى ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلىپ قوشۇش خىزمەتلىرىدە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ ئۇ خەلق داستانى ئاساسىدا سەھنىلەشتۈرگەن «غېرىب-سەنەم» ئوپېراسىغا كۆپلىگەن يېڭى ئاھاڭلارنى ئىشلەپ، سەنئەت جەھەتتىن بۇ سەھنە ئەسىرىنى يېپيېڭى بىر بالداققا كۆتۈرگەن. نەتىجىدە بۇ ئەسەر ئۇزۇن يىللارغىچە تاماشىبىنلار ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان، ناخشىلىرىنى خەلق سۆيۈپ ئېيتىدىغان سەھنە ئەسىرى بولۇپ قالغان.

زىكرى ئەلپەتتا ياش ۋاقىتلىرىدا ئىلىدىكى كۆپلىگەن ناخشا-ساز پېشۋالىرى بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەن. ئۇ ئەينى يىللاردا ھەسەن تەمبۇر، ھۈسيىن تەمبۇر، روزى تەمبۇر، جانى يولداشۇپ، ئاق تېيىپھاجى، ئابدۇل چۇكچۇك، مەسۇم توقۇم، ساۋۇتكام بىدىك، روشىدىن ئاكا، زۇنۇن پاينەك، روزەم سابىر، ھېزىم موللا قاتارلىق مۇزىكا ئۇستىلىرىدىن نۇرغۇن خەلق ئاھاڭلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلغان. شۇ ئاساستا ئۇ ئۆزىدە كۈچلۈك مۇزىكا تۇيغۇسى، ئاھاڭلارنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرگەن. بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا مۇزىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئاساس بولۇپ قالدى. زىكرى ئەلپەتتا ئۆزىمۇ دۇتار چېلىشتا ئالاھىدە ئۇسلۇب يارىتقان بولۇپ، دۇتارغا قول ئۇرۇشتا خاسلىقى بار ئىدى. دۇتارنى تولىمۇ چىرايلىق، يېقىملىق چالاتتى. ئۇ ئۇيغۇر ناخشا-سازلىرىغا ئۇستا بولۇپلا قالماي، ئۆزبېك ئاھاڭلىرىنى ئورۇنداشقىمۇ ماھىر ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن — 1946 - يىلى ئىلىدا « ئىتتىپاق تىياتىرى » قۇرۇلدى، 1954 - يىلى ئۇ ئىلى « ئوبلاستلىق تىياتىر » غا ئۆزگەرتىلدى. بۇ مەزگىللەردە زىكرى ئەلپەتتا كەسپىي بۆلۈمنىڭ باشلىقى بولۇپ، تىياتىرنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئۇسسۇل - مۇزىكا گۇرۇپپىلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئىلى رايونىنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا نۇرغۇن ھەسسە قوشقان، ئۇ 1959 - يىلى جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىگە يۆتكىلىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇزىكا سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تەر تۆككەن.

تالانتلىق مۇزىكانت، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتا 1986 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى. جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ پەخرى رەئىسى ئىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سابىق رەئىسى، مەرھۇم ياسىن خۇدا بەردى زىكرى ئەلپەتتانىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ سۆزلىگەن تەزىيە نۇتقىدا زىكرى ئەلپەتتانىڭ مۇقام ئىشلىرىدىكى توھپىلىرىنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن كۆرسەتكەن:

1. زىكرى ئەلپەتتا ئۆز ھاياتىدا نەچچە ئونلىغان ناخشا - مۇزىكا ئىجاد قىلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىر مۇقەددىمە، بىر تەزە، ئالتە داستان، نەغمىدىن تەركىب تاپقان « رۇخسارى » ناملىق بىر يۈرۈش ناخشا، مەرغۇلى ئۇيغۇر مۇزىكا خەزىنىسىگە قوشۇلغان يېرىك ئىجادىي بايلىق بولۇپ، ئۇنى ئاساسىي گەۋدىسى تىكلەنگەن يەنە بىر يېڭى مۇقام دېيىشكە بولىدۇ. يەنە ئۇنىڭ « پەنجگاھ »

مۇقامغا قوشۇمچە قىلىپ ئىشلىگەن نەغمىلىرى كلاسسىك مۇقام تەركىبىگە سىڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ بىر قاتار ئىجادىيەتلىرى «غېرىب-سەنەم»، «پەرھاد-شىرىن»، «غۇنچەم» قاتارلىق ئوپېرا ۋە دراممىلارغا زور مۇزىكىلىق بەدىئىي تۈس كىرگۈزگەن. ئازادلىقتىن كېيىن سەھنىلەشتۈرگەن نۇرغۇن مۇزىكىلىق دراما ۋە ئوپېرالارغىمۇ ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى سىڭگەن...

2. زىكرى ئەلپەتتا سەنئەت پائالىيىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى — ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكا بايلىقى بولغان ئون ئىككى مۇقامنى قۇتقۇزۇش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش ۋە تارقىتىش ئىشلىرىدا باشلامچىلىق رول ئوينىغانلىقىدا. ئۇ خېلى بۇرۇنلا ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى ۋارىيانتى بىلەن تونۇشقانىدى. 50-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاتاقلىق ئەلنەغمىچى، مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئىجرا قىلغان مۇقام نەغمىلىرى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغان. ئۇنى تەكرار ئاڭلاش، مېلودىيىلىرىنى سىڭدۈرۈش، مۇلاھىزە قىلىش ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. شۇنداقلا ئۇ ئون ئىككى مۇقامنى ئۆگىنىش ئىشىدا تەشەببۇسكار بولدى ۋە بۇ خىزمەتكە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى. شۈبھىسىزكى، ئون ئىككى مۇقامنى يېڭىباشتىن تىرىلدۈرۈش خىزمىتى زىكرى ئەلپەتتانىڭ جاپالىق، ئەستايىدىل ئەمگىكى بىلەن زىچ باغلانغان. ئۇنىڭ نامى مۇقام بىلەن بىللە ياشايدۇ.①

(رەتلىگۈچى: مەتمىن ھوشۇر)

① «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1986-يىل 4-سان.

# ئاقپاشا

(1915—1989)

ئاقپاشا قۇمۇل خەلق ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى، داڭلىق مۇقامچى، قوشاقچى ھەم سازەندە بولۇپ، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ۋارىسلىرى ئىچىدە تەسىرى ۋە ئابرويى ئەڭ يۇقىرى بولغان تۆھپىكار خەلق سەنئەتكارىدۇر.

ئاقپاشا 1915-يىلى قۇمۇل شەھەر ئىچى ئەزىنبازار (ئازنا بازار) مەھەللىسىدە، ئابدۇقادىر بەگ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاقپاشانىڭ ئەسلى ئىسمى ئابلەت (ئابدۇلئەھەت) بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كىچىكىدىنلا بەكمۇ ئاق ۋە سۇباتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاقسۆڭەكلەر نەسەبى بىلەن پەخىرلىنىدىغان دادىسى ئابدۇقادىر بەگ ئۇنى ئەركىلىتىپ «ئاقپاشا» (ئاق پادىشاھ)، «ئاق پاشايىم» دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن. كېيىنچە ئاقپاشا دېگەن بۇ نام خەلق ئىچىدە ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمىدىن كۆرە بەكرەك ئومۇملىشىپ قالغان.

ئاقپاشا كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا خەلق ناخشا-كۈيلىرىگە، ھېكايە-چۆچەك، ماقال-تەمسىل، تېپىشماقلىرىغا قىزىقاتتى ۋە ئۇنى ناھايىتى زور ئىشتىياق، ھەۋەس بىلەن ئاڭلايتتى. ھەر قېتىمدا باشقىلاردىن ئاڭلىغان يېڭى قوشاق، بېيىت ۋە ناخشا ئاھاڭلىرى ئۇنىڭ كىچىككىنە قەلبىدە ناھايىتى زور قىزىقىش ۋە ئىنتىلىش پەيدا قىلاتتى. ئۇنىڭ قوبۇل قىلىش ۋە ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى

ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، بىر قېتىم ئاڭلىغان ئاھاڭنى تولۇق ھەم ئەينى بويىچە ئەستە قالدۇرۇۋالالايتتى. بولۇپمۇ ئېيتىش ۋە ئورۇنداشتا ئالاھىدە ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان قۇمۇل يەرلىك مۇقاملىرىنىڭ ئاھاڭلىرىنى ئورۇنداش جەھەتتىكى ماھارىتىنىڭ ياخشىلىقى كىشىنى بەكمۇ قايىل قىلاتتى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇنىڭ داڭقى تېزلا قۇمۇل دىيارىغا تارقىلىپ كەتكەن.

تەخمىنەن 1922—1927-يىللىرى قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتنىڭ ئوغلى نەزەرنىڭ ئايالى ساجىدىخان پۇجۇڭ ئاغىچا ئاقپاشانى «ئوردىدا تەربىيە كۆرسۇن» دەپ ۋاڭ ئوردىسىغا چاقىرتىۋالغان. بۇ ئوردىغا بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغدىكى ئەڭ داڭلىق ئەلنەغمىچىلەر توپلانغان بولۇپ، ئۇلار كۈندە دېگۈدەك ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ بەگ-گۇڭلىرى ئۇيۇشتۇرغان مەشرەپ-بەزمىلەرگە قاتنىشىپ نەغمە-ناۋا قىلاتتى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاقپاشا ئوردا ئىچىدىكى داڭلىق ئەلنەغمىچى، مۇقامچى سازەندىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، تونۇشۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى قۇمۇل ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى نامايەندىلىرىدىن بولغان مەڭلىك ئۇستا، ھەسەن كەكلىك، ئاخۇنبەگ سوبۇر، يۇنۇس سۆلەت، پايىك سوپا، غىجەكچى روزى، روزى قىز موما، كىچىك ئاپپاق قاتارلىقلاردىن بىۋاستە تەلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇلار ئاقپاشاغا قۇمۇل يەرلىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئاھاڭ تېكىستلىرى ھەمدە باشقا بېيىت-قوشاقلار-نى، سازلاردىن داپ، دۇتار چېلىشنى ئۆگىتىدۇ. بولۇپمۇ ئاخۇنبەگ ئەينى ۋاقىتتىكى ئوردا ئەلنەغمىچىلىرى ئىچىدە ئەڭ ياش نەغمىچى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قۇمۇل مۇقاملىرىنى ئورۇنداش، چېلىش، ئەڭ نازۇك شىۋىلىرىگىچە ۋايىغا يەتكۈزۈپ تولۇق ئىپادىلەش ماھارىتى قالتىس ئىدى. ئاخۇنبەگنىڭ مۇقام ئورۇنداش ماھارىتى ئاقپاشاغا چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ئۇستازى، دوستى بولۇپ قالىدۇ.

1930 - يىللاردا قۇمۇلدا دېھقانلار ئىنقىلابى قوزغالغاندا ئاقپاشا باغداش، ئارىتام يېزىلىرىدا ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاقپاشانىڭ داپنى ئۇرۇپ چېلىش، چېكىپ چېلىش، داپ ياكى دۇتارنى غىجەك بىلەن تەڭكەش قىلىپ چېلىش، ئاۋازنى بوم چىقىرىش، زىل چىقىرىش (ئايالچە) تېخنىكىسى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەر ياكى ئايال نەغمىچىلەر بىلەن بولسۇن كارامەت ماسلىشىپ ئېيتالايتتى. شۇنداقلا ئۇ بېيىت-قوشاق ئېيتىش سورۇنلىرىدا ئۆزىنىڭ ھازىرجاۋابلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى نامايان قىلاتتى. شۇڭا ھەرقانداق ئەلنەغمىچى ئاقپاشا بىلەن سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشنى بەكمۇ خالايتتى. ئاقپاشانىڭ ناخشىسىغا ئاشىق كىشىلەر ئۇنى ئۆز ئۆيىدە دەم ئېلىپ ئولتۇرۇشقىمۇ ئارام بەرمەيتتى. ئۇ ھېچكىمنىڭ تىلەك-ئارزۇسىنى يەردە قويغان ئەمەس. توي-تۆكۈن، مەشرەپ سورۇنلىرى ۋە ھەرخىل سەيلە-باراۋەت پائالىيەتلىرى ئاقپاشانىڭ سەنئەت مەكتىپى ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆگىنەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگىتەتتى. ئۇنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن ئەمەت بوسۇق، ئىلياز تۆمۈر، يۈسۈپ خېلىل، ئەسەت مۇختار، ئۆمەر قارى، ئەمەت ئىسمايىل، ھاپىز ياقۇپ، ھىمىت بوسۇق قاتارلىق خەلق سەنئەتكارلىرى يېتىشىپ چىققان.

ئازادلىقتىن كېيىن ئاقپاشا مەشھۇر مۇقامچى ئاخۇنبەگ بىلەن بىللە ھەمكارلىشىپ 262 ئاھاڭدىن تەركىب تاپقان قۇمۇل مۇقاملىرىدىن باشقا، يەنە خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان نۇرغۇن ئاھاڭ، قوشاق، بېيىتلەرنى ئەسلى ئالاھىدىلىكىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا تولۇق توپلاپ، رەتلەپ، ئاھاڭلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان.

ئاقپاشا 1954 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ «ئالليەي شەرۋازىم»، «داغى پەريادەي» قاتارلىق بىر قىسىم قۇمۇل ناخشىلىرىنى ئورۇنداپ ئالاھىدە تەسىر قوزغىغان. 1963 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى مۇزىكا تەتقىقات ئورنى بىلەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك

مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى بىرلىشىپ قۇمۇل مۇقاملىرىنى ئۇنىئالغۇغا ئالغاندا، ئۇ باشقا پېشقەدەم مۇقامچىلار بىلەن بىر قاتاردا بۇ ئىشقا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغان.

ئاقپاشا ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى، خەلق ناخشىلىرىنى كۆپلەپ ئېيتقانلىقى ئۈچۈن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا ناھەق قارىلىنىپ «تۆت خىل ئۇنسۇر» قىلىنىپ كوچىلاردا سازايى قىلىنغان، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ئازار يېگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ زەربە ئۇنىڭ ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتىگە بولغان قىزغىنلىقى، مۇھەببىتى ۋە ئېتىقادىنى تەۋرىتەلمىگەن. ئۇ ئاشۇنداق ئېغىر كۈنلەردىمۇ گاھى ئاشكارا گاھى پىنھان ھالدا ناخشا ئېيتىشنى، ساز چېلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن كېيىن ئاقپاشانىڭ ئۈستىدىكى بەتناملار ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ قەلب دۇنياسى ئەركىنلىك ۋە شادىمانچىلىق بىلەن تولغان، قەلبى قەپەزدىن چىققان بۇلبۇلدەك تېخىمۇ بەھۇزۇر ناۋا قىلغان.

1975-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن قۇمۇل مەدەنىي-مائارىپ ئىدارىسى قۇمۇل مۇقاملىرىنى ئىككىنچى قېتىم ئۇنىئالغۇغا ئالغاندا ۋە 1982-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مۇقام تەتقىقات ئورنى بىلەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى بىرلىشىپ قۇمۇل مۇقاملىرىنى ئۈچىنچى قېتىم ئۇنىئالغۇغا ئېلىپ خاتىرىلىگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئالاھىدە رول ئوينىغان. بىراق سەنئەت سېپىدىكى ئېسىل گۆھەرلەرنىڭ بىرى بولغان ئاقپاشاغا بۇ تۇپلامغا قوشقان تۆھپە-نەتىجىلىرىنى كۆرۈش نېسىپ بولماي، بەختكە قارشى 1989-يىلى 11-ئاينىڭ 28-كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇ ھايات مەزگىلىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1-نۆۋەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم

رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 1-قېتىملىق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مۇزىكا-ئۇسسۇل جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

(رەتلىگۈچى: ئېلى ئىسمايىل، مۇھەممەت ئېلى)



## نەمەت بوسۇق (لەيلىخان)

(1915—1985)

داڭلىق ئەلنەغمىچى ۋە ئۇسسۇلچى (لەپەرچى) نەمەت بوسۇق (لەيلىخان) 1915 - يىلى قۇمۇل شەھەر ئىچى قارا كۆل مەھەللىسىدە تۇغۇلغان.

نەمەت بوسۇق كىچىكىدىن باشلاپلا سەنئەتكە بولغان تەبىئىي ئىنتىلىش ۋە ئوتتەك قىزغىنلىقىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتىگە جان - دىلى بىلەن بېرىلىپ، پىشقەدەملەرنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىپ، ياشلىق قىرانىغا يەتكەن مەزگىللىرىدىلا قۇمۇلدا داڭلىق ئەلنەغمىچى ھەم لەپەرچى بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە يۇمۇرىستىك لەپەرچى، قىزىقچى ئىدى. ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكىتى، يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە لەپەر ئوينىغان چاغدىكى قىلىق، ھەرىكەت، چىراي ئىپادىلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىر خىل كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھېسسىياتى ئىنتايىن كۈچلۈك، قايناق ۋە كەسكىن، ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ناھايىتى ئاسانلا ھاياجانلىناتتى، ئەمما ھاياجىنىنى ئاسان بېسىۋالالمايتتى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى ۋە خاپىلىقى، مۇھەببىتى ۋە نەپرىتى ناھايىتى روشەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى تۇيغۇلىرىنى، كەيپىياتىنى، قايغۇ - ئەلىمىنى، غەزەپ - نەپرىتىنى، زوق - شوقىنى، قىسقىسى، كۆڭۈل چىنىسىدىكى ئەڭ نازۇك داۋالغۇشلىرىنىمۇ گەپ - سۆزى، چىراي ۋە بەدەن ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق روشەن كۆرسىتىپ بېرىشكە بەكمۇ ماھىر

ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ چىرايىدا، ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئادەمنى كۈلكىگە قىستايدىغان، ماسلاشقان بىر خىل تەبىئىي يۇمۇرلۇق ھالەت ھەر ۋاقىت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنى توي-تۆكۈن، مەشرەپلەرنى بىردىنلا جانلاندۇرۇپ، قىزىتىپ، ئەۋجىگە چىقىرىۋېتىدىغان سەنئەتكارغا ئايلاندۇرغان.

نەمەت بوسۇقنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ يەنە بىرى داپ چېلىش ماھارىتىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ ئادەتتە داپنى چېكىپ چېلىش، ئۇرۇپ چېلىش ۋە چۆرگىلىتىپ چېلىشقا ماھىر ئىدى. بولۇپمۇ قۇمۇل يەرلىك ئاھاڭلىرىنى ئۇسسۇل بىلەن ئورۇندىغاندا، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ شوخ ۋە لەرزان ھەرىكەت شەكىللىرى بىلەن تاماشىبىنلارنى ئىختىيارسىز جەلپ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئويناش ئالاھىدىلىكىمۇ ئالاھىدە ئۆزگىچە بولۇپ، ھەرىكەتلىرى لەرزان، گۈزەل، ھېسسىياتلىق، يۇمۇرلۇق ۋە جەلپ قىلارلىق بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئويناشتىكى بۇ خىل ئەركىن ئۇسلۇبىنى خۇددى بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرگەن «لەگلەك»كە تەقلىد قىلىپ، ئۇنىڭغا «لەگلەكچان» دەپ لەقەم قويۇشقان، كېيىنچە بۇ نام ئۆزگىرىپ «لەيلىخان» دەپ ئومۇملىشىپ قالغان.

ئازادلىقتىن كېيىن نەمەت بوسۇقنىڭ سەنئەت ھاياتى يېڭى بىر دەۋرگە كىرگەن. ئۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇقى ھەم ئىززەتلىشىگە ئېرىشكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆز تالانتى ۋە ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش يولى كەڭ ئېچىلغان. ئۇ يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە كېمەيتىش يىللىرىدا يېزىلارغا چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىلىرى تەشكىللىگەن تەشۋىقات ئەترەتلىرىگە قاتنىشىپ «مەن ئۆزۈم بىر كەمبەغەل»، «موسا چوپاق دەمسەن مېنى»، «شىشلىشىپ ئويناڭ ئازادمۇ»، «مەن بارماي تۇرالمايمەن»، «شىڭشىڭشا» قاتارلىق بىر قاتار لەپەرلەرنى تولۇق ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپچانلىقىغا ئىلھام بەرگەن. 1956-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە

ئۆتكۈزۈلگەن ئەلنەغمىچىلەر كۆرىكىدە «مەن بارماي تۇرالمايمەن»، «شىشلىشىپ ئويناڭ ئازادەم»، «شىڭشىڭشا» قاتارلىق لەپەرلەرنى ئورۇنداپ 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 1957-يىلى تەكلىپ بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ «شىڭشىڭشا» ناخشىسىنى ئورۇنداپ پايتەختتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس خاتىرە قالدۇرۇغان ھەمدە رەئىس ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ سەممىي قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىدە نەمەت بوسۇق بىر تەرەپتىن ئەلنەغمىچىلىك ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى قاندۇرۇپ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىشتىن سىرتقى ئۇسسۇل يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەپ، شاگىرت تەربىيىلەپ، قۇمۇل مۇقام سەنئىتىنىڭ ئىزباسارلىرىنىڭ كۆپلەپ يېتىشىشىغا تۆھپە قوشقان.

1980-يىلى ئۇ قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى شتاتىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە ئىشلىگەن. 1985-يىلى 5-ئاينىڭ 30-كۈنى قۇمۇل ئەلنەغمىچىلىك سەھنىسىدە بىر ئۆمۈر نۇرلۇق چولپاندەك پارلىغان خەلق سەنئەتكارى بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتكەن.

(رەتلىگۈچى: ئېلى ئىسمايىل، مۇھەممەت ئېلى)

# ئىسمايىل ئاخۇن

ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ تۇرپان، لۈكچۈن دىيارىدا مۇقامچىلىق بىلەن ئۆتكەن سەنئەتكار ئائىلىسىنىڭ ئەۋلادى ئىسمايىل ئاخۇن 1917-يىلى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازار ئىچىدە تۇغۇلغان.

ئىسمايىل ئاخۇننىڭ كىچىك دادىسى ئىمىن ئاخۇنمۇ شۇ ئائىلىدە ئۆسۈپ-يېتىلگەن مۇقامچى بولۇپ، ئۇ تۇرپان، لۈكچۈن تەۋەسىدە خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرىنىڭ شەكلى، ئورۇنداش ئۇسۇلى جەھەتتە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى تولۇقراق ساقلاپ قالغان مۇقامچى، شۇنداقلا ئىسمايىل ئاخۇننىڭ ئۇستازى. لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ پېشقەدەم مۇقامچىسى ھېۋىزۇللا سۇناي ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىسمايىل ئاخۇن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ باش مۇقامچىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن.

1935-يىلى تۇرپاندا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، لۈكچۈندە ئۇنىڭ شۆبە ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندا، ئۇيۇشما قارىمىقىدا مۇزىكا، ئويۇن قويۇش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىنىپ، مۇقامچى ئىمىن ئاخۇن بىلەن ئىسمايىل ئاخۇن بۇ سەنئەت پائالىيىتىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغان. 1940-يىلى لۈكچۈندە ئۆتكۈزۈلگەن مۇقامچىلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش چوڭ كۆرىكىدە ئىسمايىل ئاخۇن ئۆز ماھارىتى بىلەن داڭق چىقىرىپ، «لۈكچۈننىڭ مەشھۇر مۇقامچىسى» سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن.

1950-يىلدىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىزچىل قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن يوقىلىشقا يۈزلەنگەن مۇقامنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە رەتلەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلغان. ئىسمايىل

ئاخۇن بۇ خىزمەتكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۇن ئىككى مۇقام ئاساسىدىكى تۇرپان يەرلىك مۇقاملىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە رەتلەپ چىققان.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» مىللىي مەدەنىيەتنى دەپسەندە قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇ باشقا مۇزىكشۇناسلارغا ئوخشاشلا ئازاب-ئوقۇبەتلىك كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. لېكىن ئۇ قىلچە ئۈمىدسىزلەنمەي كۈندۈزى كۈرەش قىلىنسا، كېچىسى مۇقامچى نۇرسۇۋاڭ بىلەن يوشۇرۇن ھالدا مۇقاملارنى رەتلەشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان.

1978-يىلى ئىسمايىل ئاخۇن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن پىچانغا چاقىرتىلىپ، نۇرسۇۋاڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تۇرپان، لۈكچۈن ۋارىيانتىنى ئۈنئالغۇغا ئېلىش خىزمىتىگە قاتناشقان.

1986-يىلى ئىسمايىل ئاخۇن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن تۇرپان مۇقامىنى رەتلەش-قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۈنئالغۇغا ئېلىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، خىزمەت كۆرسەتكەن.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)



# ئىمىن ئەزىز (نەي)

(1919 — 1992)

ئىمىن ئەزىز 1919-يىلى قەشقەر شەھەر ئىچىدە خەلق سازەندىسى ئەزىز ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ بالىلىق دەۋرىدە نەي چېلىشنى ئۆگىنىشكە قىزىققان. دادىسى ئەزىز ئاكا ئوغلى ئىمىن ئاخۇننى ناۋايلىققا شاگىرتلىققا بەرگەندە، ئىمىن ئاخۇن كۈندۈزلىرى ناۋايلىق قىلىپ، كېچىلىرى ھېيتكادىكى چايخانىغا بېرىپ نەي چېلىشنى مەشىق قىلغان. كېيىن چايخانا سازەندىلىرىنىڭ مۇقام مۇزىكىلىرىغا نەينى تەڭكەش قىلىپ چالالايدىغان بولۇپ كۆزگە كۆرۈنگەندە، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۇنى مەشھۇر سەنئەتكار سەمەت ئابدۇللانىڭ نەيچىسى قىلىپ بېكىتىپ ئۇيۇشما شتاتىغا قوبۇل قىلغان. ئىمىن ئەزىز داڭلىق مۇقامشۇناس، چالغۇ ئەسۋابلىرى ياساش ئۇستىسى سەمەت ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇللا ئاخۇن ئۇستا ھەم ئاكىسى داۋۇت ئاخۇن، ئىنىسى تالىپ ئاخۇنلاردىن مۇقام ئاھاڭلىرى، خەلق ناخشىلىرى ھەم ئۆزبېك خەلق مۇزىكا-ناخشىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى نەي بىلەن ئىجرا قىلىشتا ماھارەت ئىگىسى بولۇپ داڭق چىقارغان.

1936-يىلى ئۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى سەنئەت نەفىسگە قوبۇل قىلىنغان ۋە بىر ئۆمۈر خۇشناۋا نەيچى، مۇقام كۈيچىسى بولۇپ ئۆتكەن.

ئازادلىقتىن كېيىن 1950-يىلى 8-ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك

سەنئەت ئۆمىكىگە تەكلىپ قىلىنغان. شۇ يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا پايتەخت بېيجىڭغا بېرىپ ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكى تەركىبىدە دۆلەت بايرىمىنىڭ چوڭ توي تەنتەنىسى ئۈچۈن ئويۇن قويۇشقا قاتناشقان. 1953 - يىلى شىنجاڭ خەلقىنىڭ چاۋشيەن خەلقىدىن هال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەنگە بېرىپ هال سوراپ ئويۇن قويغان. 1956 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە جۇڭگو شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا - سەنئىتىنى نامايىش قىلغاندا، ئىمىن ئەزىز نەي چېلىشتىكى ئاجايىپ ماھارىتى بىلەن ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان.

ئىمىن ئەزىز قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىگەن چاغلىرىدا قەشقەر يېتىملار مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرىغا نەي مۇزىكىسى دەرسىنى ئۆتۈپ، بىرمۇنچە ئۆسمۈرنى مۇزىكانت قىلىپ تەربىيىلىگەن.

ئىمىن ئەزىزنىڭ 73 يىللىق ھاياتى مۇقامنى ئىجرا قىلىش ھاياتى بولدى. ئۇنىڭ مۇقام نەي ساداسى خەلق قەلبىدە قالدى. ئۇ 1992 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

(رەتلىگۈچى: ئېلى ئەزىز)



# قەمبەرخانىم

(1922 — 1994)

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ئۇسسۇلچىسى قەمبەرخانىم 1922-يىلى قەشقەر كونىشەھەر ئاۋات يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۇيغۇر مۇقام-مەشرەپلىرىنى ئۇسسۇل سەنئىتى تىلى بىلەن سەھنىدە ئىپادىلىگەن مەشھۇر سەنئەت ئەربابى.

قەمبەرخانىم كىچىك چېغىدا ئاتا-ئانىسى بىلەن ئۆزبېكىستانغا چىقىپ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان، ئۆزبېكىستان سەنئەت مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىپ، ئاتاقلىق ئۇسسۇل ئەربابى تامارا خانىم ۋە مۇكەررەم خانىملاردىن بىۋاسىتە تەلىم ئالغان. كېيىن موسكۋا سەنئەت شۆبىۋەنىدە بىلىم ئاشۇرغان.

1940-يىلى 1-ئايدا موسكۋا كالونى زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشمە كۆكۋول ئېچىش كونسېرت كېچىلىكىدە، قەمبەرخانىم ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسسۇلى «نىم پەردە» نى ئورۇنداپ پۈتۈن تاماشىبىنلارنى ھەيرەتتە قالدۇرغان. شۇنىڭدىن باشلاپ تالانتلىق ياش ئۇسسۇلچى قەمبەرخانىمنىڭ ئۇسسۇلچىلىق سەھنە ھاياتى باشلانغان.

1942-يىلى 4-ئايدا قەمبەرخانىم سىڭلىسى گۈلبەھرەم بىلەن بىللە ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن بىر مەزگىل چۆچەكتە تۇرۇپ ئويۇن قويۇش ۋە ئۇسسۇلچى تەربىيەلەش بىلەن شۇغۇللانغان. شۇ يىلى 11-ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن «مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكى» دە

ئۇسسۇل ئويناپ 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

قەمبەرخانىمنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ سەنئەت سېپىگە قېتىلىشى ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بېيىتىش، سەھنە سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشتە ئاجايىپ زور رول ئوينىغان. ئۇ ئۇسسۇلچىلىق ھاياتىدا كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىپلا قالماي، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى ئۇسسۇل تىلى بىلەن ئىپادىلەپ، سەھنىلەشتۈرۈش جەھەتتىمۇ ئۆچمەس سەھىپىلەر ياراتقان.

قەمبەرخانىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى، مىجەز-خۇلقىنى، ئەمگەكچان، جەسۇر، ئاق كۆڭۈل خىسلىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇنى ئۆز ئۇسسۇللىرىدا ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۆگەنگەن نەزەرىيۋى بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ ئارقا-ئارقىدىن ئىجاد قىلغان ئۇسسۇل ئەسەرلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان.

1942-يىلدىن باشلاپ «قەشقەر سەنىمى»، «غۇلجا سەنىمى»، «سىم خاراج»، «دىل خاراج»، «مۇناجات»، «تەخسە ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلغان، رەتلىگەن ۋە سەھنىلەشتۈرگەن.

1947-يىلى 5-ئاينىڭ 13-كۈنى شىنجاڭ سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا تۆھپە قوشقان 30 نەپەر ۋەتەنپەرۋەر ئارتىسنى قەدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش يىغىنىدا قەمبەرخانىم شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان ئەپەندىم تەرىپىدىن ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان، گېزىت-ژۇرناللاردىمۇ قەمبەرخانىم «ئۇسسۇل پادىشاھى»، «تىيانشان گۈلى» دەپ تەرىپلەنگەن.

ئۇ «غېرىب-سەنەم»، «پەرھاد-شىرىن» ئوپېراسى ۋە «قانلىق داغ» دراممىسىدا مۇھىم روللارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك

ئورۇندىغان. «غېرىب-سەنەم» ئوپېراسىدىكى كېنىزەك ئۇسسۇلى ۋە باش كېنىزەك ئۇسسۇلىنى ئىجاد قىلغان. باش كېنىزەك ئۇسسۇلى «ئۇششاق» مۇقامى ئاساسىدا ئىشلىنىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىقى ئۈچۈن، كېيىن سەھنىلەردە يالغۇز ئۇسسۇل بولۇپ ئوينالغان.

1961-يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن پېشقەدەم سەنئەتكارلارنىڭ سەنئەت كېچىلىكىدە قەمبەرخانىم ئۆزى ئىجاد قىلىپ سەھنىلەشتۈرگەن ئۇسسۇللاردىن «ئۇششاق»، «نىم پەردە»، «سىم خاراج»، «تەخسە ئۇسسۇلى» قاتارلىق يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇللارنى ھەمدە پېشقەدەم سەنئەتكار ئابدۇگۈل بىلەن «نازىركوم»، «داۋانچىك»، «يارىگۈللا» قاتارلىق لەتىپىلەرنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. بۇ ئۇسسۇللار تا ھازىرغىچە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئوينىلىپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى نامايان قىلماقتا.

قەمبەرخانىم 1950-يىلى غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنى سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ قانۇنىيىتى ئاساسىدا بىر يۈرۈش ئۇسسۇل دەرسلىكىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈنجى قېتىم ئىلمىي ئاساس سالغان.

قەمبەرخانىم 1955-يىلدىن كېيىن ئاسابىق شىنجاڭ شۆيۈەنى سەنئەت فاكۇلتېتى مۇدىرى ھەم شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن مەزگىللەردە ئۆزى ئوقۇتۇش ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ كۆپلىگەن تالانتلىق داڭلىق ئۇسسۇلچى ۋە ئۇسسۇل رېژىسسورلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

ئۇ 1982-يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا مىللەتلىرى مىللىي ئۇسسۇللىرىنى قوغداش، ئاسراش، گۈللەندۈرۈش يىغىنىغا جۇڭگو ۋەكىللىرى ئۆمىكى تەركىبىدە قاتنىشىپ، ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەم

نەق مەيدانىدا ئۇسسۇل ئويناپ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتكەن. بۇ يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ھاياجان ئىچىدە «قەمبەرخانىم ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ئانىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭمۇ ئانىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن ۋە زىيارەت قىلغان.

قەمبەرخانىم يېڭى زامان ئۇيغۇر سەھنە ئۇسسۇلچىلىقىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىزباسار يېتىشتۈرۈش جەھەتتە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى ئۇسسۇل تىلى بىلەن ئىپادىلەش ۋە سەھنىلەشتۈرۈش جەھەتتە ئۈلگە يارىتىپ بەرگەن. قەمبەرخانىمنىڭ ئۇسسۇل ئۇسلۇبى ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئاساسى سۈپىتىدە تەتقىقات قىلىنماقتا.

مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا نامى مەشھۇر بولغان بۇ سەنئەت ئەربابى 1994-يىلى 13-يانۋار ئۈرۈمچىدە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 72 يېشىدا بەختكە قارشى ۋاپات بولغان.

(رەتلىگۈچى: مامۇت قاسىم)



# مر ئەھمەت سەھىد ھاجىم

(1923—1991)

خەلق سازەندىسى، شائىر مىرئەھمەت سەھىد ھاجىم 1923-يىلى ئاتۇشنىڭ مەھشەد كەنتىدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1930-يىلدىن 1939-يىلغىچە ئاۋۋال ئۆز كەنتىدىكى دىنىي ساۋات چىقىرىش مەكتىپىدە، كېيىن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئوت يۈرەك شائىر مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) نىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىللىشى بىلەن قۇرۇلغان يېڭىچە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1939-يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىپ، شۇ مەكتەپتە ئۈچ يىل بىلىم ئالغان. ئۇ مەكتەپنى تاماملاپ تاكى 1949-يىلغىچە، ئاۋۋال قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەدەنىيەت بۆلۈمىدە، ۋىلايەتلىك سەنائىي نەفىسىدە، قەشقەر شەھەرلىك ئوردا ئىشىكى باشلانغۇچ مەكتىپىدە، كېيىن ئاتۇش ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەھشەد باشلانغۇچ مەكتەپتە، ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ناھىيىلىك سەنائىي نەفىسىدە بۆلۈم ئەزاسى، سەنئەتچى، ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ، ئازادلىقتىن كېيىن بىر مەزگىل سابىق ئاتۇش ناھىيىلىك ئىتتىپاق تەييارلىق ھەيئىتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىي-مائارىپ بۆلۈمىدە بۆلۈم ئەزاسى، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە نەزەرىيە گەنسىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە

بولغان. 1959-يىلدىن تاكى 1987-يىلغىچە بولغان 28يىل ئىچىدە ئۇ ئىزچىل تۇردە ئاتۇش مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلەپ، ئاتۇش مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

مەرھۇم مىر ئەھمەت سەھىد ھاجىم باللىق چاغلىرىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) يېڭى مەكتەپ ئاچقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىۋاستە تەسىرىدە بىر تەرەپتىن كلاسسىكلىرىمىزدىن ئەلشىر نەۋائى، ھۇۋەيدا، فۇزۇلى ۋە شامەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ شېئىر، غەزەللىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ، خېلى كۆپ قىسىم شېئىر-غەزەللەرنى يادقا ئالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇستازى تەۋپىقنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاۋۋال دۇتار، راۋاب چېلىشنى، كېيىن شۇ زاماننىڭ ئاتاقلىق خەلق سازەندىلىرى سەمەت ئابدۇللا، سىيىت ئەلنەغمە، ھاجى ئەلنەغمە ۋە مەشھۇر راۋابچى خۇدا بەردى ئاخۇن قاتارلىقلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ساتار، تەمبۇر، چاڭ، غىجەك، نەي ۋە داپ قاتارلىق ئۇيغۇر چالغۇلىرىنى چېلىشنى تېزلا ئۆگىنىۋالىدۇ ھەمدە شۇ زامانغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئاتۇش ۋە قەشقەر خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تېز ئۆزلەشتۈرۈۋالىدۇ. ئۇ 1943-يىلى قەشقەردىن ئاتۇشقا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋاقىت چىقىرىپ، ئازاق يېزىسىنىڭ تېتىر كەنتىدىكى ئۇلۇغ ئاخۇن، توختى قاسساپ ۋە بۇ يېزىنىڭ لەڭگەر كەنتىدىكى توختى ئاكا قاتارلىق خەلق سازەندىلىرىدىن ئون ئىككى مۇقام ئىچىدىكى بەش مۇقامنىڭ مەشرەپ، داستانلىرىنى ۋە ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ھەمدە ئەينى ۋاقىتتا خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ئۆزبېكچە ناخشا قاتارلىق 300دىن ئارتۇق ناخشىنى ئېيتىش ۋە چېلىشنى مۇكەممەل ئىگىلەپ، يۇرت ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن توي-تۆكۈن، مەشرەپ ۋە ھەرخىل ئولتۇرۇشلاردا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن.

مەرھۇم مىر ئەھمەد سەھىد ھاجىم ئازادلىقتىن كېيىن خۇددى

تاڭغا ئېرىشكەن بولبۇلدەك خەلق ئازادلىقىنى يېڭى ئەدەبىيات-سەنـ-
ئەت ئىجادىيەتلىرى بىلەن كۈيلەيدۇ ھەمدە ئاتۇش مەدەنىيەت-سەنـ-
ئەت ئىشلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۇ، ئاتۇش
ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلىگەن ئۇزاق ۋاقىت جەريانىدا،
ئىزچىل ھالدا ئاممىۋى مەدەنىيەت ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت
ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەپ، ئاتۇشنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت
ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشىدۇ. ئۇ مۇشۇ
جەريانىدا بىر تەرەپتىن، ساز چېلىش تېخنىكىسى ۋە ناخشا ئېيتىش
ماھارىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن پېشقەدەم
ئۇسسۇلچىلاردىن ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ۋە دراما ئارتىسلىرىدىن سە
ھنە ئارتىسلىرىغا خاس ماھارەتنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ، 1950-يىللاردا
«غۇنچەم»، «گۈلنسا»، «رابىيە-سەئىدىن»، «ساماق
ئاكام قايىنايدۇ» قاتارلىق دراما-كومېدىيىلەردە باش رول ئالىدۇ
ھەمدە ئۇسسۇللۇق ناخشا، لەپەر، يالغۇز كىشىلىك ناخشا-ئۇسسۇل
ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ ياكى رېژىسسورلۇق
قىلىپ، ئاتۇش سەنئىتىنى جانلاندۇرغان. ئۇ يەنە ناھىيىلىك ئىشتىن
سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىگە يېتەكچىلىك قىلىش جەريانىدا 120دىن
ئارتۇق سەنئەتچىنى تەربىيىلەپ چىققان. ئوبلاست، ناھىيىگە
قاراشلىق ئىدارە، جەمئىيەتلەردىكى ئوتتۇز كىشىگە ھەر خىل
سازلارنى چېلىشنى ئۆگەتكەن. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن ھەر بىر
ئىجتىمائىي ھەرىكەتتە سەنئەت قورالىدىن پايدىلىنىپ پارتىيىنىڭ
سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى تەشكىللەش ۋە ئاممىنى
تەربىيىلەشتە تېگىشلىك تۆھپە قوشقانلىقتىن، كۆپ قېتىم تەقدىرلىنىپ،
سىڭدۈرگەن ئەجرىگە لايىق شەرەپكە ئېرىشكەن.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن
كېيىن، ئۇ، تېخىمۇ روھلىنىپ، ئاتۇشنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت
ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا زور ئىرادە بىلەن يېڭى قەدەم تاشلىغان.
ئۇ مۇشۇ جەريانىدا بىر تەرەپتىن يېزا-كەنت مەدەنىيەت بازىلىرىنى

قوروشنى چىلك توتسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېزىلارغا بېرىپ، 300كۈپلېتقا يېقىن ئاتۇش خەلق ناخشىلىرىنى توپلاپ ۋە رەتلەپ چىققان. ئۇ توپلىغان بۇ خەلق ناخشىلىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986-يىلى كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغان ھەمدە يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ لېنتىغا ئېلىنىپ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن دۇنياغا تارقىتىلغان.

مەرھۇم مىر ئەھمەت سەھىد ھاجىم ھايات ۋاقتىدا خەلقىنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە جانلاندۇرۇش جەھەتلەردە خىزمەت كۆرسىتىپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ئەدەبىي ۋە مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا تونۇلغان. مەرھۇمنىڭ 1959-يىلى دۆلەت بايرىمىنىڭ ئون يىللىقىغا ئاتاپ يازغان «ئىككى مەنزىرە» قاتارلىق ئىككى ئوپېرا ۋە دىرامىسى ئوبلاست بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە ئەلا بولۇپ باھالانغان ھەمدە «پويىز كەلدى» ناملىق ئومۇمخور مۇزىكىسى قاتارلىق ئۈچ ناخشا مۇزىكىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە دەرىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان. يېقىندا ئۇنىڭ يەنە 40پارچىدىن ئارتۇق شېئىر-غەزەللىرى ۋە مۇزىكىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق ۋە يەرلىك گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

ئۇ يەنە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ قورغۇچىسى، ئوت يۈرەك شائىر مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق)نىڭ 30-يىللاردىكى ئىجادىي ناخشىلىرىدىن 43نى، كلاسسىك شائىر ھىجرانىنىڭ بىر قىسىم غەزەللىرىنى توپلاپ نەشرگە تاپشۇرغان.

ئۇنىڭ «ئىجادىي ئەمگەك ئۆز ئىگىسى بىلەن مۇنەۋۋەر» ماۋزۇلۇق ماقالىسى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1989-يىللىق 12-سانىغا، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ قورغۇچىسى، ئوت يۈرەك شائىر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى تونۇشتۇرۇلۇپ يېزىلغان «شائىر تەۋپىق» ماۋزۇلۇق ماقالىسى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981-يىللىق 3-سانىغا، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 30-يىللادىكى كومپوزىتورى

مەمتىلى ئەپەندى» ماقالىسى «ئاتۇش ئەدەبىياتى» نىڭ 1985-يىللىق سانىغا بېسىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بايراقدارى — تەۋپىق» دېگەن ماۋزۇدا كىتاب تەييارلاپ، 1988-يىلى شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىغا تاپشۇرغان.

ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى خەلقىنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان خەلق سازەندىسى، شائىر مىر ئەھمەت سەھىد ھاجىم ھايات شوتىسىنىڭ 68-ۋاخىنىسىنى مەنىلىك تاماملاپ، 1991-يىلى ئۆكتەبىردە كېسەل سەۋەبىدىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئاتۇشتا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ تېنى بىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھايات سەپىرىدە قالدۇرغان ئۆچمەس ئىزى خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

مىر ئەھمەد ھاجىم ئۇزۇن يىللاردىن بويان جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ «بۇغرام» ناملىق مۇقام ئىشلىگەن. مۇقامنىڭ بىر قىسىم تېكىستلىرىنىمۇ ئۆزى يازغان، يەنە بىر قىسمىنى پېشقەدەم شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ۋە كلاسسىك ئەسەرلەردىن تاللاپ كىرگۈزگەن. «بۇغرام» مۇقامى خۇددى كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامدەك چوڭ ئۈچ قىسىمدىن (چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ) تەشكىل تاپقان.

«بۇغرام» مۇقامىنىڭ تىزىلىش تەرتىپى مۇنداق:

1. مۇقام بېشى (مۇقەددىمە)
2. تەزە
3. تەزە مەرغۇلى
4. تەزە چۇشۇرگىسى
5. نۇسخە
6. نۇسخە مەرغۇلى
7. نۇسخە مەرغۇلى چۇشۇرگىسى
8. جۇلا

9 .سەنەم

10 .سەلىقە

11 .سەلىقە مەرغۇلى

12 .پەشرۇ

13 .تەكىت

داستان قىسمى

يەتتە داستان ۋە مەرغۇلدىن ئىبارەت مەشرەپ قىسمى بەش ئۆزگىرىشلىك مەشرەپتىن ئىبارەت.

مىر ئەھمەد ھاجىم ئىشلىگەن «بۇغرام» مۇقامىنىڭ دۇتار-تەمبۇر بىلەن ئۆزى ئورۇندىغان نۇسخىسى ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىنغان.

مەرھۇم «بۇغرام» مۇقامىنى نوتىغا ئالدۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرۇش، مۇمكىن بولسا سەھنىلەشتۈرۈش ئارزۇسىدا تىرىشقان. ئەپسۇسكى، بۇ ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يېتەلمەي ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا يازغان ماتىرىياللىرى ۋە ئۈن ئالغۇ لېنتىلىرى بالا-چاقىلىرى تەرىپىدىن ساقلانماقتا.

(رەتلىگۈچى: ئابلەت ئاۋامۇسلىم)

# ئاۋۇت مۇسا

داڭلىق دولان مۇقامچىسى ئاۋۇت مۇسا 1923-يىلى تارىم دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى ئېنىكنىزارلىق — ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزىسىدا ئوقۇمۇشلۇق دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

ئۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى يۈسۈپ سوپى ئەينى يىللاردىكى دولانلىقلار ئارىسىدا ئالاھىدە شۆھرەتكە ئىگە، داڭلىق ئەلنەغمىچى بولۇپ، ئاۋۇت مۇسا كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ئۇنىڭ تەربىيىلىشى ۋە يېتەكلىشى ئارقىسىدا خەلق مەشرەپلىرىگە قاتنىشىپ، مەشرەپلەردە مۇقام ئېيتىشنى، مەشرەپ ئاھاڭلىرىغا نەغمە قىلىشنى ۋە دولان مەشرەپ ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوتتۇشنى ئۆگەنگەن. كېيىن چوڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، دولانلىقلار ئارىسىدىكى چوڭ-كىچىك سورۇنلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان بارلىق خەلق مەشرەپلىرىنىڭ نەغمە-ناۋا ئىشلىرى ئۇنىڭ بىلەن باغلانغان. شۇنداق قىلىپ، ئاۋۇت مۇسا دولانلىقلار چىن قەلبىدىن ھۆرمەتلەيدىغان مەشھۇر مۇقامچى بولۇپ يېتىلگەن.

ئاۋۇت مۇسا ئازادلىقتىن كېيىن ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەتلىك خەلق سەنئىتى ۋە خەلق مۇقاملىرى تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ دولان مۇقام تېكىستلىرى ۋە دولان مەشرەپ ئاھاڭلىرىنى يىغىش، توپلاش، لېنتىگە ئېلىش، تارقىتىش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەم بەرگەن. دولان توققۇز مۇقامىنىڭ بۈگۈنكىدەك سىستېمىلىق ھالدا توپلىنىپ رەتلىنىش ۋە نەشر قىلىنىپ

كەڭ جامائەتچلك بلەن قايتا ئۇچرششى ئۈچۈن بارلقنى ئايماي خالس تۆھپە قوشقان.

ئاۋۇت مۇسا گەرچە ھازر ياشنپ قالغان بولسمۇ، دولان خەلقنڭ بۇ بباھا سەنئەت گۆھرنى كېچە-كۈندۈز ئۆزگە ھەمراھ قلپ، سەنئەتخۇمار دولانلقلارنڭ دولان توققۇز مۇقامنى كۈنسېرى ۋايغا يەتكۈزۈپ ئجرا قلپ، دولانلقلارنڭ ئۆز سەنئتى بلەن ئۆزنى پەخرلەندۈرۈپ كەلمەكتە.

(رەتلگۈچى: تۇنياز مەتنياز)

# مىجىت ساۋۇت



داڭلىق سازەندە مىجىت ساۋۇت 1923-يىلى ئاۋات ناھىيىلىك يېڭىئېرىق يېزا تۆگمەنبېشى كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق-مەرپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ساۋۇت ھاجىم ئۆز زامانىسىدىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەل ئىچىدە داڭلىق سازەندە، ماھىر غەزەلخان، يۇقىرى ئابرويغا ئىگە خۇش-خۇي مۇقامچى ئىدى.

مىجىت ساۋۇت باللىق چېغىدىلا ئەجدادلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن خەلق ناخشا-مۇزىكا ۋە ئەلنەغمىلىرىگە قىزغىن ھەۋەس ۋە ئىشتىياق باغلاپ، كۆپلىگەن خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرى، ئەلنەغمىلىرى ۋە خەلق مەشرىپى ئاھاڭلىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇ 22ياشقا كىرگەندە دۇتار، تەمبۇر، قەشقەر راۋابى، دولان راۋابى، ساتار، غىجەك قاتارلىق چالغۇلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالالايدىغان، ئەل-يۇرت ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن سازەندە ۋە مۇقامچىلارنىڭ بىرسى بولۇپ يېتىلگەن. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ سەنئەت تالانتى ئاقسۇ دىيارىدىكى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتقان. نەتىجىدە ئۇ، 1948-يىلى

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمقىدىكى سەنائىي نەفسەنىڭ مۇزىكا ئەترىتىگە قوبۇل قىلىنىپ، ئاقسۇنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان. 1950-يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنىپ، ئۆمەكنىڭ مۇزىكا يېتەكچىسى، مۇقامچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

مىجىت ساۋۇت داڭلىق مۇقامچى ھەم سازەندە بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ياساش ئۇستىسىدۇر. ئۇ ئۇيغۇر چالغۇلىرىدىن داپ، دۇتار، تەمبۇر، دولان راۋابى، قەشقەر راۋابى قاتارلىقلارنى ناھايىتى كۆركەم ھەم نەپىس، سادالىق قىلىپ ياساپ، سەنئەتخۇمار خەلقنىڭ تەشنالىقىنى زور دەرىجىدە تەمىن ئېتىپ كەلگەن.

1984-يىلى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سەنئەت بۆلۈمى ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئابدۇرېشىت ۋە ئابدۇكېرىملەر بىلەن بىرلىكتە ئورۇندىغان بىر يۈرۈش ناخشا-مۇزىكىلىرىنى لېنتىغا ئېلىپ، شىنجاڭدىكى كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ھوزۇرلىنىشىغا تەقدىم قىلغان.

مىجىت ساۋۇت كۆپ يىللاردىن بويان مۇناسىۋەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە مۇزىكا تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرى، ئەلنەغمىلىرى ۋە خەلق ناخشا-قوشاقلىرىنى يىغىش، توپلاش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەم بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ھاياتىدا مەڭگۈ ئۆچمەس تۆھپە قالدۇرغان.

•

(رەتلىگۈچى: تۇنىياز مەتنىياز)

# مەھەممەت ئابدۇللا راۋاب

ئاتاقلىق خەلق سازەندىسى، مۇقامچى مەمتاۋلا راۋاب (مەھەممەت ئابدۇللا راۋاب) 1924 - يىلى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزا ئايماق كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق، سەنئەتخۇمار دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى توختاخۇنمۇ داڭلىق مۇقامچىلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى مەھەممەت دورغا دېگەن كىشىمۇ ئەل ئىچىدە تونۇلغان ئەلنەغمىچىلەردىن بولۇپ، 1933 - يىلى 86 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەھەممەت ئابدۇللا ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن باشلاپلا ئائىلىسى ۋە يۇرتىدىكى ئەلنەغمىچىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن، دولان مۇقامى ۋە دولان خەلقى ئارىسىدىكى خەلق مەشرەپلىرىگە ئاجايىپ قىزىقىش ۋە زور ئىشتىياق بىلەن مۇھەببەت باغلىغان. ئۇ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن تەقدىرداش داڭلىق راۋابچى مامۇت زەيدىل (1988 - يىلى 110 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن) نى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن دولان راۋابىنى چېلىشنى، دولان مۇقاملىرىنى ئېيتىش ۋە خەلق مەشرەپلىرىدە ئاجايىپ ياخشى ماھارەت بىلەن نەغمە قىلىشنى ئۆگەنگەن. ئەنە شۇ يىللاردىن باشلاپ ئۇنىڭ نامى ئەل ئارىسىدا مەمتاۋلا راۋاب دېگەن نام بىلەن تارقىلىپ يۇرت ئىچىدە تونۇلغان.

مەھەممەت ئابدۇللا راۋاب 1952 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان. 1963 - يىلى يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئاۋات ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ۋە ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلىگەن. ئۇ شۇ جەرياندا دولان مۇقاملىرىنىڭ ئاھاڭلىرى، مۇقام تېكىستلىرى

ھەم ئۇنىڭ يۇرۇشلەشكەن مەشرەپ ئاھاڭلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا توپلاپ، رەتلەپ، ئۇنى سەھنىلەردە يۇرۇشلەشتۇرۇپ ئورۇنداپ، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ھۇرمىتىگە سازاۋەر بولغان. شۇنداقلا خەلقنىڭ مول مۇزىكا خەزىنىسى بولغان دولان مۇقاملىرىنىڭ ئاھاڭلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۈگۈنكى ناخشا-ئۇسسۇل ۋە تىياتىر سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى يولىدا بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن.

مەھەممەت ئابدۇللا، دولان ئاھاڭلىرى ئاساسىدا كۆپلىگەن ناخشا-ئۇسسۇل نومۇرلىرىغا گۈزەل ھەم يېقىملىق مۇزىكىلارنى ئىشلەپ ۋە ئىجاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى بەدىئىي تالانتىنى ئەل ئارىسىدا نامايان قىلغان. ئۇ ئىشلىگەن بۇ خىل نومۇرلار ئەينى يىللاردا ھەر قايسى سەھنىلەردە كۆپ قېتىم ئورۇندىلىپ، ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ سەنئەت پروگراممىلىرىدا كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ھۇزۇر ئېلىشىغا سۇنۇلغان.

مۇھەممەت ئابدۇللا راۋاب ئازادلىقتىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك سەنئەت تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك كەسپىي تارماقلارنىڭ «دولان مۇقام» تېكىستلىرى ۋە ئاھاڭلىرىنى يىغىش، توپلاش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەم بەرگەن ۋە مۇقام ۋارىسلىرىنى تەربىيىلەشتە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي ھازىرمۇ تەۋرەنمەي دولان راۋابىنى يېنىدىن ئايرىماي ناھىيە تەۋەسىدىكى ياش مۇقام ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئىز بېسىپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئىلھام ۋە مەدەت بەرمەكتە.

ئۇ، بىر سازەندە، مۇقامچى ھەم ئەلنەغمىچى بولۇپلا قالماستىن، يەنە مۇزىكا ئەسۋابلىرى ئۇستىسىدۇر. ئۇ ياسىغان دولان راۋابى، خوتەن راۋابى، دۇتار، تەمبۇر، دولان غىجەكلىرى قاتارلىق ئۇيغۇر چالغۇلىرى ئاۋات خەلقى ئارىسىدا ئالاھىدە شۆھرەت بىلەن ئەتىۋارلىنىپ، سەنئەتخۇمار دولان خەلقىنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش دوستى ھەم ھەمراسى بولۇپ قالماقتا.

(رەتلىگۈچى: تۇنىياز مەتنىياز)

# يۈسۈپ خېلىل

مۇقامچى، ئەلنەغمىچى يۈسۈپ خېلىل 1925-يىلى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نېرىنكىر يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا چوڭ بولغان؛ كىچىكىدىن تارتىپلا ئەلنەغمىچىلىككە ئىشتىياق باغلاپ دۇتار، داپ، تەمبۇر چېلىشنى ئۆگەنگەن ۋە يېزىسىدىكى پېشقەدەم مۇقامچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى پۈتۈن يۈرۈشلىرى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ھەمدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋە قاتارلىق جايلاردا ئوتتۇزدىن ئوشۇق شاگىرت تەربىيىلەپ، مىللىتىمىزنىڭ بۇ ئېسىل سەنئەت مىراسىنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.

يۈسۈپ خېلىلنىڭ ئەلنەغمە سەنئىتى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەرىكىتى شوخ، ھېسسىياتلىق، ئاھاڭى جاراڭلىق بولۇپ، كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. يۈسۈپ خېلىل يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن خەلق داستانچىسى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «يۈسۈپ ئەخمەت»، «يۈسۈپ-زۇلەيخا»، «تاھىر-زۆھرە» قاتارلىق مەشھۇر خەلق داستانلىرىنى بايان ۋە داستانلىرى بىلەن قوشۇپ مۇزىكىسىنى ئۆزى تەڭكەش قىلىپ تەسىرلىك ئورۇندىيالايدۇ. ئۇ 1988-يىل دېكابىردا قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى ئويۇشتۇرغان قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى قايتا ئۈنئالغۇغا ئېلىش، رەتلەش، تولۇقلاش خىزمىتىگە شاگىرتلىرى بىلەن بىرلىكتە قاتنىشىپ، مۇقامنى چۈشۈرگىلىرى بىلەن

ئورۇنداپ، بۇ تارىخىي مىراسنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا مۇھىم تۆھپە قوشقان.

1993-يىلى ئاۋغۇستتا قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۇ ھازىر ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ھەرخىل مەنىۋى پائالىيەت سورۇنلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، مۇقامنى تارقىتىش جەھەتتە مۇناسىپ رول ئويناماقتا.

(رەتلىگۈچى: ئېلى ئىسمايىل، مەمەت ئېلى)



## سەمەت سوپى

سەمەت سوپى 1925-يىلى ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزا بەشئېرىق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن تۆتىنچى ئەۋلاد دولان مۇقامچىسى بولۇپ، خەلق سۆيگەن دولان نەغمىچىلىرى-دىن ئاكىسى ئاۋۇت مۇسا، ئىسمايىل دادىيىم، مەھەممەت مۇسا، ئەمەت ئۇستا قاتارلىق غەزالخان سازەندىلەرنىڭ تەسىرىدە يېتىشىپ چىققان كۆزگە كۆرۈنگەن مۇقامچى ۋە ئەلنەغمىچى.

سەمەت سوپى مۇقام ئېيتىشتىكى يۇكسەك ماھارىتى ۋە بىلمى بىلەن دولان دەرياسى بويلىرىدىكى داڭلىق دولان مۇقامچىلىرىدىن ئىمىر ئىبرايىم، ئىمىن ئىسمايىل، ئىمىر ئەمەت قاتارلىق مۇقامچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

سەمەت سوپى ئازادلىقتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئۇيۇشتۇرغان كۆپ قېتىملىق مۇقامنى توپلاش، رەتلەش، ئۇنىئالغۇغا ئېلىش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، مۇھىم تۆھپە قوشقان.

ئۇ 1980-يىلى ئاۋات ناھىيىلىك مەدەنىي-مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن دولان توققۇز مۇقامنى ئۆگىنىش ۋە لېنتىغا ئېلىش كۇرسىغا باشلامچىلىق بىلەن قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر ساقلاپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك خەلق سەنئىتى بايلىقىنى جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلغان. 1983-يىلى تەڭرىتاغ كىنوستۇدىيىسى ئىشلىگەن «چېگرا يېزىغا مۇھەببەت» ناملىق فىلىمدە خەلق

مەشرەپلىرىنىڭ سۈرەتكە ئېلىنىشى ۋە كۆپ قېتىم شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ دولان توققۇز مۇقامى ۋە دولان مەشرەپلىرىنى لېنتىغا ئېلىش ئىشلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ، دولان مۇقاملىرىدىن ئىبارەت قىممەتلىك خەلق سەنئىتى بايلىقىنىڭ كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشىشى ئۈچۈن قىزغىن ياردەم بەرگەن.

(رەتلىگۈچى: تۇنىياز مەتنىياز)



# ئايىمنىسا خانىم

(1927-1994)

ئايىمنىسا خانىم 1927-يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئوششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ قەشقەر شەھىرىدە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن چوكانلار مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچى بولغان. مەكتەپ ھاياتىدىلا سەنئەتكە قىزىقىپ كۆپلىگەن خەلق ناخشىلىرى ۋە يېڭى ناخشىلارنى ئىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ مەكتەپتىكى تالانتى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار-نىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان. نەتىجىدە 1941-يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنائىي' نەفسگە ھەۋەسكار ئارتىس سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ، شۇ يىلى ھېيتكار كولوبىدا تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن ناخشا-ئۇسسۇل كېچىلىكىدە سەھنىدە مۇقامدىن پارچىلارنى ئورۇنداپ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن.

ئايىمنىسا خانىم ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ 100دىن ئارتۇق ھەر خىل خەلق ناخشىلىرىنى پۇختا ئۆگىنىپلا قالماستىن، يەنە راك، چەببىيات، ناۋا، ئەجەم قاتارلىق مۇقاملار ۋە ئۇنىڭ سەلىقە-مەشرەپلىرىنى ئۆز سىستېمىسى بويىچە ئېيتالايدىغان ماھارەتكە ئىگە بولغان ۋە ئۇنى سەنئەت كېچىلىكىدە ئورۇنداپ جامائەتنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

1943-يىلى ئايىمنىسا خانىم ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى سۈپىتىدە سەييارە ئويۇن قويۇش ئۆمىكى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ

ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىگە بېرىپ، يەرلىك ناخشا-مۇقاملارنى ئۆگىنىپ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئاتاقلىق ناخشىچى-مۇقامچى بولۇپ يېتىلگەن. 1947-يىلى شىنجاڭ ئويۇن قويۇش ئۆمىكى تەركىبىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئويۇن قويۇپ، ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقاتقان. ئۇنىڭ بىر قانچە ناخشىسى پاتېفون پلاستىنكىسىغا ئېلىنغان.

ئايىمنىسا خانىم 1950-يىلى تۇنجى قېتىملىق دۆلەت بايرىمىغا قاتنىشىپ، تيەنئەنمېن ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا راك، چەببىيات، ناۋا مۇقاملىرىنى ئېيتىپ داڭق چىقارغان. 1951-يىلى ئۈرۈمچىدە ئون ئىككى مۇقام لېنتىغا ئېلىنغاندا، ئۇ كەسپداشلىرى بىلەن بىللە بىر قانچە مۇقامنى لېنتىغا ئالدۇرغان. 1953-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىگە تەكلىپ قىلىنىپ، تاكى 1966-يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆمەكنىڭ ئۇيغۇر ناخشىچىسى، مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ ناخشا ئوقۇتقۇچىسى بولغان. شۇ يىللاردا چاۋشيەن، سىنگاپور، بىرما، ئىران، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتكە بېرىپ ئويۇن قويۇشقا قاتناشقان.

ئايىمنىسا خانىم 1966-يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنىنىڭ ناخشا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1985-يىلى دۆلەتلىك 1-دەرىجىلىك ناخشىچى ئۇنۋانى بىلەن دەم ئېلىشقا چىققان. بەختكە قارشى كېسەل سەۋەبى بىلەن 1994-يىلى 1-يانۋار ۋاپات بولغان.

پېشقەدەم سەنئەتكار ئايىمنىسا خانىم ئۇيغۇر يېڭى زامان سەھنىسىدىكى تۇنجى ئايال مۇقامچى ۋە مۇقامنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ.

(رەتلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)

# ئىمرەمزى قۇربان

دولان خەلقىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەلنەغمىچىسى، داڭلىق دولان راۋابچىسى ئىمرەمزى قۇربان 1927-يىلى ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزا ئايكۆل كەنتىدە سەنئەتكار قۇربان ئاخۇن ئەلنەغمىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئىمرەمزى قۇربان كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئاتىسى قۇربان راۋاب بىلەن چوڭ-كىچىك خەلق مەشرەپلىرىگە بىللە بېرىپ، خەلق مەشرىپى ۋە دولان مۇقاملىرىغا ئىشتىياق باغلىغان. ئۇ ئۆز مەھەللىسىدىكى ئاتاقلىق دولان راۋابچىسى مامۇت تاش (1948-يىلى ۋاپات بولغان) دېگەن كىشىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن دولان راۋابىنى چېلىش ماھارىتىنى پۇختا ئۆگىنىش بىلەن بىللە، ئۆز يېزىسىدىكى ياش مۇقام ھەۋەسكارلىرىغا دولان راۋابىنى ياساش ۋە دولان راۋابى بىلەن مۇقام ئىجرا قىلىش، دولان مەشرەپلىرىگە نەغمە قىلىش ماھارىتىنى ئۆگىتىپ، دولان مۇقاملىرى ۋە دولان مەشرەپلىرىنىڭ خەلق ئىچىدە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان.

ئىمرەمزى قۇربان 1950-يىلىدىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت-سەنئەت تارماقلىرىنىڭ دولان مۇقاملىرى ۋە خەلق ناخشا-مۇقاملىرىنى يىغىش، توپلاش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەم بەرگەن.

گەرچە ئۇ، 1988-يىلى كېسەل سەۋەبىدىن بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ شوخ، يارقىن ھەم لەرزان

ئاۋازى بىلەن، ئۇ چالغان تەۋەررۈك دولان راۋابىنىڭ مۇڭلۇق ھەم جاراڭلىق ساداسى بۈگۈنگىچە رادىئو ۋە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ئارقىلىق خەلقىمىزگە لەززەت ئاتا قىلىپ كەلمەكتە.

ئۇ، ئاۋاز بەرگەن دولان توققۇز مۇقامىنىڭ مەشرەپ ئاھاڭلىرى 1980-يىلى ئاۋات ناھىيىلىك مەدەنىي-مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن تولۇق لېنتىغا ئېلىنىپ، ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ئورگانلىرىنىڭ خەلق سەنئىتى ئارخىپلىرىدا مەدەنىيەت مىراسلىرى سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا.

(رەتلىگۈچى: تۇنىياز مەتنىياز)



# ئابلىزخان مامۇت

(1930—1983)

ئابلىزخان مامۇت 1930-يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى مامۇت ئاخۇن چالغۇچى كىشى ئىدى. ئابلىزخان دەسلەپتە ئاتىسىدىن تەمبۇر چېلىشنى ئۆگەنگەن. ئۆلكە ئازاد بولۇشى بىلەن ئىلى تىياترىغا قوبۇل قىلىنغان. بۇ يەردە ئۇ روزى تەمبۇر، ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان. «غۇنچەم»، «قانلىق داغ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىدە رول ئېلىپ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

ئابلىزخان مامۇت 1959-يىلى شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل دراما تىياترىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، مۇزىكانت ۋە ئارتىس بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ مەزگىلدە ئۇ بىر تەرەپتىن مۇساجان روزى، ھۇسەنجان جامى قاتارلىق ساز ئۇستىلىرىدىن ئۆگىنىپ تەمبۇر، ئىسكىرىپكا چېلىش تېخنىكىسىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتاقلىق مۇزىكشۇناس زىكرى ئەلپەتتادىن راك، چەببىيات، مۇشاۋىرەك قاتارلىق مۇقاملارنىڭ چوڭ نەغمىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئەينى يىللاردا روزى تەمبۇردىن ئۆگەنگەنلىرىنى تېخىمۇ تولۇقلىغان.

ئابلىزخان مامۇت 1965-يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكەلگەن. بۇ يەردە ئۇ قۇمۇل، كۇچار، تۇرپان خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگىنىپ، يەرلىك ئاھاڭلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. 1979-يىلى ئۇ يەنە شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىگە قايتىپ،

كېلىپ مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئۇيغۇر خەلق داستانى ئاساسىدا قايتا ئىشلەنگەن «غېرىپ-سەنەم» ئوپېراسىنىڭ مۇزىكىلىرىنى رەتلەش خىزمىتىگە تېگىشلىك كۈچ چىقارغان.

ئابلىزخان ماموت كۆزگە كۆرۈنگەن مۇزىكا ئىجادچىسى، ئۇ ئىجاد قىلغان «ئېتىز ناخشىسى»، «ئايەي» قاتارلىق ناخشىلارنى خەلق بۈگۈنگىچە سۆيۈپ ئېيتىپ كەلمەكتە. ئابلىزخاننىڭ بىر قانچە دراما ئۈچۈن ئىشلىگەن ئاساسىي ئاھاڭ ۋە قىستۇرما مۇزىكىلىرى دراما ۋەقەلىكىگە ماسلىشىشى، قەھرىمانلارنىڭ ھېسسىياتىنى چوڭقۇر ئىپادىلىشى بىلەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ «غۇنچەم» درامىسىغا ئىشلىگەن پەردە ئېچىلىش ئالدىدىكى مۇزىكىسى درامىلار ئۈچۈن ئىشلىگەن باشلىنىش مۇزىكىلىرىغا ئۈلگە بولالايدۇ.

ئابلىزخان ماموتنىڭ ناخشىدا ئاۋازى ساپ ۋە ياڭراق بولۇپ، خەلق ئارىسىدا ئۇ مۇقام مۇقەددىمىسى، داستان ۋە مەشرەپ ئاھاڭلىرىنى ئورۇنداش بىلەن ئالقىشقا ئېرىشكەن. بولۇپمۇ «رۇخسار مۇقامى»نى ئورۇنداش بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ يالغۇز ئۇيغۇر ناخشا-سازلىرىغا ئۇستا بولۇپلا قالماستىن، ئىسكىرىپكا بىلەن قازاقچە ناخشا-ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىنى، چاڭ بىلەن خەنزۇ خەلق ئاھاڭلىرىنى، دۇتار-تەمبۇردە ئۆزبېك، تاتار، قىرغىز، شىبە خەلق ئاھاڭلىرىنىمۇ ماھىرلىق بىلەن ئىجرا قىلالايتتى. تىرىشچان، كەمتەر، خۇشچاقچاق بۇ تالانت ئىگىسى ئېغىر كېسەل بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ئېلىشقاندىن كېيىن، 1983-يىلى 5-سېنتەبىر، 53 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان①.

(رەتلىگۈچى: مەمتىمىن ھوشۇر)

---

① ئابلىزخان ماموتنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى بۇ قىسمىنى يېزىشتا سىراجىدىن ئىسرايىل، مۇختەر قۇربانلارنىڭ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 84-يىل 2-سانىدا ئېلان قىلغان «ئەل قەلبىدىكى سەنئەتكار» دېگەن ماقالىسىدىن پايدىلىنىلدى.

# ئۆمەر قارىي

داڭلىق ئەلنەغمىچى ۋە خەلق قوشاقچىسى ئۆمەر قارىي 1935 - يىلى قۇمۇل شەھىرى يۇقىرى ئاقيەر مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۆمەر قارىي بەختكە قارشى قىرقى ئىچىدە كۆز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان، بەش ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنىڭ ئاتىسى نىياز موللىمۇ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن، شۇنىڭدىن باشلاپ ئانا - بالا تولىمۇ قىيىن شارائىتتا تۇرمۇش كەچۈرگەن. بىر يىلدىن كېيىن ئۆمەر قارىينىڭ ئانىسى قارىنىللىق تۆمۈر غوجامنىيازغا ياتلىق بولغان. تۆمۈر غوجامنىيازنىڭ ئانىسى روزى قىز موما قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدىكى داڭلىق ئايال نەغمىچىلەردىن بولۇپ، ئۇنىڭ گۆدەك ئۆمەر قارىيغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان.

ئۆمەر قارىي ئەما بولسىمۇ زېھنىي ئۆتكۈر، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى يۇقىرى، ئاۋازى يېقىملىق ھەم ياڭراق ئىدى. ئادەتتە روزى قىز موما غىڭشىپ مۇنداقلا ئېيتىپ قويغان ناخشىلارنىمۇ ئۆمەر قارىي ئۇنىڭ نازۇك شۆلىرىغىچە زەن قويۇپ ئۇنىئالغۇدەك تۇتۇۋالغان. ئۇنىڭ بۇ خىل ئۆتكۈر زېھنىگە قايىل بولغان باشقا كىشىلەرمۇ ئۆزلىرى بىلىدىغان ناخشا، قوشاق، ھېكايە، چۆچەكلەرنى ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويۇشقا خۇشتار ئىدى. ئۇ ئالتە يېشىدا دىنىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىپ، ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا «قۇرئان» نىڭ ئون ئىككى پارىسىنى پىششىق يادلىۋالغان.

بىراق ئەينى ۋاقىتتىكى جاھالەتلىك تۈزۈمۈش ئۇنى دىنىي ئوقۇشتىنمۇ مەھرۇم قىلىپ، ياشىنىپ قالغان ئانىسى بىلەن تىلەمچىلىك قىلىپ ياشاشقا مەجبۇرلىغان. ئازادلىقتىن كېيىنلا ئۇنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ، سەنئەت ھاياتمۇ يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويغان. ئۇ ئەنە شۇ مەزگىللەردە مەشھۇر ئەلنەغمىچىلەر ئاخۇنبەگ ۋە ئاقپاشا ئاكىدىن غېجەك ۋە داپ چېلىشنى، مۇقام ۋە بېيىت، قوشاق ئېيتىشنى ئۆگەنگەن. ئۇ يېتىلگەن ماھارىتى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا تېزلا تونۇلۇشقا باشلىغان.

ئۆمەر قارىنىڭ ئايالى مارىخان ئېيتقاق (ئەلنەغمىچى) ئايال بولۇپ، ئۆمەر قارىي غېجەك بىلەن، مارىخان داپ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىشى بىلەن توي-تۆكۈنلەرگە بېرىپ قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ھەر خىل چۇشۇرگىلىرىدە يېقىملىق ھەم شوخ ناخشىلارنى ئېيتىپ مەشرەپلەرگە ھۆسن قوشقان. مارىخانىنىڭ ئەلنەغمىچى، قوشاقچى ۋە بېيتچى بولالىشىدا ئۆمەر قارىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولغان.

ئۆمەر قارىي ۋە مارىخان 1980-يىلى شەرقىي شىنجاڭ بويىچە قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشقان ۋە زور تەسىر پەيدا قىلغان. 1988-يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان شەھەر ئىچى پالۋانتۇر يېزىلىرى تەۋەسىدىكى مەشھۇر ئەلنەغمىچىلىرىنى ئاساس قىلىپ قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى قايتا ئۇنئالغۇغا ئېلىش، رەتلەش، تولۇقلاش خىزمەتلىرىگە قاتناشقان ھەمدە «قۇمۇل نەزمىلىرى»نى توپلاش، رەتلەش، سېلىشتۇرۇش جەريانىدىكى بارلىق پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، 2000كۇپلېت قوشاق ئېيتىپ بەرگەن.

1993-يىلى ئاۋغۇستتا قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، مۇقامشۇناس ئالىملار ھەم

ھەر ساھە ۋەكىللىرى ئالدىدا قۇمۇل ئون ئىككى مۇقاملىرىدىن ئورۇنداپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

(رەتلىگۈچى: ئېلى ئىسمايىل، مەمەت ئېلى)



# ئېلى ئېزىز



ئېلى ئېزىز سەھنە سەنئىتى بىلەن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك شۇغۇللانغان. مۇقام ۋە ئەلنەغمە سەنئىتىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان، مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئاساس قىلىپ بىر مۇنچە تىياتىر ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، شۇنداقلا سەنئەت ساھەسىدە يېتەكچىلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بەلگىلىك ئەجىر سىڭدۈرگەن تۆھپىكار ئەدىپ ۋە سەنئەتكار.

ئېلى ئېزىز 1922-يىلى قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىسىدا ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى خانلىق مەدرىستە شەرق ئەدەبىياتى كلاسسىكلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىلىم ئالغان كىشى ئىدى.

ئېلى ئېزىز ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى ئائىلىسى كۇچار ناھىيىسىگە كۆچۈپ كېلىدۇ. ئۇ كۇچار خەلقىنىڭ نەغمە-ناۋالىق، ئۇسسۇل-سامالىق مەشرەپ، بەزمە-تويلىرى ۋە باغ سەيلىسىدە مۇقام بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. بولۇپمۇ ئەينى يىللاردا نام چىقارغان بىر

تۇركۈم مۇقامچى، ئەلنەغمىچىلەر ئۇنىڭ سەنئەتكە بولغان چوڭقۇر ئىشتىياقىنى قوزغايدۇ. 1930-يىلى ئېلى ئېزىز كۇچاردىن باي ناھىيىسىگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. 1934-يىلى باي بازىرىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1938-يىلى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇيدۇ. ئۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چېغىدا بىر قانچە ناخشا-درامىنى ئۆگىنىپ، باي ناھىيىسىنىڭ سەھنىلىرىدە ئىجرا قىلىدۇ. دېمەك، ئېلى ئېزىزنىڭ سەنئەتكە بولغان تەلپۈنۈشى ۋە يالقۇنلۇق مۇھەببىتى ئاشۇ چاغلاردا پەيدا بولغان.

ئېلى ئېزىز ئازادلىقتىن كېيىن باي ناھىيىسىنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى ئالغا سۈرۈشكە ئاكتىپ كۈچ چىقىرىپ، سەنئەت ئۆمىكىنى قايتا تەشكىللەپ چىققان. 1951-يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، 1954-يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، 1957-يىلى شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل، دراما تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، سەنئەت ساھەسىدە ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى ياراتقان. يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، تەربىيىلەش، مۇقاملارنى قېزىش، رەتلەش، سەھنىگە ئېلىپ چىقىشتەك مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلەرنىمۇ جان پىدالىق بىلەن ئادا قىلغان. بولۇپمۇ ئۇ يېرىم ئەسىر داۋاملاشقان سەنئەت ھاياتىدا ئون ئىككى مۇقامنى ئۆگىنىش، دولان مۇقام مەشرەپلىرىنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇش، مۇقام شاگىرتلىرىنى تەربىيىلەش جەھەتتە ئالاھىدە زور كۈچ چىقارغان. ئۇنىڭ كلاسسىك مۇقاملارنى ھازىرقى زامان سەھنە سەنئىتىگە ئېلىپ كىرىشتە ياراتقان تۆھپىلىرىمۇ خېلى زور تەسىرگە ئىگە.

ئېلى ئېزىز سەنئەت يېتەكچىلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە مۇقامنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىدا ئۆزىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئەجرى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپلا قالماي، بەلكى تىياتىر ئىجادىيىتى جەھەتتىمۇ بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن

بىر ئەدىپ. ئۇ يازغان «قوللۇقتىن ئازاد» ناملىق مۇزىكىلىق دراما 1952-يىلى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت مۇسابىقىسىدا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ «تەگرىتاغ باتۇرلىرى»، «گۈلەمخان»، «نەفسە»، «دوستلۇق رىشتى» قاتارلىق تىراگىدىيە، ئوپېرالارنى يېزىپ ئېلان قىلغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك داستانى «غېرىب-سەنەم»نى قايتا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەپ زور تەسىر پەيدا قىلغان. يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىلىرى ئون ئىككى مۇقام، دولان مۇقامى ۋە خەلق مەشرەپ، داستان ئاھاڭلىرىدىن تاللانغان مىلودىيىلەر بىلەن سۇغۇرۇلغان. مانا بۇ پېشقەدەم سەنئەتكار ئېلى ئېزىزنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ئۇنى قېزىش ئىستىكىنىڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر. ئۇ يازغان نۇرغۇنلىغان ناخشا تېكىستلىرىدىمۇ مۇقام ئاھاڭ شۆبىلىرىنىڭ پۇراقلىرى چىقىپ تۇرىدۇ. «باھار قوشىقى»، «ئەللەي»، «دولان قىزى» قاتارلىق تېكىستلەردە دولان خودەك مۇقام مەشرەپ ئاھاڭى مىلودىيە قىلىنغان. بۇ نومۇرلار 1979-يىلى بېيجىڭدا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئېلى ئېزىز 50يىلدىن ئارتۇق سەھنە سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇقاملارنى قېزىش، رەتلەش، ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش جەھەتتە ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان، قەدىرلەشكە تېگىشلىك پېشقەدەم تۆھپىكار سەنئەتكار. گەرچە ئۇ ھازىر 70ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، يەنىلا قەلەمنى تاشلاپ قويماي ئۇيغۇر تىياتىر تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە يېڭى ئىجادىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش يولىدا ئىزدەنمەكتە.

(رەتلىگۈچى: مېھمانجان روزى)

# ئەسەت مۇختار



ئەسەت مۇختار ئاتا بوۋىلىرىدىن تارتىپ بىر نەچچە ئەۋلاد ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى ئۆگىنىش، ساقلاش، تارقىتىش ۋە دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ كېلىشتەك ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان داڭلىق مۇقامچىلاردىن بىرى.

ئەسەت مۇختار 1938-يىلى قۇمۇل شەھەر پالۋانتۇر يېزا يۇقىرى مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ بوۋىسى مەمەتنىياز دورغا مۇھەممەت بېشىرۋاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن كىشى بولۇپ، پالۋانتۇر تەۋەلىكىنىڭ دورغىسى، شۇنداقلا ئەينى زاماندا ئەڭ داڭ چىقارغان مۇقامچى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى بىلەن ھېسابلاشماي، خەلق ئاممىسى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ھەر خىل توي-تۆكۈن، مەشرەپ-باراۋەتلەردە باشلامچىلىق بىلەن ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ خەلقنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇش بىلەن بىرگە، ئەلنەغمىچىلىك ھاياتىدا كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان.

مەمەتنىياز دورغىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى تۆمۈر نىياز تۆەنجاڭ (ئاتىسىدىن كېيىن دورغا بولغان)، دورغا تۇرسۇن، باقى دېھقان (بۆرە باقى) قاتارلىقلار دادىسىنىڭ بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىشى ۋە تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ بىرى داپنى چالسا، بىرى راۋابنى، يەنە بىرى غېجەكنى چېلىپ، مۇقام توۋلاپ، ناخشا ئېيتىپ پالۋانتۇر يېزا تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن قۇمۇل بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغ ئارىسىدا خەلققە تونۇلغان ئەلنەغمىچىلەردىن بولۇپ قالغان. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە دورغا تۇرسۇن بىلەن باقى دېھقاننىڭ ئەلنەغمىچىلىك ساھەسىدىكى تەسىرى زور بولۇپ، ئۇلار شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئوردا ئەلنەغمىچىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

مەيلى ئوردا ئىچىدىكى بەزمە-مەشرەپ ياكى خەلق ئىچىدىكى توي-تۆكۈن مەرىكىلەردە بولسۇن، ئۇلار قاتناشقان ھەر قانداق سورۇن ئالاھىدە جانلىنىپ قىزىپ كەتكەن.

ئەسەت مۇختارنىڭ دادىسى مۇختار ئاخۇنۇم خەلق ئەلنەغمىچىلىكىگە ناھايىتى ھەۋەسمەن، ئىلغار پىكىرلىك، تەرەققىيپەرۋەر، خۇش مۇئامىلە كىشى بولغاچقا، مۇقامچىلارنى ھۆرمەتلەيتتى.

مانا مۇشۇنداق ياخشى ئائىلە مۇھىتىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەسەت مۇختار كىچىكىدىن باشلاپلا خەلق ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتىنى ئۆگىنىپ، ئەجدادلىرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سەنئەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشقا بەل باغلىغان ۋە بۇ ساھەدە توسۇپ بولمايدىغان بىر خىل قىزغىنلىق ھەم ھېرىسمەنلىك بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، پىشقەدەم مۇقامچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغىنچە بولغان بىر نەچچە يىل ئىچىدە قۇمۇل غېجىكى، قۇمۇل راۋابى سىكرۇپكا، سۇناي، داپ، ناغرا قاتارلىق بىر قانچىلىغان چالغۇلارنى چالالايدىغان ۋە قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇقام ۋە چۇشۇرگە تەركىبلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئېيتالايدىغان سەۋىيىگە

يەتكەن. بۇ جەرياندا ئۇنىڭغا نەۋرە ئاكىلىرىدىن گۈلزامان تۇرسۇن (تۇرسۇن دورغىنىڭ ئوغلى) يەدىگاباقى (باقى دېھقانىنىڭ ئوغلى) قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىسى كۈچلۈك بولغان. گۈلزامان تۇرسۇن ۋە يەدىگا باقىلار ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قۇمۇلدا تونۇلغان مۇقامچىلاردىن ئىدى.

ئەسەت مۇختار 60 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 70 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئاخۇنبەگ، ئاقپاشا قاتارلىق داڭلىق مۇقامچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقام ناخشا-كۈيلىرىنى، تېكىست تەركىبلىرىنى تېخىمۇ سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامنى ئاھاڭ، تەركىب، تېكىستلىرى بىلەن تولۇق ئىپتالايدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد داڭلىق ئەلنەغمىچىلەر ئىچىدىكى ئەڭ قابىل مۇقامچىغا ئايلانغان.

1980 - يىلى شەرقىي شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشقان. 1963 - يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىلەن قۇمۇل رادىئو ئۇزىلى ئۇيۇشتۇرغان قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش ۋە لېنتىغا ئېلىش پائالىيىتىگە قاتناشقان. شۇنداقلا 1988 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان شەھەر ئىچى ۋە پالۋانتۇر يېزىلىرىدىكى داڭلىق ئەلنەغمىچىلەرنى ئاساس قىلىپ قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامنى قايتا ئۈنئالغۇغا ئېلىش، رەتلەش، تولۇقلاش خىزمىتىگە قاتنىشىپ ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. 1989 - يىلى مەملىكەت بويىچە «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈچ چوڭ توپلىمى» نى تۈزۈش خىزمىتى باشلانغاندا، شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن «قۇمۇل شەھەر خەلق قوشاقلىرى توپلىمى» نى تۈزۈش گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، بۇ خىزمەتتە ئاكتىپ رول ئوينىغان. 1992 - يىلى ئاستانا يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى يۇسۇپ غازىنىڭ تەشەببۇسى

بىلەن قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، بىر ئاي 35نەپەر مۇقام ھەۋەسكارىنىڭ قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى « قۇمۇل نەزمىلىرى»دە قېلىپلاشتۇرۇلغان قىياپىتى بويىچە ئۆگىنىش، تولۇقلاش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. 1993 - يىلى ئاۋغۇستتا قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن قۇمۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان ھەمدە قۇمۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى مەشرەپ پائالىيىتىدە « يالغۇز توي مۇقام » « دۇئا مۇقامى » لىرىنى چۈشۈرگىلىرى بىلەن ئورۇنداپ، ھەر ساھە ۋەكىللىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

1963 - يىلدىن تا ھازىرغىچە ئۇ ئورۇندىغان قۇمۇل ئون ئىككى مۇقام ناخشىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىئو ئىستانسىسى، قۇمۇل شەھەرلىك، ئارا تۆرۈك ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىللىرى تەرىپىدىن ئاڭلىتىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

ھازىر ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

(رەتلىگۈچى: مېھمانجان روزى)



# ئەمەت ئىسمائىل



ئەلنەغمىچى ئەمەت ئىسمائىل 1935-يىلى قۇمۇل شەھەر ئىچى ئالتۇنلۇق مەھەللىسىدە دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 12 يېشىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولۇپ ساۋادىنى چىقارغان ھەمدە سوپى ئاللايار ۋە ئەخمەت يەسەۋىلەرنىڭ ھېكمەتلىرى بىلەن تونۇشقان. ئەمما ئۇنىڭ ئاتىسى ئەينى ۋاقىتتا قۇمۇلدا زور تەسىرگە ئىگە ئىشان ئىدى. ئۇ ھۆكمەت ئوقۇش، ۋايىزلىق قىلىشنى ئۆگەنگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ شۇ مەزگىللەردىلا ھۆكمەت ۋە ھاپىزلىققا قارىغاندا خەلق ناخشا مۇقاملىرىغا تېخىمۇ بەك قىزىققان، شۇنىڭ بىلەن گاھى ئاشكارە گاھى يوشۇرۇن ھالدا ئەلنەغمە ناخشىلىرى ۋە قۇمۇل ئون ئىككى مۇقام چۇشۇرگىلىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن.

ئازادلىقتىن كېيىن، خەلق ئەلنەغمىچىلىكىگە بولغان ھېرىسمەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئاخۇنبەگ ئاكا، ئاقپاشا قاتارلىق مەشھۇر مۇقامچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ھەر خىل توي-تۆكۈن، مەشرەپ، سەيلى-باراۋەتلەرگە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ سەنئەت ئىقتىدارىنى تېخىمۇ

مۇكەممەللەشتۈرۈپ، داپ، غىجەك، قۇمۇل راۋابى قاتارلىقلارنى چالالايدىغان بولغان، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى پۈتۈن يۈرۈشلىرى بىلەن مۇكەممەل ئۆگەنگەن. 1957 - يىلى قۇمۇل پالۋانتۇر يېزىسىغا كۆچۈپ چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ، 1957 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە 6 قېتىم پالۋانتۇر يېزىلىق ئەدەبىيات-سەنئەت تەشۋىقات كۇرسىغا قاتناشقان. 1958 - يىلى قۇمۇل ناھىيىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرى كۆرىكىدە نەتىجىگە ئېرىشكەن. 1980 - يىلى شەرقىي شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشقان. 1988 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى ئويۇشتۇرغان شەھەر ئىچى ۋە پالۋانتۇر يېزىلىرىدىكى داڭلىق ئەلنەغمىچىلەرنى ئاساس قىلىپ قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى قايتا ئۇنئالغۇغا ئېلىش، رەتلەش،تولۇقلاش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 1 - نۆۋەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان، 1986 - يىلى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يېزىسى ئالتۇنلۇققا كۆچۈپ كەلگەن ۋە شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەلنەغمىچىلەر كۆرىكىگە قاتنىشىپ، 2 - دەرىجىلىك مول-ھوسۇل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئازادلىقتىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان بىر قانچە قېتىملىق قۇمۇل مۇقاملىرىنى رەتلەش، توپلاش، سىنئالغۇغا ئېلىش خىزمەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئاكتىپ رول ئوينىغان. ئۇ ئورۇندىغان قۇمۇل ناخشىلىرى، مۇقاملىرى ئاپتونوم رايونلۇق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىئو ئىستانسىسى، قۇمۇل شەھەرلىك، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى تەرىپىدىن ئاڭلىتىلىپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن. 1989 - يىلى مايدا ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قۇرۇلتىيىغا ۋە 1993 - يىلى ئاۋغۇستتا قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن قۇمۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان ھەمدە قۇمۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى مەشرەپ پائالىيىتىدە خۇپتى مۇقامى قاتارلىق

مۇقاملارنى ئوروۇنداپ، ھەر ساھە ۋەكىللىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازەۋەر بولغان ھەمدە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ سەممىي قوبۇل قىلىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

ھازىر ئۇ ئاپتونوم رايونىزنى خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

(رەتلىگۈچى: مېھمانجان روزى)

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەريەم مەتمىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: رىزۋان تۇردى

## مۇقام پېشۋالىرى

تۈزگۈچى: ئابدۇكېرىم راخمان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى 348№)
«بوغدا» ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى
شىخو ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى: 10.875 قىستۇرما ۋارىقى: 6
1995-يىل 9-ئاي 1-نەشرى
1995-يىل 9-ئاي 1-بېسىلىشى
تىراژى: 1——1100
ISBN7-228-03468-6/I.1227
باھاسى: ئاددىي مۇقاۋىلىقى: 19.60 يۈەن
قاتتىق مۇقاۋىلىقى: 21.80 يۈەن

责任编辑：玛丽亚木·买买提明
封面设计：热孜万·吐尔地

木卡姆先驱们（维吾尔文）

阿布都克里木·热合曼　编

策划：新疆维吾尔自治区十二木卡姆研究学会

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮政编码：830001）
«博格达»电子排版中心排版
乌苏县印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本10·875印张6插页
1995年9月第1版　1995年9月第1次印刷
印数：1——1100

ISBN7—228—03468—6/I.1227　定价：平装19·60元
精装21·80元